يۈسۈپجان كەنجى مۆكەررەم




# قاناتلىق روھ

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غەيرەت خالىق

كىم چۈشەنسە ئالەم سىرىنى،
ئاڭلايدۇ كۆڭۈل كىرىنى.
ئاداشقۇ تىلەر نادانغا دەسسە،
ئاقىل تىلەر ئەلنىڭ قەدرىنى.



ISBN 7-5373-1535-3

9 787537 315357 >

ISBN 7－5373－1535－3
（民文）定价：11.00元

يۈسۈپجان كەنجى مۆكەررەم

# قاناتلىق روھ

( رومان )

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

翱翔的灵魂/玉素甫江·坎吉著·—喀什:喀什维吾尔文出版社,2006.7
ISBN 7—5373—1535—3

Ⅰ.翱… Ⅱ.玉… Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 083872 号

责任编辑:图尔迪·库尔班·亚米古尔
责任校对:坎拜尔古丽·吾斯曼

翱翔的灵魂
(长篇小说)

作者:玉苏甫江·坎吉·木卡尔热木

---

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路 14 号　邮编 844000)
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
880×1230 毫米　1/32 开本 5.875 印张 2 插页
2006 年 7 月第 1 版　2006 年 7 月第 1 次印刷
印数 1——3080　　定价:11.00 元

---

如有质量问题,请与我社联系调换。电话:0998—2653927

这部长篇小说主要描述属于社会各层次的人物形象，来反映改革前后的人民生活，人民的精神面貌，经济在人际关系中的作用，爱情与品质的关系等方面。


مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇردى قۇربان يامغۇر
مەسئۇل كوررېكتورى: قەمبەرگۈل ئوسمان


# قاناتلىق روھ

(رومان)

ئاپتورى: يۈسۈپجان كەنجى مۆكەررەم


قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغوز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880×1230مم، 1/32
باسما تاۋىقى: 5.875 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 - يىل 7 - ئاي 1- نەشرى
2006 - يىل 7 - ئاي 1- بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3080

ISBN7 — 5373 — 1535 — 3
باھاسى: 11.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 0998 — 2653927

# نەشرىياتتىن

شائىر ۋە يازغۇچى يۇسۇپجان كەنجى مۇكەررەم 1953- يىل 6- ئايدا ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئازاق يېزا تېجەن كەنتىدە قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1976- يىلى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پېداگوگىكا مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ، ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشتە ئىشلىگەن. 1979- يىلى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە يۆتكەلگەن؛ 1987- يىلى «قىزىلسۇ گېزىتى» ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ، مۇخبىر، مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن؛ 1988- يىلى يەنە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە يۆتكىلىپ، مەمۇرىي سوت كوللېگىيىسىدە سوتچى بولغان؛ 2002- يىلى مەھكىمە تەتقىقات ئىشخانىسىغا يۆتكىلىپ ئىشلەپ، 2003- يىلى پېنسىيىگە چىققان.

يۇسۇپجان كەنجى مۇكەررەم 1979- يىلى «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «ياشلىقىم» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. ئۇ شۇنىڭدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا 250 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، «روھ يالقۇنى»، «سۇبھى قەبرىسى» ناملىق ئىككى پارچە لىرىك داستان، «جۇدالىق غەزەللىرى» نامىدا بىر يۈرۈش غەزەل؛ «ھازىدار روھ»، «مەڭگۈلۈك بىشارەت» قاتارلىق 12 پارچە ھېكايە، «كۆك ئاسمان»، «كۆچكەن قۇيۇن» قاتارلىق پوۋېست؛ «شېئىر ھاياتىي كۈچكە موھتاج»، «سودىيىلەر روھىي ساغلاملىقىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك» قاتارلىق توققۇز پارچە ئىلمىي ماقالە؛ «پۇشايمان يېشىنى يۇغان قان» قاتارلىق بەش پارچە ئەدەبىي ئاخبارات ئېلان قىلدۇرغان.

قولىڭىزدىكىسى ئاپتورنىڭ تۇنجى رومانىدۇر.

# كىرىش سۆز

سىز كىم؟ ئۆزىڭىزنى ئاز - تولا چۈشىنەمسىز؟ نەچچە ياشلارغا كىرگەنسىز؟ ئاتا - ئانىڭىز ھاياتمۇ ياكى ئاخىرەتكە سەپەر قىلغانمۇ؟ ئۇلارنىڭ يېشىغا بېرىشىڭىزغا يەنە نەچچە يىل قالغاندۇ؟ ئارزۇيىڭىزدىكىدەك ياشاۋاتامسىز؟ ئارمانغا چۈشلۈق دەرمانىڭىز بارمۇ؟ ھاياتلىق سەپىرىڭىزدە نېمىنى خاتا قىپسىز؟ خەلق سىزدىن پەخىرلەنگۈدەك، ئۆزىڭىزدىن ئۆزىڭىز رازى بولغۇدەك بىرەر ساخاۋەتلىك ئىش قىلالىدىڭىزمۇ؟

بىرەر كېچە ئۇيقۇدىن كېچىپ تۈنەپ، تەبىئەت بىلەن ھاياتلىق مۇناسىۋەتلىرىنى كۆزىتىپ، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈڭ. ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەرگە مۇھەببەتلىك نەزىرىدە قاراڭ. شەيئىلەردىن مەنە ئىزدەڭ. تەبىئەتنى گويا جاننى ئەزىزلىگەندەك سۆيۈش قىزغىنلىقىنى يېتىلدۈرۈڭ. شەيئىلەرگە قىزغىن بولۇڭ. يېيىش - ئىچىش ھۇزۇرى روھنى چۈشكۈنلەشتۈرىدۇ. نوقۇل ماددىي بايلىق قىزغىنلىقى ۋۇجۇدنى بىخۇدلاشتۇرىدۇ. نادانلىق كۆڭۈلنى تەلۋىلىككە باشلايدۇ. پەقەت بىلىش ھۇزۇرى سىزگە ھەقىقىي بەخت لەززىتىنى ھېس قىلدۇرالايدۇ. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى ئاز - تولا چۈشىنىشنى خالىسىڭىز، ھاياتىڭىزغا مەلۇم دەرىجىدە مەنىلىك مەزمۇن سىڭدۈرۈشنى ئىستىسىڭىز، تېرەن مەنىلەرنىڭ ھۇزۇرىدىن قانغۇچە كۇلۇش ئىشتىياقىدا بولسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ روھىي ھالىتىنى، مەنىۋى جەھەتتىكى ساپايىڭىزنى، ئەخلاق - پەزىلىتىڭىز ۋە ئېتىقادىڭىزنىڭ قايسى

دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلىشنى خالىسىڭىز بۇ ئەسەرنى ئوقۇپ چىقىڭ. مۇئەللىپ كاپالەت بېرىدۇكى، ئەسەرنىڭ مەنىۋى لەززىتى روھىڭىزنى ئۇرغۇتۇپ، سىزگە يېڭىچە ئىلھام بەخش ئېتىدۇ. ئۆزىڭىز ھەققىدە قايتا - قايتا ئويغا سېلىپ، ئۆزىڭىزنى بىلىش، ھاياتىڭىزنى قەدىرلەش تۇيغۇڭىزنىڭ ئويغىنىشىغا تۇرتكە بولىدۇ.

كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردە قەدرىڭىزنى ساقلاپ، ھاياتلىق دولقۇنلىرىدا ئۆزىڭىزنى سۆيەمسىز؟ بىردەملىك ھاياجان شەكىللەندۇرگەن ئەسەبىي قىزغىنلىق ئالدىدا ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋالالامسىز؟ ھامان بىر كۈنى بۇ دۇنيادىن كېتىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنەمسىز؟ ھايۋانلار مەردانە، سېخىي كېلىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئىنسانلار ئۈچۈن بېغىشلايدۇ. لېكىن، ئاڭسىزلىقى تۈپەيلى ئۆلۈشنى بىلمەسلىكى مۇمكىن، ئىنسانلار بولسا ئۆلۈشنى بىلىدۇ. ئەپسۇس، ئۇلارنىڭ بىر قىسىملىرى ئۆلمەيدىغاندەك ئاچ كۆزلۈك بىلەن بەسلىشىپ، شۈكۈر - قانائەتسىزلىك بىلەن ياشايدۇ. بۇ تەبىئەتنىڭ، تەڭرىنىڭ ئۇلارغا بەرگەن ئەڭ چوڭ جازاسى بولسا كېرەك.

ئۆمرىنى مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ، كۆپ رىيازەت، جاپالار بىلەن روھىنى پاكلاشتۇرغان، تالاي كېچىلەرنى كىتابلار دۆۋىسى ئارىسىدا كۆز يۇمماي، بىلىش ئىشتىياقىدا تاڭنى تاڭغا ئۇلاپ، سۇبھىنى كۈتۈۋالغان، ھاياتلىق كارۋىنىنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس ئارمانلىرىغا تەبىئەتتىن، كەڭ دالىدىن داغدام يول ئىزدىگەن، ئوڭۇشسىزلىقلارغا چىدام - غەيرەتلىك بولۇش روھىنى تىكلىگەن، زېھنى ئوچۇق، كۆزى توق، ئادەملەرنى تەڭ كۆرۈپ، ئوخشاش مۇئامىلىدە بولۇشقا ئادەتلەنگەن، سىزگە شۇنچە يېقىن يەردە تۇرسىمۇ ئەمما ناتونۇش، شىجائەت- جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان، مەردانە بىر ئادەم بىلەن يۈزەكى بولسىمۇ تونۇشۇپ باققۇڭىز بارمۇ؟ ئىشىنىمەنكى، ئۇ سىزگە كۆپ تەرەپلىمە نەپ بېرىدىغان، ئەڭ ۋاپادار، ئەڭ ساداقەتمەن ئۇلپەت ۋە سىرداش دوست بولۇپ قالغۇسى.

## 1 :

سەھەر، سۈزۈك ئاسمان سەتھىدە يۇلتۇزلار شالاڭ ۋە دانە- دانە
كۆرۈنەتتى. ئۇپۇق سۇس ئاق - قىزىل رەڭدە جىلۋە قىلاتتى. يېقىم-
لىق تاڭ شامىلى كىشىگە ھۇزۇر بەخش ئېتەتتى. يېشىل مايسا، نەم
تەبىئەت، تەكشى ئېچىلغان ئاپئاق ئازغان گۈللىرى ئەتراپقا خۇش
پۇراق چاچاتتى. ئۆستەڭ بويىدىكى قاتار- قاتار كەتكەن يەر سۆگىتى-
نىڭ نازۇك بوستان تاللىرى سەھەرنىڭ مەيىن شامىلىدا يېيىلىپ،
ئانا باغرىدا ئەركىلىگەن ئوماق بالىدەك تەبىئەت قوينىدا لەرزان تەۋرى-
نەتتى. سادىر ئادىتى بويىچە ئۆستەڭ بويىنى ياقىلاپ مېڭىپ، چوڭ
ئېتىزنىڭ قىرىغا بۇرۇلدى. ئادەمنىڭ مەستلىكى• كەلگۈدەك تەكشى
تاختا بولغان بۇغدايلىق ئۆزىگە مۇشۇنداق خاسىيەتنى بەخش ئېتىپ
ئۆستۈرگەن زېمىنغا، ئەركىلىتىپ سۆيگەن تاڭ شامىلىغا، ھاياتلىق
ۋە كۆركەم رەڭ بېغىشلىغان سېخىي قۇياشقا، پۇتكۇل ئەجىر- مېھنە-
تىنى سىڭدۈرگەن دېھقانغا تەلپۈنۈۋاتقاندەك چايقىلاتتى. تەنھالىقتا
تولىمۇ بەختىيارلىقتا چۆمگەن سادىر شۇ تاپتا ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇ-
غاندى، يىراقلارغا قاراپ كېرىلەتتى. كۆڭلىنىڭ قانداقتۇر چوڭقۇر
قاتلاملىرىدا بىخلىنىۋاتقان، ئۆزىمۇ ئېنىق ھېس قىلالمايۋاتقان بىر-
خىل قىزغىنلىق ئۇنىڭ يېڭى ئۇچۇرما بولغان قۇش بالىسىدەك سەبىي
كۆڭلىنى ئۆزىگە ناتونۇش ياقلارغا باشلايتتى. تىنچ كۆڭلىنى بۇنداق
داۋالغۇتۇۋاتقان سەۋەب ۋە نازۇك تۇيغۇلارنىڭ چىن مەنىسىنى بىلەل-
مەيتتى. كائىناتقا نۇر تۆككۈچى سېخىي قۇياش، ساپ ھاۋا، ھەممى-
نى يارىتقۇچى مېھرى بىلەن پەرۋىش ئەيلەپ، مۇرادىغا يەتكۈزۈپ،

كەڭرى قوينىدا شەپىسىز يوقاتقۇچى ئۇلۇغ يەر- زېمىننى قۇدرەتلىك
تەڭرىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۇزاقتىن - ئۇزاق خىيالغا پاتاتتى. روھىي
بىخۇد كالۋالارنى دانىشمەن، تەلەتى بەتبەشىرە سەتلەرنى گۈزەل،
قورقۇنچاق، لاياقەتسىزلەرنى ئەل بېشى، خەلقنىڭ تەلۋە، نادان دۈش-
مەنلىرىنى خەلقنىڭ پاسىبانى قىلىش قۇدرىتىگە ئىگە پۇلنىڭ كۈچى
ئۈستىدە ئويلىنىپ، ئۆزىمۇ بىلمەي ئىچ - ئىچىدىن كۈلەتتى. ئۇنىڭ
ساددا ۋە ئاددىي قارىشىچە كىشىلەر پۇلنى بارلىق جانلىقلارنىڭ ياشاش
ۋە قۇدرەت تېپىش مەنبەسى بولغان قۇياشتىنمۇ، بىر تىنىقتىن قالسا
جان كېتىدىغان ھاۋادىنمۇ مۇھىم بىلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. پۇل، مال-
دۇنيا ئۇچۇن جەڭگە كىرىشكە تەييار تۇرسىمۇ ھاياتلىق ئۇچۇن مۇھىم
بولغان قۇياش، ھاۋادەك ئۇلۇغ مەنبە توغرۇلۇق ھېچكىمنىڭ خىيالى-
غا ھېچنېمە كىرمەيتتى، ھەتتا كىشىلىك مۇناسىۋەتتىمۇ ئازغىنە پايدا-
مەنپەئەتنى دەپ ئۆزىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى، ئىناۋەت، ئىمتىيا-
زىنى ئويلىشىدىغانلار كەمدىن - كەم تېپىلاتتى. دېمەك، نادان-
لىقى تۈپەيلىدىن كىشىلەر ئەمەلىيەتتە كۆپ زىيان تارتىپ، ئاز پايدا
ئالاتتى...

سادىر ھەدېسە يۇقىرىقىدەك مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۇزاقتىن- ئۇزاق
ئويلىناتتى. تەبىئەت بىلەن جانلىقلار، جانلىقلار بىلەن جانلىقلار ئوت-
تۇرىسىدىكى قانۇنىيەتلىك مۇناسىۋەتلەرنى توغرا، ئىلمىي چۈشىنىش
تەشنالىقىدا تىنىمسىز ئىزدەنسىمۇ، يەنىلا ماھىيەتلىك بىلىشكە ئېرى-
شەلمەي، ھېس قىلغانلىرىغا قانائەتلەنمەي، ياخشى ئوقۇشنىڭ، جاپا-
لىق پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلاتتى. تەن بىلەن
جان، جان بىلەن روھنىڭ مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە تەگسىز خىياللار-
نى سۈرەتتى. ئەقىل بىلەن ھېسسىيات، ئەقىل بىلەن بىلىم ئوتتۇرى-
سىدىكى پەرقنى ئىلمىي چۈشەنەلمەي قاپىقى تۈرۈلەتتى. جۈپ- جۈپ
ئوماق قۇشلارغا، يۇمران مايسىلارغا، نازۇك، رەڭدار چېچەكلەرگە
ھەۋەسلىنىپ قاراپ، ھاياتلىقنىڭ سىرلىرى ھەققىدە تەسەۋۋۇر تولپا-
رىنى چاپتۇراتتى.

سادىر ئادەتتىن تاشقىرى كەم سۆز، خىيالچان يىگىت ئىدى،
كۆرگەنلا نەرسىگە قىزىقاتتى، نېمىنى ئاڭلىسا مەنىسىنى بىلىشكە
تىرىشاتتى. ئىشنى ئەستايىدىللىق بىلەن، يەنى ھەممىنى كۆڭلىدىكى-
دەك قىلاتتى. ئۇنىڭ تۇرمۇشتىكى مۇناسىۋەت ئادەتلىرى راستىنلا
غەلىتە ئىدى. ئايرىم كىشىلەر بىلەن بەزىدە شۇنچە قىزغىن ئەھۋاللى-
شىپ، پاراڭلىشىپ كەتسە، بەزىدە سالاملاشمايلا ئۆتۈپ كېتەتتى. بۇ
خىل روھىي ھالەتنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۆزىمۇ دەمال ئاڭقىرىپ كەتمەيت-
تى. ئۇنىڭ كۆڭلى ھەممىگە بىردەك يورۇق ئىدى. باشقىلارغا ياخ-
شىلىق قىلالمىسىمۇ ھەرگىز يامانلىق قىلىش غەرىزىدە بولمايتتى.
ئۇنىڭ قارىشىچە، كىملەر بىلەندۇر دوست تارتىپ، يەنە كىملەر
بىلەندۇر دۈشمەنلىشىپ ئۆتۈشنىڭ پەقەتلا زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى.
ئۇچرىشىش پۇرسىتى، ئۇچراشقاندا سىردىشىش كەيپىياتى بولسىلا
ھەممە ئادەم بىلەن چىقىشىپ ئۆتكىلى بولاتتى. باشقىلارنىڭ ئەيىبى-
دىن رەنجىش نادانلىق ئىدى. مەيلى قەھرىتان سوغۇق ياكى سەرەتان
تومۇز كۈنلىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ ئادىتى تاڭنى خۇشال
كۈتۈش ئىدى. تاڭ — سۇبھى ئىككى خىل دۇنيانىڭ، ئىككى كۈننىڭ
پاسىلى، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ چەك - چېگرىسى ئىدى.

ئۇپۇق قىزىرىپ، قۇياش زېمىنغا كۈلۈپ باققاندا، سادىر ئىل-
ھام، قىزىقىش، تەسەۋۋۇر دۇنياسىدىن رېئال تۇرمۇش قوينىغا قاي-
تىپ كەلدى. مۇئەللىم تۇنۇگۈن ئوقۇغۇچىلارغا بۈگۈن توقاي سۇ
ئامبىرىغا خالىسانە ئەمگەككە قاتنىشىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغانىدى. سا-
دىر ئوقۇتقۇچىنى بەكمۇ ھۆرمەت قىلاتتى. ھەربىر سۆزىنى بۇيرۇق
دەپ بىلەتتى. سادىرنىڭ نەزىرىدە پەقەت ئوقۇتقۇچىلا مائارىپنىڭ
ئاساسى ئىدى. مائارىپنى ۋاستە قىلغان ئوقۇتقۇچى ئىنسانىيەتنىڭ
روھىي دۇنياسىغا مەڭگۈلۈك چىراغ ياققۇچى، ھاياتلىق سەپىرىدىكى
ھەربىر مەقسەتكە مۇۋەپپەقىيەتلىك يېتىشنىڭ، كەلگۈسى پارلاق مەن-
زىلنىڭ نۇرلۇق مەشئىلى ئىدى. سادىر ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى ھەر-
گىزمۇ گۈزەل ھېسابلىمايتتى، پەقەت كەلگۈسىنى يارىتىش ئىستىكى-

ـدە ياناتتى. ئۇنىڭچە، كەلگۈسى ئاجايىپ رەڭدار، چۈشىنىشلىك گۈزەل بىر دۇنيا، مول مەزمۇنلۇق ئىلمىي تۇرمۇش ئىدى.

سادىرنىڭ ئائىلىسى شەھەرگە يېقىن بىر كەنتتە بولۇپ، ھەر كەچتە ئائىلىسىگە قايتىپ، ئەتىگەندە مەكتەپكە باراتتى. ئۇ مەكتەپكە بېرىپ - كېلىدىغان يول تولىمۇ خىلۋەت، ساپ ھاۋالىق ئىدى. ئۇ ئەتىگەن - كەچتە بەھرە ئېلىپ، ھۇزۇرلىنىدىغان ساپ ھاۋا بۇ يۇرتنىڭ جاھانغا داڭلىق ئەنجۈر، ئۈزۈملىرىگە تەم كىرگۈزەتتى. بوغۇز دەرياسىنىڭ ئىككى يېنىدىكى تاقىرتاغ ئىككى يانغا سوزۇلۇپ، بۇ يۇرتنىڭ شىمالىي پاسىلىنى ئايرىپ، ياز كۈنلىرى خىيالغا پاتقان مويسىپىتلەرنى ئەسلەتسە، قىش كۈنلىرى نېپىز شايى پەرەنجىگە ئورالغان ساھىبجاماللاردەك سولغۇن كۆرۈنەتتى. «بوغۇز» ئىسمى-جىسمىغا لايىق بوغۇز ئىدى. بوغۇزدىن جەنۇبقا سوزۇلۇپ، ئىككى يانغا يېيىلغان قىران دەرياسى تاشلىنىپ ياتاتتى. قىران دەرياسى ھەممىگە شاھىت ئىدى. ئىللىق ساھىلىدا بەخۇۋاش ياشلىقتىكى نادانلىقنىڭ ئاساسى بولغان شوخلۇقنىڭ سۆيگۈ نېسىۋىسىنى تېتىپ، چىن ئەقىدە - ئىخلاسنى دەپسەندە قىلىشلارغاچىداپ سۈكۈتكە چۆمگەن قىران دەرياسى بۇ زېمىننىڭ تاغۇتاشلىرىنى يۇيۇپ، توپا - چاڭ باسقان دەل - دەرەخلىرىنى ياشارتىدىغان يېغىن مەزگىلى كەلگەندە، ئەتراپتىكىلەرنى تەشۋىشكە سېلىپ، بارلىق دەرد - ئەلەملىرىنى بىر يولىلا چىقارماقچى بولغاندەك شاۋقۇن بىلەن دولقۇنلايتتى، شىردەك ھۆركىرەپ قىرغاق يالايتتى.

سادىر بۇ دەردمەن دەريا بىلەن سىردىشاتتى. ئۇنىڭ جانغا راھەت مەيىن شامىلىدىن ھۇزۇرلىنىپ كېرىلەتتى، ئۆز- ئۆزىگە گويا مەجنۇنلاردەك پىچىرلايتتى. كۆڭلى خاپىلىق خالىمىغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى ھېسسىياتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقنى ئىستەپمۇ، ئەيتاۋۇر، كىشىلەر كەمدىن - كەم ئاياغ باسىدىغان چىغىر يول بىلەن مېڭىش سادىرنىڭ ئادىتى ئىدى. ئۇنىڭ ئوي - خىياللىرى ھەرخىل مەزمۇندا بولاتتى. ئۇنىڭچە، ئاتا- ئانىسىنىڭ نىكاھلىنىشلائۆزىنىڭ شۇ خىل

سۈپەت شەكلىدە دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇشىنىڭ ئاساسى ئىدى. «بىز ئەسلىدە يوق ئىدۇق، مەلۇم سەۋەب ۋە ۋاستە بىلەن يەنە يوقىلىمىز. شۇڭا، ھاياتنى قەدىرلەپ، ئۈمىدۋار، غايىلىك بولۇپ، كەلگۈسىمىز-نىڭ پارلاق بولۇشى ئۈچۈن جاپادىن باش تارتماي، ئۆزىمىزگە ئىشىنى-نىپ، مەغرۇر ياشىشىمىز كېرەك» دەيتتى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى جېكى-لەپ. كەلگۈسى ھەققىدىكى ئوي - خىياللار نېمىشقىدۇر ئۇنى غەم-كىنلەشتۈرۈپ قويغانىدى. ئادەم نېمە ئۈچۈن شۇنچە قىزغىنلىق بى-لەن ياشايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن قىسقىغىنە ھاياتلىق ئۈچۈن ئۆلەر- تىرىلە-شىگە باقماي تىرىشىپ كۆرەش قىلىدۇ؟ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتى. تۇرۇپلا يەنە كۆڭلى يورۇغاندەك بولاتتى. ئۆزىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، كەلگۈسىنى يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىپ - تىرمىشىپ ياشاش ھەربىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ تەبىئىتى، ئىنساندىكى روھنىڭ قۇدرىتى ئەنە شۇ يەردە، روھ مەڭگۈلۈك بولۇپ، ئۇنىڭغا ماماتلىق كەلمەيدۇ. روھنىڭ خارلىقتا، چۈشكۈنلىككە، مەھكۇملۇقتا يېتىپ قالماسلىقى، ئەۋلادلار ئالدىدا قىزارماسلىقى ئۈچۈن ھاياتلىقتا شەيئىلەرگە قىزىقىش، ئۇنى ئۆزگەرتىش يولىدا جان كۆيدۈرۈش كېرەك. ھاياتلىقنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ھاياتنى، ھاياتلىقنى سۆيۈش ھەم ھاياتلىق ئۈچۈن كۆرەش قىلىشتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

سادىر دەل ۋاقتىدا ئۆيگە كىردى. ئانىسى ئەتىگەنلىك چاينى تەييارلاپ قويغانىدى. ئۇ ناشتا قىلغاچ، بۈگۈن نەگە بېرىپ، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى ئانىسىغا ئېيتتى. ئۇنىڭ ئانىسى ئانا قۇشتەك كۆيۈمچان ئانا ئىدى. ئوغلىغا يېمەي يېدۈرەتتى، كىيمەي كىيدۈرەت-تى. ھەر ئەتىگىنى خاتىرجەملىك تىلەپ مەكتەپكە يولغا سالاتتى. كەچتە ئالدىغا چىقىپ، ئۇزاق ۋاقىت كۆرۈشمىگەندەك «تىنچ ئامان كەلدىڭمۇ، بالام» دەپ كۈتۈۋالاتتى. مەكتەپ بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆيى ئارىلىقىدىكى يول ساينى ھېسابقا ئالمىغاندا، تولىمۇ ھاۋالىق ئىدى. ئۇ بويلاپ ماڭىدىغان ئۆستەڭ مەكتەپ ئىچىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، شەرق تەرەپتىكى كەنتكە كېتەتتى. ئاشۇ زۇمرەتتەك ئويناق سۇ زېمىننى

سۇغىرىپ، جانلىقلارغا ھاياتلىق، يۇرت خەلقىگە ياشاش ئۈمىدىنى ئاتا قىلاتتى.

ھاياتلىق ئاشۇ سۇدەك يولىنى داۋام قىلاتتى، يالقۇندەك ياناتتى. مەيلى سۇدەك ئاقسۇن ياكى گۇلخاندەك كۆيسۇن ئاقىۋەتتە ئوخشاشلا تۇپراققا سىڭىپ كېتەتتى. ئەۋلاد خۇددى يۇمران مايسىدەك ئۈنۈپ كېلەتتى. ھاياتلىققا يارقىن مەزمۇن بېغىشلاپ، ئەجدادلار قىسمىتىگە قىسمىتىنى يەتكۈزەتتى. بەخت ئىزدەپ مەڭگۈلۈك بەختسىزلىككە يېقىنلىشاتتى. بەخت ساھىلىغا تەلمۈرۈپ، ئەلەمدە غاجىلىنىپ ئۆپرايتتى. ئادەم ئەقىل ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈشىنى بىلەتتىيۇ، ئەبەدىي ئۆلمەيدىغاندەك ياشايتتى. ھايۋانلار ئۆلۈشىنى ۋاقتى كەلمىگۈچە بىلمەيتتى. ئەمما، ئۆلۈشىنى بىلىدىغاندەك بىرخىل تەرتىپ بىلەن مەردانە ۋە سېخىي ھايات كەچۈرەتتى. ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى نۇرلۇق ئەقىل - پاراسىتىنى ساختىلىققا ئىشلىتىپ، بىرسى يىغلىسا بىرسى كۈلۈپ، ئۆزگىنى يىغلىتالىسا ئۆزىدىن پەخىرلىنەتتى. چولپاندەك شەھلا كۆزلەرنىڭ، يۇرەكلەرنى ئوينىتىۋېتىدىغان جىنەستىدەك لەۋلەرنىڭ؛ ۋىجداننى، غۇرۇرنى، ياخشىلىقنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، ئادالەت ئۈچۈن كۆيگەن يۈرەكلەرنىڭ بىر كۈنى تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىشى پانىيدىكى ھاياتلىقنىڭ باقىيسى بولغان تۇپراقتىن بەھرە ئېلىپ ئايىنىغان يۇلغۇنلارنىڭ، دەشت - باياۋاندىكى چۆل ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ئوزۇقىغا ئايلىنىپ، ئۇلارغا رەڭ بېغىشلىشى مۇمكىن ئىدى. ھالبۇكى، روھنىڭ قۇدرىتى گويا سۇغا ئوخشاش مەڭگۈلۈك ئىدى.

سادىر باش - ئاخىرى يوق مۇلاھىزىلەرنىڭ قاينىمىدا چۆكۈپ، لەيلەپ قانچىلىك ماڭغىنىنى ئۇقمايلا مەكتەپكە كېلىپ قالدى. ساۋاقداشلىرى توپ - توپ بولۇشۇپ ماشىنا كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇزاق مۇددەت قانىتى بوغۇشلىنىپ، قورىغا قامالغان كەپتەر كۆككە تەلمۈرۈپ، پەرۋاز قىلىشقا زارىققاندەك ئۇنىڭمۇ نەلەرگىدۇر ئۇچقۇسى كېلەتتى. گەرچە بۈگۈن يېقىنلا يەر-

گە، يەنە كېلىپ ئەمگەك قىلىش ئۈچۈن بارسىمۇ ئۇنىڭ چېھرىدە يەنىلا خۇشاللىق ھۆكۈمران ئىدى.

ماشىنا كەلدى. ساۋاقداشلار ماشىنىغا تەرەپ - تەرەپتىن يامى-شىپ چىقىشتى، ماشىنا كۈمۈش لېنتىدەك يولنى كەينىگە تاشلاپ، شەرق تامان ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. يىراقتىن قارىغان كىشىگە «قارا ماشىنا» غا تىقىلىپ چىققان ئوقۇغۇچىلار ھەرخىل ياپراقلار ئارىسىدا قىپقىزىل ئېچىلغان چوڭ بىر لوڭقا گۈلنى ئەسلە-تەتتى. سادىر گاھ شىمال تەرەپتىكى كۆركەم، ھەيۋەتلىك تاغ تىزمى-لىرىغا، گاھ جەنۇب تەرەپتىكى چەكسىز كەتكەن دالىغا بىر غايىۋى ئوبراز ئىزدەۋاتقاندەك ئۇزاق - ئۇزاق قارايتتى. ئۇنىڭ قارلىغاچنىڭ قانىتىدەك ئۇچلۇق قارا قاشلىرى ئاستىدىكى نۇرلۇق، خۇمارلىق كۆزلىرى گاھى قىسىلىپ، گاھى چاقناپ كېتەتتى. تاغ تىزمىلىرى-دەك دولقۇنلۇق، تەبىئىي بۇدۇر، قويۇق چاچلىرى شامالدا يەلپۈنۈپ، گاھى تاراپ قويغاندەك تەكشىلەنسە، گاھى چۇۋۇلۇپ تۇراتتى.

سادىرنىڭ ساۋاقداشلىرى نېمىشقىدۇر ئۇنىڭدىن ئەيمىنەتتى. بۇنىڭدىكى سەۋەبنى سۈرۈشتۈرگەندە ئۇنىڭ ئاڭلىق ھالدا مەلۇم ئارى-لىق ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بولۇپمۇ قىز ساۋاقداشلىرى تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. شۇ-نىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، سادىرنىڭ سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار چىق-قان ماشىنىدا باشقا سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار چىققان ماشىنىلارغا ئوخشاش چۇقان - سۈرەنلەر، ئالدى - كەينىگە داجىشلار يوق دېيەر-لىك ئىدى.

ماشىنا يېرىم سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن، ئەمگەك مەيدانىغا يېتىپ كەلدى، ئىش مەيدانىدا ئادەم قاينايتتى. ئوبلاست- شەھەرگە قاراشلىق باشقا ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى-مۇ، ھەتتا ھەرقايسى ئىدارە - ئورگانلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر-مۇ بۈگۈنكى خالىسانە ئەمگەككە قاتناشقانىدى. باچاڭ كەنتىنىڭ غەر-بىي تەرىپىگە جايلاشقان توقاي سۇ ئامبىرىنىڭ شىمالىي قىرغىقى

314- دۆلەت يولى تەرەپكە سوزۇلاتتى. ئەمگەككە قاتناشقانلار تاغ
باغرىدىكى شېغىلنى ماشىنىغا ئۇسۇپ، ئامبار دامبىسىنىڭ ئالدىغا
سىيرىلدۇرۇپ، يۈز بىرىش ئېهتىمالى بولغان ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئې-
لىش «كۆرىشى» نى باشلىۋەتكەنىدى. سادىر ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئو-
رۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ماشىنىغا شېغىل ئۇسۇشقا ئايرىلغان بولۇپ،
ماشىنىغا شېغىل ئۇسۇش ماشىنىدىن شېغىل چۈشۈرۈشكە قارىغاندا
خېلىلا كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئېغىر ئەمگەك ئىدى، مۇئەللىم بۇ
ئەمەلىي ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، بىرقەدەر كۈچلۈك، ئۆزىنى سو-
راشنى بىلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى.
سېخىي قۇياش ئۆتكۈر نۇرلىرىنى ئايىماي چېچىپ تىكلەشكەندە،
سادىر كەڭ، سىلىق پېشانىسىدە تەپچىگەن كۆمۈش مونچاقتەك تەر
تامچىلىرىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتۈپ، ئەتراپقا قارىدى. ئادەم-
لەر چاڭ - توزاننىڭ ئارىسىدا قىمىرلايتتى. ماشىنىلار ئۇچمۇئۇچ
كېلىپ - كېتىپ تۇراتتى. ھاۋامۇ ئاستا - ئاستا قىزىماقتا ئىدى.
چۈنكى، قۇياش ئەمگەك قايىنىغان تاغ باغرىغا ھارارەتلىك نۇرلىرىنى
توغرىلىماقتا ئىدى. ئىشلەۋاتقان ئادەملەرنىڭ كۆڭلى- پەس ئىش -
ھەرىكىتى، نېرىدىن گويا تۇمان ئىچىدە ئۆركەشلەۋاتقان ئادەم دېڭىزى-
دەك كۆرۈنەتتى.
سادىر قۇياشنىڭ تەپتىنى، تومۇزنىڭ كۆيدۈرگۈچ ئىسسىقىنى
بۈگۈنكىدەك بىۋاستە ھېس قىلمىغانىدى. ئۇنىڭ بۇنداق تومۇزنىڭ
پىژغىرىم كۈنلىرىدە ئېغىر ئەمگەك قىلىشىمۇ تۇنجى قېتىم بولۇپ،
گەرچە دېھقان ئوغلى بولسىمۇ، چىدىغۇسىز ئىسسىقتا ئېغىر ئەمگەك
قىلىپ باقمىغانىدى. ئۇ قۇياشقا قارىۋىدى، نۇرلۇق قۇياش گويا
تەڭرىنىڭ يۈزىدەكلا كۆرۈنۈپ، كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.
— سادىر! — قادىر ئۇنى نوقىدى، — ماشىنا كەلگۈچە ئامبارنى
كۆرۈپ كېلەيلىمۇ؟
سادىر ئۆزىگە كېلىپ، قادىرنىڭ ئېسىلىپ، قىزارغان چىرايىغا
قارىدى.

— ئۆزىمىزنىڭ ماشىنىسىغا چىقمۇقىلىپ، يەنە بىللە قايتىپ كېلەيلى.

سادىر ئەسلىدىمۇ قادىر ئوتتۇرىغا قويغان ئىش توغرۇلۇق ئاللىبۇرۇن ئويلىنىپ قويغاندەك ئەستايىدىللىق بىلەن جاۋاب بەردى.

— قايسىسى بولسا بولۇۋېرىدۇ، ئىككىمىزنىڭ بىردەم بولمىغىنىغا ئىش توختاپ قالامتى!

— مۇئەللىم رەنجىپ قالارمۇ؟

— ئانچە - مۇنچە خاپا قىلىپ تۇرمىساڭمۇ قەدرىڭنى بىلمەيدۇ دەيمەن.

— گەپكە قالمايلى دەيمىنا!

— سەگىدەپ كېلىمىز، بۇ يەرگە كېلىپ ئامبارنى كۆرمەي كەتسەڭ ئارماندا قالىسەن.

— سەن بۇرۇن كۆرگەنمۇ؟

— ئاڭلىغان، سەنمۇ بىلىسەن، دېڭىز، دەريا، ئامبار دېگەنلەرنىڭ ئادەم قىزىقىدىغان سىرلىرى تولا، ئاۋۇ ماشىنا قوزغالدى، ماڭە!

ئىككى ساۋاقداش كوزۇپلىرى غىچىرلاپ، ئىككى يانغا ئېغىناپ، ئاستا - ئاستا قوزغىلىۋاتقان ماشىنىغا چاققانلىق بىلەن چىقىپ، مۇئەللىم بار تەرەپكە كەينىنى قىلىپ ئولتۇرۇۋېلىشتى. ماشىنىلار دامبىنىڭ ئۈستى بىلەن ماڭاتتى. دامبا شۇ قەدەر كەڭ ئىدىكى، ماشىنىلار بىمالال ئۆتۈشەلەيتتى. سادىر خەلقنىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە ھەيران قالماقتا ئىدى. ئۇ چېتى كۆرۈنمەيدىغان بۇ دامبىنى «كانايغا يوق، سۇنايغا نەدە» دېگەندەك قەھەتچىلىك كۈنلەردە ئاشۇ خەلق ئېشەك، كالا ھارۋىلىرى بىلەن كېچە - كۈندۈز دېمەي ئىشلەپ پۈتكۈزگەن ئەمەسمۇ! سادىر ئامبارنىڭ چەت - چېتىگە بىر قۇر كۆز تاشلاپ چىققاندىن كېيىن، زۇمرەتتەك سۇغا نەزىرىنى ئاغدۇردى. سۈزۈك سۇ گويا كۆك ئاسماننىڭ ئەينىكىدەك ئاسماننى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇراتتى. قۇياش ئامبارنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى سۇنىڭ يۈزى-

ـدە يېقىملىق كۈلۈپ قارايتتى. سادىر نېمىنىدۇر سىپىلىشتۇرۇپ باق-
ـماقچى بولغاندەك كۆككە كۆز تىكتى. قۇياشقا روبىرو قارىغىلى
بولمايتتى. شۇڭا، كۆزىنى دەرھال قۇياش ئەكس ئېتىپ تۇرغان سۇ
يۈزىگە يۆتكىدى. قۇياش گويا ئايدەكلا مۇلايىم بولۇپ، ئوخشمايدىغان
يېرى قۇياش يۈزىدە داغ يوق ئىدى. لىق شېغىل ئۇسۇلغان ماشىنىلار
«ئىنجىقلىشىپ» ئىككى يانغا ئېغىناپ مېڭىشاتتى. ماشىنىنىڭ سىل-
كىنىشى بىلەن قۇياشنىڭ سۇ يۈزىدىكى ئەكسىمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا
تەۋرىنەتتى. ھەربىر جانلىقتا ئۆزىگە خاس سەزگۈرلۈك، ئۆزگىچە يا-
شاش ئىقتىدارى بولغىنىدەك، ئامباردىكى بېلىقلارمۇ ئۆزلىرىگە تەھ-
دىت كېلىۋاتقانلىقىنى بىلگەندەك، تەشۋىشكە چۈشكەنىدى. چوڭ-
چوڭ ھەرخىل شەكىلدىكى بېلىقلار سۇ يۈزىدىن بوشلۇققا سەكرەپ
چىقىپ، تىكلەشكەندىن كېيىن، يەنە شۇنداق تېز شۇڭغۇپ، كۆزدىن
غايىب بولۇشاتتى. ئۇلار سۇغا شۇڭغۇغان جاي دولقۇنلاپ لەۋەن
چەمبەر ھاسىل قىلىپ، چوڭقۇر سۇ قوينىدىكى تەبىئەت بىلەن ھايات-
ـلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيەتلىرىنى ئىپادىلەۋاتقاندەك
تۇيغۇغا كەلتۈرەتتى.

سادىر بىلەن قادىر گويا كۈچ سىناپ باقماقچى بولغاندەك بەس-
بەستە ئامبارغا تاش ئاتاتتى، ئۆزلىرىگە ئالاھىدە كۆرۈنگەن نەرسىلەر-
نى بىر- بىرىگە كۆرسىتىشەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ھەم زىممىسىدىكى
مەسئۇلىيەتنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغاندەك ئىدى. ئەتراپتىكى شەيئىلەرگە
بولغان قىزغىن ئىشتىياق بىلەن ئۆزلىرىمۇ بىلمەيلا ئامبارنىڭ چۆ-
شۈرگىسىگە كېلىپ قېلىشقان ئىدى. ئاق بۇژغۇن چاچرىتىپ، ئۆر-
كەش ياساپ ئېقىۋاتقان سۇ كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايتتى. سادىر
چەكسىز كەتكەن شەرق تەرەپكە تىكىلىپ، گويا ئەڭ يىراقنى كۆر-
مەكچى بولغاندەك كۆزلىرىنى قىساتتى، گاھى چۆكلىنىپ، سۇ قاي-
ناپ كىرىپ كېتىۋاتقان چۈشۈرگە ئېغىزىغا قارىسا، گاھى سۇنىڭ
ئاياغ تەرەپتىن زور بېسىم بىلەن ئېتىلىپ چىقىۋاتقىنىغا قارايتتى.
سادىر خېلىلا سەگىپ قالغانىدى. سۇ يۈزىدىن كۆتۈرۈلگەن نەم ھەم

يېقىملىق سالقىن شامال يۈرەككە ھۇزۇر بەخش ئېتەتتى. سادىرنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ، خىيالى ئېقىۋاتقان سۇغا قوشۇلۇپ نەلەرگىدۇر ئۇچماقتا ئىدى، قادىر ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلدى:

— بولامدىكەن؟ ھەرقانداق نەرسىنى چىن مەنىسىدە كۆرەلىسەڭ، ئۇنىڭدا تۈمەن خىل مەنە بارلىقىنى بايقايسەن. شەيئىلەردىكى مەنىگە ئېرىشىش كارامەت ھۇزۇر جۇمۇ!

— بولىدىكەن، راستتىنلا بىر كۆرگۈچىلىكى بارئىكەن، — دېدى سادىر رازى بولغاندەك مەمنۇنلۇق بىلەن.

— ئەمدى كېتەيلى، بىر نەرسىگە قارىساڭ خۇددى ساراڭلاردەك تۈرۈپ كېتىدىكەنسەن.

— ساراڭلاردەك قاراش ئۇچۇن مەجنۇندەك سەۋدايىلىق بولۇش كېرەك. سەۋدايىلىق ماھىيەتكە يېتىشنىڭ ئاساسى.

— سېنىڭچە بۇ ئامبارنى كەلكۈن ئېلىپ كېتەرمۇ؟

— مېنىڭچە بۇ يىل ئېلىپ كەتمەيدۇ، ئەمما كەلگۈسىدە قانداق بولۇشنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

— كەلگۈسىدە نېمە بولۇشىمىزنى بىزمۇ بىلمەيمىز.

— بىزمۇ مۇداپىئە دامبىمىزغا ئېرىنمەي شېغىل تۆكەرمىز! — دېدى سادىر چاقچاق قىلىپ.

ئىككىسى ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈشتى. ئۇلارنىڭ ھاردۇقى چىقىپ، خېلىلا يەڭگىللەپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇلار ئىش ئورنىغا قايتىپ كەلگۈچە چۈشلۈك دەم ئېلىش بولدى. ھاۋا ئىسسىپ، پۈتكۈل جانلىق قۇياشنىڭ ئوتتەك تەپتىدە سولاشقانىدى.

سادىر بىلەن قادىر ۋاقتىنچە مۇئەللىمى بىلەن ئۇچرىشىپ قالمىغانلىقىدىن خۇشال بولۇشتى. ئەمگەك مەيدانىدىكى ئادەم توپلىرى ھەر تەرەپكە چېچىلماقتا ئىدى. ساۋاقداشلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر كۆڭلى تارتقانلىرى بىلەن تېپىشىشنى ئىستەيتتى. قادىر ئەركىننى چاقىرىۋالدى. ئۈچ ساۋاقداش باچاڭ كۆۋرۈكى بىلەن تاراقلىمىدىن ئۆتۈپ، باچاڭ بوغۇزىدىن چىقىۋاتقان سۇنى ياقىلاپ، تۈگمەن بېشىغا

كەلگەندە توختىدى. ئىككى تاشلىق تۆگمەننىڭ نورىدىن چۈشۈۋاتقان
كۈچلۈك سۇ چاقپەلەكلەرنى پىرقىراتماقتا ئىدى. تۆگمەن بېشى تولدـ
ـمۇ هاۋالىق بولۇپ، تەنگە هۇزۇر بېغىشلايتتى. تومۇزنىڭ ئىسسىقىـ
ـدىن پاناهلىنىشتا بۇ جاينى ئۆزلىرىگە مۇناسىپ كۆرگەن قىزلار
ئەتراپنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ، هاۋالىق مۇهىتقا گۈزەللىك ئاتا قىـ
ـلىشقانىدى. ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدىن؛ نۇر، كۆزلىرىدىن ئوت، روهىي
هالىتىدىن قىزغىنلىق، هەرىكىتىدىن ئىشتىياق بالقىپ تۇراتتى.
ئۇلار ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ كۆز گۆهىرى، بالاغەتكە يەتكەن ئوغۇللارنىڭ
جېنىنى ئېلىپ جاڭگالدا قويغۇچى سەرخىللار ئىدى. ئۇلارنىڭ شۇ
تاپتىكى تەبىئىي گۈزەللىك ۋە زېرەكلىك ئۇرغۇپ تۇرغان هالىتىدىن
ئۆز ۋاقتىدا دۇنيانى ئاپىرىدە قىلغۇچىمۇ نۆۋىتىدە دۇنياسىنى بۇزۇشقا
تەييار ئىدى. پەقەت ئۇلارنى يارىتىپ قاتارغا قوشقان تەبىئەتلا يەنە
ئۇلارغا مىننەتسىز روهىي ئازادىلىك، ئەركىنلىك، ئۆز گۈزەللىكىنى
نامايان قىلىش پۇرسىتى بەرگەنىدى. ئۇلار شوخلۇق بىلەن سۇ چېچىـ
ـشاتتى. چاقچاقلار ئەۋجىگە چىققانسېرى سۇ نازۇك ۋۇجۇدلارنى سەـ
ـگىتەتتى. ئۇلارنىڭ ئوماق هەرىكىتى گويا هېكمىز ساهىلىدا بىرـ
ـبىرىنى قوغلىشىپ، ئېگىز ـ پەس ئۇچۇشۇپ يۈرگەن قۇشلارغا ئوخـ
ـشايتتى. بۇ قىزلار شەهەرلىك 1ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى
بولۇپ، سادىر هەممىسىنى دېگۈدەك تونۇيتتى. قادىر هە دېگەندە
قىزلارنىڭلا خىيالىنى سۈرسىمۇ قىزلارنىڭ هېچقايسىسى ئۇنى ياقتۇرـ
ـمايتتى. خاراكتېرىدىكى شاللاقلىق ئۇنى شۇنداق تۆۋەن ئورۇنغا چۈـ
ـشۈرۈپ قويغان بولۇپ، هەرقانچە ئۆزىنى تۈزەپ يۈرسىمۇ، ئەمەلىي
يېشىغا قارىغاندا چوڭ هەم يېقىمسىز تۇيغۇ بېرەتتى. ئېقى چوڭ،
كۆلگەك كۆزلىرى ئاياللارغا چۈشۈشى بىلەنلا پارقىراپ، قانداقلا
مەزمۇندا بولمىسۇن بىر نېمە دېمەي قالمايتتى. ئۇ ئادىتى بويىچە
قىزلارغا چاقچاق قىلىپ دېدى:

— هەي، ئوماق قىزلار! نېمانچە چىرايلىق ئولتۇرغانسىلەر!
شۇ تاپتا ئاراڭلارغا كىرىپ سىڭىپ كەتسەم نېمە ئارمان قالاتتى؟

قىزلار تەڭلا كۈلدى. ئۇلارنىڭ ئازادە، مەغرۇر كۈلكىسىدە قادىرنى ھەزىل قىلىش مەنىسى كۆپلۈك ئىدى. شوخلۇقى بىلەن قىزلارنى ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرۈپ چاقچاقتا ئاساسلىق رول ئېلىۋات. قان، بوينى قاشتېشىدەك سۇزۇك، بىلەكلىرى بېلىقتەك نازۇك ۋە ئەۋرىشىم بويلۇق بىر قىز قەددىنى رۇسلاپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپراق ئېيتتى:

— ئارىمىزغا كىرىپ، سىڭىپ كېتىشنى خىيال قىلسىڭىز ئۇ. چىڭىزغا ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىپ، بېشىڭىزغا ياغلىق سېلىپ كې. لىڭ!

— بۇلا كۆپايە قىلمايدۇ، — گەپ قىستۇردى سادىر، — تەڭرىدىن ئۆزىنىڭ يىگىتلىكىنى قىز بالىغا ئۆزگەرتىپ قويۇشنى تىلىسە، تەڭرى تىلىكىگە يەتكۈزسە، ئاندىن ئاراڭلارغا سىڭىپ كېتە. لەيدۇ.

— قىزلارغا ھەسەت قىلىۋېتىپسەن - دە! — قادىرغا چاقچاق قىلدى ئەركىن قىزىرىپ.

— ھەسەت قىلمىدىم، ئۇلارغا چىدىمايۋاتىمەن.

— چىدىمىسىڭىز ئۆلۈڭ! — دېدى بايىقى قىز.

قىزلار شۇنداق تەبىئىي، ئالتۇن قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق كۈ. لۈشتىكى، ئالەمدىكى بارلىق شاد - خۇراملىق باچاڭ كەنتىنىڭ پاسى. لىدىكى تۈگمەن بېشىغا جەم بولغاندەك جانلىنىپ كەتتى. قادىرنىڭ چاقچاقلىرىغا كەسكىن جاۋاب قايتۇرغان شوخ قىز كۈلكىدىن توخ. تاپ، گويا ئۇچۇشقا تەرەددۇتلانغان قۇشتەك قەددىنى رۇسلاپ، سا. دىرغا يېقىملىق بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن:

— ئەجەب بەلەن چاقچاق بولدى، مەشرەپ سورۇنىدىكىدەك كۈ. لۈشۈۋالدۇق، ھاردۇقىمىزمۇ چىقىپ قالدى، — دېدى.

قادىرنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى. قىلغان چاقچاقلىرىغا ئە. زاھات بېرىپ، يەنە قىزلارغا يېقىنلاشقۇسى بولسىمۇ، ئەركىن بىلەن سادىرنىڭ تۆۋەن تەرەپكە ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ، تېتىقسىز كۈلگەچ،

ئۇلارغا ئەگەشتى.

سۆيگۈ ئوتى بالاغەتكە يەتكەن، كۆڭلى تۇيغۇن، روھى ئويغاق ۋە سەزگۈر ياشلىقنىڭ قىسمەتلىرىدىن خەۋەردار ھەرخىل سەۋىيىدىكى ئوغۇل - قىزغا تۇرلۇك باھانە - سەۋەب ۋە مۇناسىۋەتلەر بىلەن تۇتىشىدۇ. پاك ۋە غۇبارسىز قەلب ئىگىسى ھايات قىزغىنلىقى چۇ- شۇرگەن سۆيگۈ، گۇزەللىك ئوبرازىنى ۋۇجۇد قەسرىدە ھەرخىل مەزمۇندا ساقلاپ، ئاسرايدۇ. ۋىسالغا يەتكۇچە بولغان،بۇ مۇساپە ھەم ئازابلىق، ھەم لەززەتلىك بولىدۇ. مۇھەببەت كۆڭۈلدىن - كۆڭۈلگە چۇشكەن شولا، كۆزدىن يۇرەككە تۇتاشقان ئوت، تىلدىن دىلغا سىڭىن- غان كۆۋرۇكتۇر.

بايىقى شوخ قىزنىڭ گۇزەل، ئوماق ۋە مەغرۇر قامىتى سادىر- نىڭ كۆز ئالدىدىن تەكرار - تەكرار ئۆتتى. سادىرنىڭ يۇرىكى بىر كۆڭۈلسىزلىكنى ئالدىن سەزگەندەك دۇپۇلدەيتتى، ھاياجانلىناتتى، لېكىن بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلمەيتتى. سادىرنىڭ ھەرخىل تەشۋىشتە قاڭقىپ تۇرغان خىيالى يەنە شۇ قىزغا مەركەزلەشتى. سادىر ئۇ قىزنى بۇرۇنمۇ تونۇيتتى، ھەتتا يۇزەكى سالام - سەھەتمۇ قىلىشاتتى. بۇ- گۇنكى ئۇچرىشىشنىڭ تەسىرى بۇرۇنقىسىغا پەقەتلا ئوخشىمايۋاتاتتى. سادىر پات - پات كەينىگە قاراپ قوياتتى. قەدەملىرىمۇ ئىختىيارىدا ئەمەس ئىدى. يۇرىكىنىڭ سوقۇشىمۇ تېز ھەم كۇچلۇك ئىدى. ئۇ ئۆزىدىكى ھاياجانىنى بېسىشقا تىرىشىپ، قادىردىن سورىدى:

— سېنى چاقچاقتا چۇشۇرگەن قىزنىڭ ئىسمى نېمىتى؟

— ئىسمى مارىيە، بولامدىكەن؟ — قادىر تېتىقسىز كۇلدى.

— تونۇشامسىلەر؟

— تونۇشسا ئاز- تولا يۇز - خاتىر قىلمامتى! — قادىرغا چاقچاق قىلدى ئەركىن.

— ئوبدان تونۇشىمىز، بۇ يىل تولۇق ئوتتۇرىنى پۇتكۇزىدۇ.

سادىر ئېغىر سۇكۇتكە چۆمدى، بۇ سۇكۇت ئىچىدە نۇرغۇن ئارزۇ - ئارمانلار بىخلانماقتا ئىدى. ئۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى

سىرتتىن تونۇشىدىغان، ھەتتا مۆرتىدە سالاملىشىپ، پەرۋاسىز ئۆ-
تۈشۈپ كېتىدىغان مارىيەنى تۇگمەن بېشىدىكى شۇ تاسادىپىي ئۇچرى-
شىشتىن كېيىن، ياقتۇرۇپ قالغاندەك قىلاتتى.

ئۈچ ساۋاقداش باچاڭ كەنتىنىڭ شىمالىدىن جەنۇبقا سوزۇلغان
توپىلىق يول بىلەن مېڭىپ، ساددا ياشلىقتىكى ھېسسىيات ئۇستۇنلۇ-
كى بىلەن بۇ قەدىمىي نامرات كەنتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، دېھقان-
لارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى كۆزەتمەكتە ئىدى. سادىرنىڭ
كەيىنگە يانغۇسى كېلەتتى. لېكىن، كەينى تەرەپتىكى كۆڭلى تارتقان
يەردە بىر ئەلەملىك ئىش كۇتۇپ تۇرغاندەك تەشۋىشلىنەتتى. شۇڭا،
كۆڭلىنى تىنجىتىش مەقسىتىدە ئەتراپقا زورمۇزور كۆز تاشلايتتى.
تۇزۇلۇشى قالايمىقان، كۆرۈمسىز ئۆيلەر، يانتاق بېسىپ كەتكەن
ئېتىز - قىرلار بىر قاراشقىلا بۇ كەنتتىكى دېھقانلار تۇرمۇشىنىڭ
تۆۋەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. جۇدەڭگۇ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ
كەتكەن، چىرايىنى توپا باسقان دېھقانلارنىڭ بىچارىلىك ئىپادىلىنىپ
تۇرغان تۇرقىدىن ئۇلارنىڭ دەرد - ئەلىمى ئەكس ئېتەتتى.

— ئالدىڭغا قارا، — دېدى قادىر كۆڭۈلسىز بىر ئىشنى خىيالى-
دىن ئۆتكۇزۇۋاتقاندەك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ غەمكىن كېتىۋاتقان
سادىرنى نوقۇپ، — مانا بۇمۇ تۇرمۇش، بۇ يەردىكى ھاياتلىق كۆرۈ-
نۇشلىرى.

ئاياغ تەرەپتىن 11 — 12 ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا ئوتتەك
قىزىق يەرگە دەسسەپ كېلىۋاتاتتى. كىندىكىنىڭ تۆۋىنىدىكى كىر،
بىرنەچچە يېرىگە ياماق چۈشكەن كالتە ئىشتىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا،
ئۇنى قىپيالىڭاچ دېيىشكە بولاتتى. بۇنداق مۇھىتقا كۆنۈپ كەتكەن
بۇ بالىنىڭ تېرىسى شۇنداق قارىداپ كەتكەنىدىكى، نېرىدىن ئۇنىڭ
يالىڭاچلىقىنى دەماللىققا بىلگىلى بولمايتتى. بالىنى كۆرگەن سادىر-
نىڭ يۈرىكى پۇچىلانغاندەك كۆيدى.

— ئۇكام، نەگە ماڭدىڭ؟ — سورىدى ئۇ ئېچىنغان، ھېسداشلىق
قىلغان تەلەپپۇزدا بالىنىڭ بېشىنى سىيلاپ تۇرۇپ.

— توگمەنگە ماڭدىم، — بالا ناتونۇش يىگىتلەرگە قاراشقا جۈر-ئەت قىلالماي قورۇنۇپقىنە جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ مۇرىسىدىكى بىر نەچچە يېرىگە ياماق چۈشكەن كىر خالتىدا ئالتە - يەتتە جىڭچە بىر نەرسە بار ئىدى.

— خالتىدىكى نېمە؟ — يەنە سورىدى سادىر.

— ئارپا.

— ئۆزۈڭ توگمەنگە بېرىپ ئۇن تارتىپ كېلەلەمسەن؟

— ھەئە...

— ئۆيۈڭلەردە باشقا ئادەم يوقمۇ؟

— دادام ئۆلۈپ كەتكەن، — بالىنىڭ ئاۋازى يۈرەكنى ئەزگۈدەك تىترەپ چىقتى.

— ئىسمىڭ نېمە؟ — ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قويۇشنىڭ زۆرۈر-لۈكىنى ھېس قىلغاندەك سورىدى ئەركىن كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ.

— مۇراد!

مۇراد ناتونۇش يىگىتلەرنىڭ ئۆز ئالدىنى توسۇپ، ئۇنى - بۇنى سوراشلىرىنى ياقتۇرمىدىمۇ ياكى يۇمران سەبىي قەلبىدە ئوبرازىنى ساقلاپ، قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە سېغىنىپ، سېغىنىشلىرىنى كۆز يېشى بىلەن ئىپادىلەپ كېلىۋاتقان دادىسىنىڭ ۋاپاتىنى تىلغا ئېلىش تەسىر قىلدىمۇ، ئەيتاۋۇر، ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى.

— بىزدىن قورقما، بىز سېنىڭ ئاكىلىرىڭ، — ئەركىن مۇراد-نىڭ ياشلىرىنى ئالىقىنى بىلەن سۈرتۈپ مېھرىبانلىق بىلەن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئاناڭ باردۇ؟

— بار، خېلىدىن بېرى كېسەل، بېشىنى كۆتۈرمەي ياتىدۇ.

سادىر مەكتەپ چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن بەرگەن توم ناندىن بىرنى مۇرادقا تۇتقۇزۇپ سورىدى:

— تۇغقانلىرىڭلار باردۇ؟

— بار...

— ئۇلار سىلەرگە ياردەم قىلمامدۇ؟

— پەقەت كارى يوق.

— مەكتەپتە ئوقۇمسەن؟

— باللار ئۇنسۇرنىڭ بالىسى دەپ تىللاپ - ئۇرۇپ، مەكتەپكە بارمىدىم.

— ئەي يىگىتلەر! مۇرادقا ئانچە كۆيۈنۈپ كەتمەڭلار، — دېدى تومۇز ئىسسىقلىقىغا قارىماي، قالپاقنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان 50 ياشلاردىكى ئوتتۇرا بوي، چارساقال بىر ئادەم ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپلا، — ئۇنىڭ دادىسىنى هۆكۈمەت جازالىغان، ئۆتكەن يىلى كۈزدە كېتىپ قالدى رەھمەتلىك.

— قانداق جىنايەت بىلەن جازالانغان؟ — قوشۇمىسىنى تۈرۈپ سورىدى سادىر.

— رەھمەتلىك مۇئەللىم ئىدى، گۇناھىنى بىزمۇ بىلمەيمىز. سىلەر بۇ يۇرتتىكى ئەھۋاللارنى بىلمەيسىلەر، بالىلىرىم، بىز جاپادىن قورقمايمىز، هاشاردىنمۇ قورقمايمىز. قىشنىڭ كۈنلىرى تالادا دۈم يېتىپ، دۈم قوپۇپ، ئامباردا ئىشلەشتىنمۇ قورقمايمىز. پەقەت كادىردىنلا قورقىمىز.

— نېمىشقا؟ — سورىدى ئەركىن.

ناتونۇش ئادەم «ئاغزى ئىتتىكلىك قىلىپ بالاغا قالدىممۇ نېمە» دېگەندەك ئۇچەيلەنگە سىنچى كۆزلىرى بىلەن قاراپ چىقىپ كۆڭلى تىنغاندەك ئېيتتى:

— يولسىزلىق قىلىپ، ئازار بېرىدۇ. چوڭچىلىق قىلىدۇ. مۇرادنىڭ تاغىلىرىمۇ بار، — ناتونۇش ئادەم گەپنى ئەتەي باشقا تەرەپكە بۇرىغاندەك داۋام قىلدى، — ئۇلارنىڭمۇ ئەسقاتقان بالىلىرى بار، لېكىنزە قولى قىسقا بولغاندىكىن ئۆزىنى ئويلايدىغان گەپكەن. قورسىقى نانغا تويمىغان ئادەملەردە كۆيۈم. شەپقەت، تۇغقاندارچىلىق كەم بولىدىغان ئوخشايدۇ. بىزدىكى غەمنىڭ چوڭى جان بېقىش، بالىلىرىم.

شۇ مەزگىللەردىكى ئەمەلىيەتتىن چەتنىگەن سولچىل ھەرىكەتلەر

كىشىلەرنى ئېھتىياتچان قىلىۋەتكەنىدى. ھەممىنى يۈرەكئالدى قىلىۋەتكەن بۇ خىل ھەرىكەتلەرنىڭ ئاساسلىق رولچىسى بولغان نادان ئادەملەرنىڭ يولسىز ئەلەملىرىنى كۆپ كۆرۈپ، زىيادە ئېھتىياتچانلىشىپ كەتكەن بۇ دېھقان ئاغزىدىن چىققان گەپنىڭ توغرا - خاتالىقىنى ئەقلىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك بىردەم سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن، تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپلىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ ئۇھسىنغىنىچە يۈرۈپ كەتتى. مۇرادمۇ مۈرىسىدىكى خالتىنى يۇقىرى ئېتىپ، «ماڭسام بولامدۇ» دېگەندەك قاراپ قويۇپ، تۈگمەن تەرەپكە قەدەم ئالدى.

— قورقما، ئىلاجى بار ئوقۇ، بىز سېنىڭ ئاكىلىرىڭ، — دېدى سادىر ھېسداشلىق قىلىپ.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، — گەپ باشلىدى ئەركىن گېلىنى قىرىپ، — ئۇنىڭ دادىسى جازالانغان ئادەم بولغاچقا، باشقىلار، ھەتتا تۇغقانلىرى «چەك - چېگرىنى ئايرىپ» ئۇلارغا ياردەم قىلمايدىكەن، كىچىككىنە مۇراد بۇ جاھاننىڭ مۇرادىغا قاچانمۇ يېتەر؟

— ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار. ئۆلگەنگە ۋەپ، ھاياتلار رىزقى تۈگىمىسىلا ئۆلۈپ قالمايدۇ. كېيىنكى ئىشلارنى بىلگىلى بولسا، خۇدا بۇيرۇسا، خۇدا بىلىدۇ دېگەن گەپلەر چىقمىغان بولاتتى. مۇراد تېخى تۇلپارنى ياراتماي، پاپىدادا ئولتۇرامدۇ، بىر نېمە دېمەك تەس. كۈنلەر كېلىپ تەقدىر ئوڭ كۆزىدە باقسا ئەجەب ئەمەس.

ئۇلار بىردەم ئۈنچىقماي مېڭىشتى، كىشىلىك تۇرمۇش نامرات بولسىمۇ تەبىئەت قۇچىقى كەڭرى، ئەتراپ گۈزەل ئىدى. ھوسۇلدىن ئۈمىد ئۈزۈلگەن بوغدايلىقلاردا توپ - توپ قۇشقاچلار ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. تەكشى چېچەكلىگەن كۆك يانتاقلار شورلۇق قىرلارنى بېزەپ، ئوتقاشتەك چاقنايتتى. سادىرلار كەنتكە ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى، تاملىرى پەرقلىق ئېگىز، خېلى سۈپەتلىك سۇۋالغان ئىمارەت گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. يالاڭ ئاياغ، شوخ، غەمسىز بالىلار توپىلىق يولدا چاڭ چىقىرىپ، شۇ ياققا يۈگۈرۈشەتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

بەللىرى مۈكچەيگەن، يۈزلىرىنى قېرىلىق مەڭلىرى باسقان، قاڭشارلىق، ئاپئاق ساقال بىر بوۋاي ئېتىز تەرەپتىن يولغا چىقىپلا ئۇلارغا سالام قىلدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!— تەڭلا جاۋاب قايتۇردى يىگىتلەر.

بوۋاي قورۇقلار ئارىسىدا پىلىلداپ قالغان كۆزلىرىنى قىسىپ ئۇلارغا بىر- بىرلەپ قاراپ چىققاندىن كېيىن سورىدى:

— سىلەر بۇ يۇرتلۇق ئەمەسقۇ، بالىلىرىم؟— ئاندىن قادىرغا ئەستايىدىللىق بىلەن سىنچىلاپ بىر قارىۋېلىپ بايىقى پەرىزىدىن يانغاندەك ھېسسىياتتا دېدى،— سەن قاسىم «شاقشاق» نىڭ ئوغلى بولۇپ قالما يەنە.

— بىز بۇ يۇرتلۇق ئەمەس، بوۋا، ئامبارغا ئىشلىگىلى كەلگەن، سىلەرنىڭ يۇرتنى كۆرەيلى دەپ بۇ تەرەپكە ئۆتۈپ قالدۇق. قاسىم «شاقشاق» نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەمتى؟— سورىدى قادىر.

— قانداق ئادەم دېدىڭما؟ مۇشۇ يۇرتتىن چىققان بىر نائەھلى ئىدى. ئۇ جا ئاكتىپلىق بىلەن كادىر بولغان، نۇرغۇنلىغان گۇناھسىز ئادەملەرگە تۆھمەت چاپلاپ، جازا بەرگۈزگەن، چېقىمچىلىقتىن باشقىنى بىلمەيدىغان خۇشامەتچى، ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا دەشتۇباياۋاندىكى توغراقتەك قۇرۇپ، چۈگۈندەك كۆيۈپ، ئۆلمەي قۇرۇپ دوزاخ ئازابىنى تارتىپ ئۆلدى. ئۇنىڭ بىر ئوغلىنى شەھەردە دېيىشىۋاتقان، ئەمدى ئۇ كېلىپ، دوزاختىكى دادىسىنىڭ ئىزىنى باسمىسۇن دەيمىنا.

— ئاۋۇ تەرەپتە بىر ئىش بولمىغاندۇ؟— سورىدى قادىر.

— نېمىش بولسۇن، بالىلىرىم، ئېكسكۇرسىيىگە كادىرلار كېلەرمىش، 70 تىن ئاشتىم، تېخى كاردىن قالمىدىم. ئارپىغا ئورغاق تەگكەندىن باشلاپ، تېرىق پاخىلى يىغىشتۇرۇلغۇچە خامان ساقلايمەن، بالا تاپتىم، قاتارغا قاتتىم دېگەنبىلەن، بىر ئۆيگە ئىگە بولغاندا ئۆزىگە ئاران يېتىشىدىكەن، موماي بىلەن بۇ جاننى،— بوۋاي مەيدىسىگە ئۇرۇپ قويدى،— ئۆزۈم بېقىۋاتىمەن. كادىر دېگەن ھۆكۈمەت-

نىڭ ئاق بالىسىكەن، قېرىغاندا دەم ئالىدىكەن، پۇلنى بولسا ئوخ-
شاش بېرىۋېرىدىكەن. دېھقان دېگەن ئۆلگۈچە مىدىرلاپ تۇرمىسا ئاچ
قالىدۇ. كادىر دېگەن ئەجەب ھوشيار، ئەقىللىق بولىدىكەن، ئۆمرىدە
چامغۇر تېرىپ، سەۋزە قېزىپ باقمىغان بىلەن، بىزگە قايسى چاغدا
نېمە تېرىشنى، قانداق تېرىشنى ئۆگىتىدۇ. بىلمەيدىغانلار بىلىدىغان-
لارغا ئۆگەتكەچكە يىل بويى ئېتىزدىن چىقماي، تالادىن كىرمەي
ئىشلىسەكمۇ يەنە ئۆزىمىزنى باقالمايمىز. سەككىز- توققۇز ئاي دۆلەت-
نىڭ ياردىمىگە تايىنىمىز. دېھقان دېگەننىڭ بېشىدا كۈندە مىڭ سەۋ-
دا، سىلەرگە ھەرقانچە دېسەممۇ دېھقانلارنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەنمەيسى-
لەر، بالىلىرىم، ئېكىسكۇرسىيىگە كېلىدىغان باشلىقلارمۇ ئاجايىپ
ئادەملەركەن. يۇرت كاتتىۋاشلىرىمۇ ئۇلارنىڭ كېلىدىغانلىق خەۋىرى-
نى ئاڭلىسا، ئىككى پۇتى تۆت بولۇپ كېتىدۇ. خەلق كەمبەغەل
بولسىمۇ قوي سويۇپ، خۇشامەت قىلىدۇ. توۋا قىلدىم، خۇدا بەزى-
لەرنى ئەتىۋار، يەنە بەزىلەرنى بىئەتىۋار يارىتىدىكەن. ئۆمۈر بويى
مۇشۇ زېمىننى ئەتىۋارلاپ، تەر تۆكۈپ ياشىغان بولساقمۇ، ئالدىمىزدا
چوڭ بولغان بىرسى تۆت ئالا غورىنى يەپ باقامسىن دېمەيدۇ. ئۆمرىدە
كۆرۈپ باقمىغان نەدىكى ئادەملەرنى بېشىغا ئالغۇدەك قىلىپ كېتىدى-
كەن. نېمىشقا شۇنداق قىلىدىغاندۇ دېسەك ئۇلار خۇشامەت بەدىلىگە
ئەمەل، مەنسەپ بېرىدىكەن ئەمەسمۇ! ئۇلارمۇ ئاجايىپ ئادەملەركەن،
ياخشى - يامانىنى، توغرا - خاتانى ئايرىشنى ئويلاپمۇ قويمايدىكەن.
نامرات دېھقانلارنى يوقلىغاندەك قىلىدىكەنۇ، ئەمەلىيەتتە شىلىپ كې-
تىدىكەن. ئۇلارنىڭ يېگەن - ئىچكەنلىرىنى دېھقانلاردىن ئۇندۇرۇۋال-
دىكەن. يېگۈلۈكنى يېدىم، كۆرگۈلۈكنى كۆردۈم، بۇگۈن دادىخاغا
بېرىپ، ئىككى ئېغىز ھەق گەپ قىلاي دەپ ماڭدىم. پېچاق سۆڭەككە
يەتتى، جان ھەلقۇمغا كەلدى، — بوۋاي قولى بىلەن تاناپتەك تارتى-
شىپ كەتكەن كېكىردىكىنى تۇتۇپ كۆرسىتىپ، چوڭ - چوڭ قەدەم
تاشلاپ مېڭىپ كەتتى.

يىگىتلەر بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك بىر- بىرىگە مەنىلىك قارى-

شىپ قويدى. سادىرلارنىڭ مەقسىتى بۇ نامرات، چەت كەنتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆرۈش بولغاچقا، ئادەم توپلىشىۋالغان كەنت مەركىزىدە تۇرماي، ئاياغ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار قەدەملىرىنى ئېغىر يۆتكەيتتى.

— قورساق ئاچتىمۇ؟

ئەركىن ئارىدىكى سۈكۈتنى بۇزدى. سادىرنىڭ كۆڭلى پەرىشان، تۇيغۇلىرى چۇۋالچاق ئىدى. كاللىسىدا دېھقان بىلەن ھارىيىنىڭ تە- سىرى بىر- بىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەندەك، دەماللىققا ئايرىغىلى بولماي- دىغاندەك قىلاتتى. قادىرمۇ كەچمىشلەرگە باي، قىسمىتى ئاچچىق، زېرەك بوۋاينىڭ شىكايەتلىرىدىن تەسىرلەنگەندەك تۇيغۇدا بېشىنى سېلىۋالغانىدى.

ئەركىن ئوتتۇرا بوي، كەم سۆز، مىجەزى ئېغىر، داۋاملىق ئۆز خىيالىنى سۈرۈشكە ئامراق يىگىت ئىدى. ئادەتتە كۆپ گەپ قىلمايت- تى، خېلىلا قىزىق پاراڭ بولۇپ ئەتراپىدىكىلەر تەڭلا كۈلگەن ھالەت- تىمۇ، ئۇنچىقمايتتى. گەپنى دەڭسەپ جايىدا قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ گەپلىرى ئىجراسىز ياكى جاۋابسىز قالمايتتى.

— قورساق ئاچسا قانداق قىلىمىز؟— ئەركىنگە سوئال نەزىرىدە قارىدى سادىر.

— بىرسىنىڭ ئۆيىگە كىرىمىز- دە.

— دېھقانلارنىڭ ئۆيىدە چايدانغا ئېلىپ قويغان چاي بولمايدۇ. ئەتىگەندە بىر ۋاخ چاينى ھەرخىل ئۇسۇل بىلەن قايىنتىپ ئىچسە، چۈشلۈكى ئاساسەن قۇرۇق نان يەيدۇ. ئۇسسىغاندا سوغۇق سۇنى ئىچىۋېرىدۇ. كەچلىك تاماقنى كالا تېزىكى، يىرىك سامان، چاكاندا دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن ئەپلەپ - سەپلەپ پىشۇرۇۋالىدۇ. شۇڭا، ئۇلار سوغۇقتا توڭمايدۇ. جاپادىن قورقمايدۇ.

— ئۇنداق بولسا قانداق قىلىمىز؟

— قېتىق بار ئۆيگە كىرىمىز. دېھقان خەق بار نەرسىسىنى مېھماندىن ئايىمايدۇ.

— بۇ ئەتراپتا كالا باردەك ئەمەس.
— كالىمۇ چىقىدۇ، ھەتتا سىغىن ئىنەكمۇ تېپىلىپ قالىدۇ.
— ئۇنداق بولسا، سەن موزايلىق ئىنەك بار ئۆينى تاپسەن جۇمۇ؟— گەپكە ئارىلاشتى قادىر.
— بولىدۇ. ئىنەكلا ئەمەس، قېتىق بار ئۆينى تاپاي،— دېدى سادىر ئىشەنچ بىلەن.

يىگىتلەر بىر- بىرىگە قارىشىپ قويدى. سادىرنىڭ شەيئىلەر مۇناسىۋەتلىرىنى، ھەتتا بوشلۇقتىكى مۇناسىۋەتلەرنى پەرەز قىلىش سەزگۈرلۈكى كۆپىنچە ھاللاردا ئەمەلىيەتكە يېقىن چىقاتتى. تەسەۋ- ۋۇرلىرى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئېنىقلىققا يېتەتتى. بۇ قېتىممۇ ئۇ توغرا ھۆكۈم قىلىشقا تىرىشىپ، ئاپتاپتا كۆيۈپ سارغىيىپ كەت- كەن ئۆيلەرگە سىنچى كۆزلىرى بىلەن قارايتتى. ئۇنىڭ تاسادىپىيلىق بىلەن سۆيگۈ ئوتى چۇشكەن يۈرىكى كېتىپ - كېتىپ ئېغىپ، مارىيە- نىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىنى خىيالەن سېغىنىپ قالاتتى. كۆڭۈل قۇشى مەشۇقىنىڭ سىيماسىنى ئىزدەپ تۈگمەن بېشىدا ئەگىيتتى. پەقەت نەپسى بولسا قورساقنىڭ غېمىدە ئىدى.

— جەزم قىلىمەنكى، ئاشۇ ئۆيدە كالىمۇ، قېتىقمۇ بار،— دېدى سادىر ھويلا تاملىرى ئېگىز رەك قوپۇرۇلغان، ھويلا ئىچىدە جىگدە دەرەخلىرى باراقسان ئۆسكەن بىر ئۆينى كۆرسىتىپ.

يىگىتلەر ھويلىغا كىرىپلا، بىر- بىرىگە قارىشىپ كۈلۈشتى. ھويلا تاملىرىغا نان ياققاندەك چاپلانغان كالا تېزىكى بۇ ئائىلىدە كالىنىڭ بارلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ھويلىنىڭ دەرۋازىغا قارشى تەرەپتىكى بۇلۇڭدا ئارپا سامىنى ۋە بىر تاغاردەك ئوت تۇراتتى. سادىرنىڭ تەسەۋۋۇرىدا بۇ ئوت ئىنەكنى سېغىشنىڭ تەييارلىقى ئى- دى. ھويلىدىكى شەپىنى ئاڭلىغان بولسا كېرەك، 40 ياشلاردىكى ئوتتۇرا بوي، گۆشلۈك يۈزى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن بىر ئايال ئۆيدىن چىقتى.

دېھقانلارنىڭ قەلبى ئېتىزدەك كەڭ، باھار ئاپتىپىدەك ئىللىق،

كۆك ئاسماندەك سوزۇك كېلىدۇ. نادانلىق بىلەن نامراتچىلىقلا ھەدېسىلا ئوڭايسىز ئەھۋالدا قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە نادانلىقنىڭ ئۆزىلا نامراتلىققا دۇچار قىلىدۇ. ئىنساننىڭ مەنىۋى دۇنياسى باي بولسا، ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەرقانچە تۆۋەن بولسىمۇ، ھېچكىم نامرات دېيىشكە پېتىنالمايدۇ. شارائىت تۇپەيلى ئوقۇش، تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي، ساۋاتسىز قالغان دېھقانلىرىمىز ئىچىدە كاللىسى ئوچۇق، سەزگۈر، روھى پاك، كەڭ قورساق، ئىمانى كامىل ئادەملەر ناھايىتى كۆپ. بۇ ئايال شۇنداق قاراشقىلا ياخشى ئائىلە تەربىيىسى ئالغان، پەردىشەپلىك، ئانىلىق پەزىلىتى چاقناپ تۇرغان، پاك ئايالدەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئۇ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان ئۈچ ناتونۇش يىگىتنى كۆرۈپ، ۋىللىدە قىزاردى. قوللىرىدىكى بىر نېمە يۇقۇندىلىرىنى قېقىپ، رومىلىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ قالغان بىر ئۇچىنى كەينىگە تاشلاپ سالام بەجا كەلتۇردى. ئۇ دەماللىققا ھودۇققاندەك قىلسىمۇ، چىرايىدا چاقىرىلمىغان بۇ «مېھمانلار» غا قىلچە نارازى بولۇۋاتقانلىق ئىپادىسى كۆرۈنمەيتتى.

قادىر ئايالنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇشنى ئويلىغاي بولغاي، ئۆزلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئېيتتى.

— چايدەك بىر نەرسە بارمىكىن دەپ، سىلىنى كۆڭلىمىز تارتىپ كىرىپ قالدۇق.

— سىلەردىن چاي ئايلانسۇن، كېلىڭلار. كېلىڭلار، ئۆيگە كىرىڭلار، چاينى ھازىرلا تەييار قىلىمەن.

ئايال نىمكەش شەمبىزە كۆرپىنى يىگىتلەرنىڭ تۇزۇتلىرىگە قارىماي، پاكىز قارا كىگىزنىڭ ئۈستىگە سالدى. ئاندىن قولغا سۇ بېرىپ، داستىخان سېلىپ، ئەتىگەن ئوچاققا ياققان يۇمشاق ئارپا نېنىنى قويۇپ ئىزاھات بەردى:

— ئۆزۈڭ نېمە يېسەڭ دوستۇڭغىمۇ شۇنى بەر دېگەندەك، ئۆيدە بارنى ئەكەلدىم. تارتىنماڭلار، يېڭى ئارپا نېنى، چاينى ھازىرلا تەييار قىلىمەن.

— سىغىن كالا بار ئوخشىمامدۇ؟— مەقسەتكە يېتىش غەرىزىدە سورىدى قادىر سادىرغا كۆز يۇمچەكلەپ.

— ھە، بىر ئىنەك بار ئىدى. تۇغقىنى بىر ئايدىن ئاشتى،— ئايال بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك سورىدى،— قېتىق ئىچەمسىلەر يا؟ ۋاي خۇدايىمەي، ئېسىم قۇرۇسۇن، «سوراپ بەرگۈچە ئۇرۇپ بەر» دېگەندەك نېمىلەرنى دەپ كەتتىم.

ئايال ئۆزىنىڭ گېپىگە ئۆزى ئىزاھات بېرىپ، يانىدىكى ئۆيدىن بىر خۇمرا قېتىقنى كۆتۈرۈپ كىردى. يىگىتلەر قورساقلىرىنى تويدۇرۇپ، ئايالغا رەھمىتىنى بىلدۈرۈپ، مەكتەپتىن چۈشلۈك ئۈچۈن بەرگەن ئىككى ناننى داستىخانغا قويۇپ قوزغالدى. ئايال ئۇلارنى كوچىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. قادىر كەينىگە قاراپ قويۇپ، سادىرغا چاقچاق قىلدى:

— راستىنلا ئەۋلىيادەك نېمىكەنسەن، رەمباللىق قىلساڭمۇ قاملاشتۇرغۇدەكسەن. قالتىس ئىش بولدى. سەپەرداشلىققا يارايدىكەنسەن.

يىگىتلەر تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى.

## 2

سادىر يالغۇزلۇقنىڭ ھوزۇرىنى سۈرۈشكە ئامراق ئىدى. جانلىقلار بىلەن زېمىن، تەبىئەت بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك مۇناسىۋەتلەرنى ئۆزى قانائەت ھاسىل قىلغۇدەك چۈشەنمىگۈچە بولدى قىلمايتتى. ئەمما، ئۇنىڭ روھىي ئىنتىلىشلىرىگە مەنىۋى مادارى يەتمەيتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆگىنىشكە ئالاھىدە ئىشتىياق، قىزغىنلىق بىلەن تىرىشاتتى. ئۇ، ھەتتا ئاددىي بىر قۇشنىڭمۇ ئۇچۇپ - قونۇشلىرىغا قەدەر بولغان ھاياتلىق ھەرىكەتلىرىنى بېرىلىپ كۆزىتەتتى. ئۇلارنىڭمۇ جۈپ يارالغانلىقىغا زوقى كېلەتتى. جۈپلىشىپ ياشاش ھاياتلىقتىن بەھرە ئېلىشلا ئەمەس، ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ

ئاساسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەندە، مۆجىزىگە تولغان تەبىئەتكە، تەڭرىنىڭ قۇدرىتىگە قايىللىقى ھەسسىلەپ ئاشاتتى. كىتاب ئوقۇغان-دىمۇ ھەربىر ئابزاس، ھەربىر جۈملىسىنى ئەقلىدىن ئۆتكۈزۈپ، مەزمۇنىنى چۈشىنىپ ئاپتورنىڭ ئەمگىكىنىڭ قەدرىگە يېتەتتى. ئەمە-دىلىكتە قانداقلىكى كىتابنى ئوقۇسا ھەربىر قۇرىدىن مارىيە ماراۋات-قاندەك تۇيغۇ پەيدا بولاتتى. كۆككە باقسا يۇلتۇزلار مارىيەنىڭ كۆز-دەك چاقنايتتى. يېشىل ياپراقلار، رەڭدار مېۋىلەر، مەيىن شاماللار-دىن مارىيەنىڭ ھىدى كېلەتتى. ھە دېگەندە قىزنىڭ زىل، يېقىملىق ئاۋازى قۇلىقى تۈۋىدە جاراڭلايتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە مارىيە ياققان مۇھەببەت ئوتى يالقۇنلاشقا باشلىغانىدى. شۇ كېچىسى ئۇ زادىلا ئۇخ-لىيالمىدى. خىيالىدا مارىيەنىڭ قىزىلى قىزىل، ئېقى ئاق سورتلۇق توغاچتەك يۈزلىرىنى سىيلايتتى…

سادىر تۇرمۇشنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىرىنى يەتكۈچە تارتقان دېھ-قان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بولسىمۇ، بۈگۈنكىدەك بىئارام بولمىغانىدى. ئۇنىڭغا بۇ قېتىمقى مەنىۋى ئىنتىلىشنىڭ، سۆيگۈ تەشۋىشىنىڭ ئەلىمى بەك ئېغىر كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆڭۈل قۇشى مارىيە تەرەپكە ئۇچاتتى. ھالبۇكى، مەنزىل گۈڭگا، تۇمانلىق ۋە دەرد-ئەلەمگە تولغان ئىدى. ئۇ بۇرۇن قاپ يۇدۇپ كېتىۋاتقان قىز- ئايال-لارغا، ئۇستىدىكى تاغار بىر يانغا ئېغىپ كەتكەنلىكتىن تولغىنىپ ماڭالمايۋاتقان ئورۇق ئېشەكلەرگە، ئاغزى بوغۇقلۇق پېتى خاماندىن يانغان كالىلارغا، گۈلدىن - گۈلگە قونۇپ ئۇچۇپ يۈرگەن كېپىنەك-لەرگە قاراپ خىيال سۈرسە، ئەمدى مارىيە بىلەن ئۇچرىشىشنى، ئۇچراشقاندا قىلىدىغان گەپلىرىنى يادلايتتى.

مارىيەنىڭ ئائىلىسى شەھەر كوچىلىرىنىڭ چېتىدىكى تۆت كو-چىنىڭ دوقمۇشىدا ئىدى، سادىرغا مەكتەپكە بارغان - يانغاندا مارىيە بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىش مۇمكىنچىلىكى باردەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى، مۇرەككەپ ھېسسىياتتا دەرۋازا ئالدىدىن ئۆتكەندە بولسا، گويا بىرسى كۆرۈپ مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك خۇدۇكسىرەپ پۇتلىرى تىترەپ كەت-

تى. شۇنداقتىمۇ دەرۋازا ئالدىدىن ئۆتۈپ بولۇپ يەنە كەينىگە ياندى.
سادىرنىڭ مەقسىتى مارىيە بىلەن كۆرۈشۈش، كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى دېيىش ئىدى. سادىر ئۆزىگە ئۆزى ھەيران بولاتتى، ئۆزىگە ئۆزى كۈلەتتى. شۇنچە مەغرۇر، ئۇمىدۋار بۇ يىگىت گاڭگىراپلا قالغان- دى. ئېتىكى كەڭ جاھان بىردىنلا تار تۇيۇلۇشقا باشلىغانىدى. مۇ- ھەببەت تەشنالىقىنىڭ، ياشلىقتىكى سۆيگۈ قىزغىنلىقىنىڭ تۇيۇ- نۇش، كېيىنىش ئېھتىياجىدىن، ماددىي جەھەتتىكى موھتاجلىقتىن ئۈستۈن كېلىۋاتقانلىقى سادىرنى نىسبەتەن چىگىش زىددىيەت قاينام- لىرىغا سۆرىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى تاماق تارتمايتتى، ئىچ- ئىچىدىن يىغا ئۆرلەپ، قەلبى ئازابلىناتتى. ئۇن سېلىپ يىغلىغۇسى كېلەتتىيۇ، ئەلىمىنى ئىچىگە سىڭدۈرەتتى. يۈرىكى يىغلاۋاتسىمۇ، ئەقلى ئەركىشىنىڭ كۆز يېشى قىلىشىنى مۇۋاپىق كۆرمەيتتى.

سادىرنىڭ يەتتە - سەككىز ياش چاغلىرى بولسا كېرەك، ئۇ ھويلىدا ئويناۋاتقاندا، كەنتنىڭ مۇدىرى مامۇت قارا تەلەتىدىن قار- مۇز ياغدۇرۇپ كىرىپ كەلدى - دە، دادىسى توختىچوڭنى چاقىردى. ئەسكىلىكتە نەشتىرىنى سانجىمىغان ئادەم قالمىغان مامۇت قارىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان توختىچوڭ ھويلىغا چىقتى. مامۇت قارا «ئاخشام نەگە باردىڭلا» دېگىنىچە ئۆيگە ئۇسۇپ كىرىپ، سۇپىدىكى يېرىم تاغار خۇۋەينىگۇلىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. بۇ گۇلىنى توختىچوڭ كېچە «ئىت يولى» بىلەن بەشكېرەمدىن ئېلىپ كەلگەنىدى. شۇڭا، ئىچى ئېچىشىپ كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈلدى.

سادىر چوڭقۇر ئويغا پاتتى، ئىلگىرى - كېيىن باشتىن كەچۈر- گەن ئاچچىق قىسمەتلەر خىيالىدىن بىر- بىرلەپ ئۆتتى. لېكىن ئۇ، ئىنسان ئۆز ھاياتىدا خاتىرجەملىكتىن تەشۋىشكە، بەخت - سائادەتتىن بەختسىزلىككە، راھەتتىن جاپاغا كۆپرەك دۇچار بولىدىغانلىقىنى تې- خى چۈشەنمەيتتى. سۆيۈش بىلەن سۆيۈلۈش، كۈلكە بىلەن يىغا ئوتتۇرىسىدىكى ھەم لەززەتلىك، ھەم دەرد - ئەلەملىك تۇيغۇنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبىنى بىلمەيتتى.

باللىقىنى غەمسىز ئۆتكۈزگەن سادىرنىڭ ئاتا بولۇش قىزغىنلىقى ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويغانىدى. ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭغا ھەرخىل باھالارنى بېرىشەتتى. دەرۋەقە كىشىلەردە ئۆزلىرىنىمۇ چۈشەنمەي تۇرۇپ، باشقىلارنى چۈشىنىشكە، باشقىلارغا باھا بېرىشكە ئالدىراش پىسخىكىسى ئۈستۈن بولىدۇ. لېكىن، سادىر ئۆزىگە، ئۆزىنىڭ روھىي ئالىمىنى مالىمان قىلىۋاتقان مارىيەگە قانداق باھا بېرىشنى، قانداق پوزىتسىيە تۇتۇشنى بىلمەيلا قالغانىدى. چۈنكى ئۇ، مارىيەنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى چۈشەنمەيتتى.

ئىككى ئاي شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ كەتتى، سادىر قىزغا ئاشىق-بىقارار ئىدى. مارىيە سادىرنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋېلىپ ئۇنى ئەتەي ئازابلاۋاتقاندەك قارىسىنى كۆرسەتمەيۋاتاتتى. بۇرۇن ئىككىسى پات-پات قارىشىپ قالاتتى. سادىرنىڭ كۆڭلى تەشۋىشكە چۈشكەندىن بۇيان ئۇچرىشىشمۇ نېسىپ بولمايۋاتاتتى. سادىر ئۆزىنى دەڭسەپ كۆرۈپ، مارىيە بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا ئۇنىڭغا گەپ قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا بۇرۇنقىدەك سالاملىشىشقىمۇ جۈرئەتتى يوقتەك ھېس قىلدى. ئاخىر ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۇنىڭغا مەلۇم ئۇسۇل بىلەن بېرىش نىيىتىگە كەلدىيۇ يەنە ئىككىلىنىپ قالدى. ئۇنىڭچە خەت يېزىشمۇ تازا مۇۋاپىق چارە ئەمەس ئىدى.

مارىيەنىڭ خىيالىنى قىلىش ۋەسۋەسىسى سادىرنى ئارامىدا قويمايۋاتاتتى. سادىر تېخى پىشمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە رىئاللىققا ئايلىنىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان ساددا ھېسسىياتىنى ئاشكارىلاشنىڭ كۈلكىلىك بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. قادىردىن مەسلىھەت سوراپ باققۇسى كەلدىيۇ، ئۇنىڭ دائىم ۋالاقلاپلا يۈرىدىغانلىقىنى ئويلاپ بۇ نىيىتىدىنمۇ ياندى.

## 3

— يېزىغا چۈشىدىكەنمىز.

— نەدىن كەلگەن بولساق شۇ يەرگە كەتكۈدەكمىز.

— «تازغا تاڭ ئاتقان نەدە بار» دېگەندەك بىر ئىش بولىدىكەن-

دە!

— باشتا كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ؟

— «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تېخى ئاياغلاشقىنى يوق، ھازىرمۇ شۇ ئىنقىلابنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىمىز...

ئوقۇغۇچىلار توپ - توپ بولۇشۇپ ئۆزئارا غۇلغۇلا قىلىشاتتى. سادىر گەرچە مەلۇم توپقا مەنسۇپ بولىسىمۇ، پەرۋاسىز پوزىتسىيە تۇتۇپ، تالاش - تارتىشقا ئارىلاشمايتتى. شۇنداقتىمۇ «ئوقۇغان ئادەم ھامان يەردە قالمايدۇ» دېگەن قاراشقا ئىشىنەتتى. كۆپىنچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇددىئاسى ئوقۇپ بىلىم ئېلىشتىن كۆرە، خىزمەتچى بولۇش ئىدى. سادىرنىڭ ئوي - خىيالى ساۋاقداشلىرىنىڭكىدىن ھالقىپ كەتكەچكە، روھىي جەھەتتىن يېتىمسىرەپ، قاڭقىغان قۇشتەك يالغۇز قالغانىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ يىگىتلىك تۇيغۇسى ئەۋجىگە چىققان بولۇپ، توختىماي ئويلىناتتى. ئەمما، ئويلىغان نەرسىنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتى.

تومۇز ئايلىرى بولغاچقا ھاۋا ئىسسىق ئىدى. ياسىن مۇئەللىم گويا بىر ئىشقا تەقەززا بولغاندەك ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسى تەرەپكە پات - پات قاراپ قوياتتى. تاماكىنى كەينى - كەينىدىن شوراپ، گويا قەلبىدىكى دەرد - ئەلەملىرىنى ئاچچىق تۇتۇنگە قوشۇپ چىقىرىۋاتقاندەك بولۇق ئىسنى ئېغىز - بۇرنىدىن تەڭ قويۇپ بېرەتتى.

ياسىن مۇئەللىم ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭ ئادەم بولۇپ، كەسىپنى قەدىرلەيدىغان، ئەستايىدىل، ئەتراپلىق بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە ئىدى، دەرسنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئۆتەتتى. ئۇ سادىرلارنىڭ سىنىپ مۇدىرى بولۇپ، سادىر سىنىپ باشلىقى ئىدى.

بىر توپ ئوقۇغۇچى ياتاق بىناسىدىن چىقتى، سادىرمۇ شۇ توپ ئارىسىدا كېلىۋاتاتتى. ياسىن مۇئەللىم ئۇنى چاقىرىپ دېدى:

— چۈشتىن بۇرۇن مەكتەپ رەھبەرلىكى بىزگە يەتكۈزدى، يېزىغا چۈشكۈدەكمىز، چۈشتىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈڭلار دەيدۇ. ئوقۇغۇچىلار تولۇق قاتناشسۇن.

— ئۆگەنگەن نەرسىنىڭ تايىنى يوق. يېزىدا نېمىش قىلمىدىكەنمىز؟

— مەنمۇ بىلەلمىدىم، بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ قايسىبىرى ئۆز قانۇنىيىتى بىلەن بولۇۋاتىدۇ دەيسەن. ئوقۇغۇچى دېگەن تىرىشىپ ئوقۇشى، بىلىم ئىگىلىشى كېرەك، كەلگۈسىدە جەمئىيەتكە چىقىپ ئىشلەيدىغان گەپ، شۇڭا پۈرسەتنى تۇتۇپ ئۆگىنىپ، ئۆزىنى ساپا ۋە سۈپەت جەھەتتىن ياراملىق ئەۋلادقا ئايلاندۇرۇشى زۆرۈر. ئەپسۇس، زامان نازۇكلىشىپ كەتتى. ھەرقانچە ساداقەتمەن ئادەم بولساڭمۇ يوللۇق گەپلىرىڭ ئاقمايدۇ، «خوش» دەپ تۇرماقتىن باشقا ئامال يوق. ياخشى كۆڭلۈڭ ئۈچۈن گۇناھكار بولۇپ قالىسەن. بىردەم ئۇ ھەرىكەت دەۋاتقان، بۇ ھەرىكەت تۈگىمەي تۇرۇپ، يەنە بىر ھەرىكەت باشلىنىۋاتقان، دۆلەتنى قۇدرەت تاپتۇرۇش ئۈچۈن مائارىپنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئوقۇغۇي دەپ قوبۇل قىلىپ ئەمگەككە سالسا...— ياسىن مۇئەللىم يەنە تاماكا ئوراشقا باشلىدى. ئۇ سادىرغىلا كۆڭۈلدىكىنى ئېيتاتتى، خالىيراق يەردە ئۇچرىشىپ قالسا، ئۆزىچە ھاياجانلىنىپ قايناپ كېتەتتى. ئۇ تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، كەينى - كەينىدىن شورىۋېلىپ، ئىسىنى پۈۋلىۋەتكەندىن كېيىن، ۋەزمىن تەلەپپۇزدا گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇ يىل ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان تۆت سىنىپ تۆت كەنتكە بارىدىكەنمىز، بىز مەشھەت كەنتىگە بارىدىغان بولدۇق. ئىككىمىز ئەتە بېرىپ لۇشيەن تەربىيە كادىرلىرى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاق مەسىلىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ كېلىمىز. ئىككى كۈندىن كېيىن، بىراقلا يۆتكىلىمىز. ياتاق، تاماق بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ياخشى ئاشپەزدىن بىرنى تاپىمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىيەتنىڭ رايىغا قاراپ ئىش تۇتىمىز. مەن سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىدە شۇ كەنتكە چۈشكەن، خەلقى مېھماندوست، تىرىشچان.

ياسىن مۇئەللىم سادىر بىلەن پاراڭلاشقاندا تولىمۇ مەغرۇرلە-

شىپ كېتەتتى، ھەربىر سۆزىنىڭ ئۇرغۇسىغا ھېسسىيات تۇسى بې-
رىپ، پىكرىنىڭ مەزمۇنىنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىپادىلەشكە
ئەھمىيەت بېرەتتى. سادىر گەرچە ئوقۇغۇچى بولسىمۇ، ئۇنىڭ نەزە-
رىدە ئۇمىدلىك يىگىت ئىدى. سادىرمۇ بۇ تەلەپچان ئوقۇتقۇچىسىنى
ئالاھىدە ھۆرمەتلەيتتى. قورۇنماي، تارتىنماي پىكىرلىشەتتى، ئۇ
ياسىن مۇئەللىمنىڭ گەپلىرىدىن تەسىرلەندى بولغاي، تولۇقلىما سۇ-
پىتىدە ئېيتتى:

— شارائىت يار بەرمىسە ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن
بىلەنمۇ نەتىجە چاغلىق بولغۇدەك، شارائىت يار بەرسە، مەكتەپ
قوللىسا، ئۇستازلار يېتەكلىسە، ئاندىن ئۆزىدىن رازى بولغۇدەك،
جەمئىيەتكە يارىغۇدەك ئادەمگە ئايلانغىلى بولىدىغان ئوخشايدۇ.

— چەۋەندازغا مەيدان ۋە بەيگە ئېتى بولمىسا ماھارىتىنى جارى
قىلالمايدۇ، شارائىت ۋە پۇرسەت ئارزۇ بىلەن ئىرادىنىڭ ئىشقا
ئېشىشىنى ئىمكانىيەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بىلىم، پەن - تېخنىكا
پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق. غەربلىكلەر ئاي شارىدا سەيلە قىلىۋاتـ
سا، بىز ئېشەك بىلەن كالىنى بوزەك ئېتىپ تىللاپ، دۇمبالاپ
يۈرسەك، كەلگۈسىمىزدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىنمۇ! — دېدى ياسىن
مۇئەللىم قوللىرىنى شىلتىپ.

* * *

ياسىن مۇئەللىم رەتلىك ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىلارغا گويا ئۇلار-
نىڭ روھىي ھالىتىنى كۆزەتمەكچىدەك تەكشى قاراپ چىققاندىن كې-
يىن، تاماكىنى قاتتىق بىر شورىۋېلىپ ئېيتتى:

— ساۋاقداشلار، يېزىغا كەلدۇق، بۇ گەپنى يەنە بىر تەكرارلاپ
قوياي، دېھقانلارغا ھەر جەھەتتىن ياخشى تەسىر قالدۇرۇشقا ئەھمى-
يەت بېرىڭلار، بىر- بىرىڭلارغا ئىلمىي، سەمىمىي مۇئامىلە قىلىڭ-
لار، خەلق بىزنىڭ تەرىپىمىزنى قىلىپ قالسۇن. بۇ ھەممىمىزنىڭ

ئىناۋىتىگە، بۇنىڭدىن كېيىنكى كىشىلىك مۇناسىۋىتىمىزگە ئاچقۇچ-لۇق تەسىر كۆرسىتىدۇ. كوپېراتىپقا بارغانلار شۇ يەردىكى لۇشيەن تەربىيە كادىرلىرىغا ماسلىشىڭلار، مەكتەپكە بارغانلار پۇختا تەييارلىق قىلىپ، بىر سائەتلىك دەرسنى ئەستايىدىل ئۆتۈڭلار، ئۆزۈڭلارغا ئېنىق بولمىغان نۇقتىلارنى بىر- بىرىڭلاردىن سوراڭلار. خاتا دەرس ئۆتۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار، بىر-بىرىمىزنىڭ، تېخىمۇ مۇھىمى ئۆزىمىزنىڭ ئىناۋىتىمىزنى ساقلايلى.

ياسىن مۇئەللىمنىڭ مەسئۇللۇقىدىكى سىنىپ تۆۋەنگە بارغاندىن كېيىن، بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ھەرقايسى كوپېراتىپلارغا تەقسىم قىلىندى. دەرسنىڭ ھۆددىسىدىن چىققۇدەك مەدەنىيەت ئاساسى بارلار كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا ياردەملىشىشكە ئاجرىتىلدى. سادىر بولسا ياسىن مۇئەللىمگە ھەمكارلىشىپ ئوقۇغۇ-چىلارنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. سادىر كۆپىنچە ھاللار-دا ياتاقتا يالغۇز قالاتتى. ياتاق دېگىنىمىز بىر دېھقان يېڭىدىن كۆ-چۈشكە ئۈلگۈرمىگەن ئۆي ئىدى. سادىر پۇرسەت تاپسىلا كىتاب كۆ-رەتتى. كىتابتىكى مەزمۇنلارنى ئانالىز قىلاتتى. پېرسوناژلار خاراك-تېرلىرىنى رېئال تۇرمۇشتىكى كىملەرگىدۇ تەتبىقلايتتى. يېڭى مۇ-ھىت، يېڭى ئادەملەر ئۇنىڭغا يېڭىچە ئوي - پىكىر ئاتا قىلماقتا ئىدى. دېھقانلارنىڭ پۈتكۈل پائالىيەتلىرى كۆن بويى كادىرلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولاتتى. بۇ كەنتتىكى دېھقانلارنىڭ كۆپچىلىكى ئاشپەز، ناۋايلار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى بۇ كەسىپتىن ھەرگىزمۇ ئايرىلالمايتتى. كادىرلار بۇ ئىشنى قىلدۇرماسلىققا ئۇرۇناتتى. مۇشۇ ئىشنى چىڭ تۇتۇش، ئىلاج بار پەقەتلا قىلدۇرماسلىق كادىرلارنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم خىزمىتى ئىدى. ئەمما، تىرىشچان، زېرەك، ئۆزلىرىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ساقلاشنى ئوبدان بىلىدىغان خەلق ئاممىسى بۇ ھۈنەردىن ھەرگىزمۇ قول ئۈزمەيتتى. چۈنكى، دېھقانلارنىڭ قولى شۇنىڭغا تايىنىپلا پۇل كۆرەتتى، چىدامچانلىقنى ئادىتىگە ئايلاندۇرغان دېھقانلار شېرىن ئۇيقۇسىدىن كېچىپ كېچىلەر-

ده بىر- ئىككى تونۇر گىردە يېقىپ، ئەمگەكتىن بوشىغان چاغلىرىدا بازارغا ئاچىقىپ قويۇنلىرىغا تىقىپ سېتىشاتتى. ناننى ئوغرىلىقچە يېپىشتىن بازاردا سېتىش نەچچە ھەسسە قىيىنغا چۈشەتتى. ئەگەر بازار باشقۇرغۇچىلارغا تۇتۇلۇپ قالىدىغان بولسا، نانلىرىنى يىپقا ئۆتكۈزۈپ بويىنىغا ئېسىپ، سازايە قىلدۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار بۇ ئىشتىن يالتايمايتتى. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھېچبىر گۇناھلىق ئىش قىلمايۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، يەنە كېلىپ بۇ ئىشنىڭ پايدىسى ئوبدان ئىدى. بىر چارەك بۇغدايدىن ئاز دېگەندىمۇ كېيىنكىدىن باشقا ئون نان ھايان قالاتتى. ئۇلار شۇ دەرىجىدە ئىشچان، تىرىشچان بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنچە قەھەتچىلىك يىللاردىمۇ ھەرقانداق ئۆيگە تاسادىپىي «مېھمان» كىرسە، تۆت گىردە بىلەن بىر چەينەك چاي داستىخانغا بىمالال چىقاتتى. زىرەك، سۆزمەن، ئوڭلۇق بۇ خەلق ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا «پادىشاھلىقتىن يىقىلساڭ ئاشپەز بول» دېگەن گەپ بار دېيىشىپ، ئۆزلىرى تاللىغان بۇ خاسىيەتلىك كەسىپتىن پەخىرلىنىشەتتى. ئۇلار بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، بازارنى سەگەكلىك بىلەن «كونترول» قىلىپ تۇراتتى، يولسىز نوچىلاردىن قورقۇپ قالمايتتى، ياۋاشلارغا ھېسداشلىق قىلاتتى. بىرەر ئىشقا يولۇقسا تەڭ ئارىلىشاتتى، سودا - سېتىق داۋامىدا يولۇققان ئۇششاق دەتالاشلارنى ۋاقتىدا، توغرا ھەل قىلىپ، بازارنىڭ نورمال تەرتىپىنى ساقلايتتى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى لىللا مەيداندا تۇرۇپ ئىگىلەپ، ھەق گەپ قىلىپ، قايىل قىلىشقا تىرىشاتتى. «زاكات ئۈچ خىل بولىدۇ، — دەيتتى ئۇلار، — بىرسى پۇل، يەنە بىرسى كۈچ، ئۈچىنچىسى ئەقىل ۋە گەپ». ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەقىل زاكىتىنى ئەڭ كۆپ بېرىدىغانلار دەپ ماختىنىشاتتى. ئۇلارنىڭمۇ يولسىزلىقلىرى يوق ئەمەس ئىدى، يەنى يىراق - يېقىندىن ئوتۇن - سامان، قوغۇن - تاۋۇز ئېلىپ كەلگەن دېھقانلارنى بوزەك قىلىپ، ئەرزان ئېلىپ ھەم نەرخىدىن، ھەم سانىدىن چۈشۈرۈپ ئۆكتەملىك قىلىدىغانلار پات- پات ئۇچراپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى يەنە

ئۆزلىرى بېرەتتى. ئۇلار شۇ دەرىجىدە ئۇيۇشقاق ئىدىكى، يۇرتىدا بىر- بىرى بىلەن پىچاق - توقماق كۆتۈرۈشۈپ ئۇرۇشقان بولسىمۇ، بازاردا قارشى تەرەپ باشقا بىرسى بىلەن جېدەللىشىپ قالسا، يەنە شۇنىڭغا بولۇشۇپ جان تىكەتتى. چۈنكى، ئۇلار بازارنى قوغدايتتى، بازار ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنىڭ مەنبەسى ئىدى. ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ بازارغا ياكى جامائەت خەۋپسىزلىك ئورۇنلىرىغا مۇناسىۋەت- لىك، ئادەتتە ھېچ كىشى ئېتىبار قىلمايدىغان ئادەتتىكى بىر ئىشچى- خىزمەتچىسىگىمۇ ۋاي دېسە ۋاي دەپ كۆچۈكلىنىپ، قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالاتتى. ئەگەر ئۇلارنىڭ ۋاقتى بولسا كۆرگەن، ئاڭلىغانلى- رىدىن تارتىپ ئۆزى دېگەن قىلغانلىرىغىچە «دوكلات» قىلاتتى. سا- دىر ئۇلاردىكى ھەققانىيلىك، دادىللىق، ئوچۇق - يورۇقلۇقتا زوقلان- سا، ئۆزلىرىگىلا ئىشەنمەيدىغان بىچارىچىلىكلەرگە ئېچىناتتى. سا- دىرنىڭ خىيالى زىددىيەتتىن زىددىيەتكە، مەسىلىدىن مەسىلىگە كۆ- چۈپ تۇراتتى. ئۇ كىشىلىك مۇناسىۋەت، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا كۆرسەت- كەن تەسىرلىرى ھەققىدە چوڭقۇر خىياللارنى سۈرەتتى. بىردىنلا ھويلىدا شەپە ئاڭلاندى. بۇ ئېنىقكى ياسىن مۇئەللىمنىڭ كەلگەنلىكى- نىڭ بەلگىسى ئىدى. ئۇ كەچتە شەھەردىكى ئائىلىسىگە كېتىپ، ئەتىگەندە كېلەتتى، ئۇ ۋېلىسىپىتنى دەسسىتىپ قويۇپلا سادىرغا قارىماي تۇرۇپ ئېيتتى:

— بالىلار كېتىپ بولدىمۇ؟ مەكتەپكە بېرىپ ئۇلارنىڭ ئەھۋالى- نى ئۇقۇشقاچ ئايلىنىپ كېلەمدۇق؟

سادىر ئۈنچىقماستىن ياسىن مۇئەللىمگە ئەگەشتى. كەنت باشلان- غۇچ مەكتىپى ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىغا ئۆتىدىغان يولنىڭ شىمال تەرىپىگە جايلاشقان ئىدى. ھەيۋەتلىك جامە مەكتەپنىڭ غەربىي جەنۇبىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. جامەنىڭ قاتار- قاتار كەتكەن مەزمۇت تۈۋرۈكلىرى كىشىلەردىكى كۈندىن - كۈنگە سۇسلاپ كېتە- ۋاتقان ئىماننى يۆلەپ تۇرۇۋاتقاندەك مۇستەھكەم ئىدى. سالاسۇنلار

جامەگە يارىشىملىق زىننەت بېرىپ تۇراتتى. كەڭ تۆت چاسا كۆل، زۇمرەتتەك تىپتىنىچ سۇ، كۆلنىڭ ئەتراپىدىكى شاخ - بوستانلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان قېرى سۆگەتلەر بۇ قەدىمىي ساياھەتگاھقا قەدەم تەشرىپ قىلغان ھەر بىر تاۋاپچىغا ھوزۇر بەخش ئېتەتتى. مەكتەپ بىلەن جامەنى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەقبەرىسىگە ئۆتىدىغان تار يوللا ئايرىپ تۇراتتى.

— بۇ جامە مەسچىتى، — گەپ باشلىدى ياسىن مۇئەللىم قولى بىلەن جامەنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — ئاتۇش ئازاقتىن چىققان بىر باي تەرىپىدىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سېلىنغانىكەن. جامە قەد كۆتۈرۈپ، كۆل كېڭەيتىلىپ بۇ يەرنىڭ قىياپىتىدە ئۆزگىرىش بول-غاندىن كېيىن، تاۋاپچىلار تېخىمۇ كۆپەيگەن. بۇ يۇرتتا بازار شەكىل-لىنىشىنىڭ ئاساسى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنى زىيارەت قىل-غۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ جامە ھازىر ھەر ھەپتىسى جۇمە نامىزى ئوقۇلۇپ، خەلقنى ئەدەپ-ئەخلاققا ئۈندەيدىغان جاي ئەمەس، بەلكى كەنتنىڭ مەجلىسخانىسى. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننى سىلەر ياشلار تازا بىلىپ كەتمەيسىلەر. ئۇ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانىنىڭ شاھزادىسى، ئاتىسى قازا قىلغاندا، ئۇ تېخى كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن تەخت ۋارىسى بولالماي، تاغىسى ئوغۇلچاق تەختتە ئولتۇرغان. سۇتۇق 18 ياشلارغا كىرگەندە سەئۇدىدىن سودىگەر سۈپىتىدە كەلگەن ئەبۇ نەسر سامانىي ئىسىملىك ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچى زات بىلەن ئارغۇ يېزىسىنىڭ بېشىدىكى جايپەچچىم دېگەن يەردە مەخپىي ئۇچرىشىپ ئىسلام دىنى تەلىماتىنى ئېلىپ مۇسۇلمان بولغان، ئىسمىنى «ئابدۇكېرىم» دەپ ئۆزگەرت-كەن. «ئابدۇكېرىم» نىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسى خۇدانىڭ قۇلى ياكى ئاللانىڭ بەندىسى دېگەنلىك بولىدىكەن. شۇ زامانلاردا قاراخانىيلار سۇلالىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق تار-ىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شامان دىنى، مانىي دىنى، ئاتەشپەرەسلىك دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلىش جەريانلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ،

بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. تۇرمۇشىمىزدا توي - تۆكۈن، ئۆلۈم-
يېتىم ئادەتلىرىمىزدە ھەرقايسى دىنلارنىڭ تەسىرى تاكى ھازىرغىچە
ئۇخشىمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت. مەسىلەن، نۆكچە قاداش، ھەرخىل
تائاملارنى قەبرىگە قويۇپ قويۇش قاتارلىقلار. سۇتۇق ئەبۇ نەسىر
سامانىينىڭ مەقسەتلىك تەربىيىسى بىلەن مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسلام
دىنىغا كىرگەن، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بىر خۇدالىق دىن تەلىماتى
ئىگىلەپ، روھىي ھالىتى، مەنىۋى دۇنياسىدا بۇرۇلۇش ھاسىل بول-
غان، شۇ خىل مەنىۋى مەدەت، ئاللاغا بولغان چەكسىز ئىشەنچ،
ئېتىقادنىڭ تۈرتكىسىدە تاغىسىنى ئۆلتۈرۈپ، تەختتە ئولتۇرغان.
پۈتۈن ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ، تەخت ۋارىسى بولغاندىن كېيىن
ئىسلام دىنىنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش
قانۇنى قىلىپ بېكىتكەن، ئۇ دەسلەپتە خەلقنىڭ قايسى دىنغا ئېتىقاد
قىلىشىغا ۋاقتىنچە چەك قويمىغان. بىر مەھەل ھاكىمىيەتنى مۇس-
تەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، كۆپ قېتىم ھەربىي يۈرۈش قىلىپ،
ئىسلام دىنىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. روھىي دۇنياسى بۇددا ئەقى-
دىسىدىن تازىلانمىغان بىر قىسىم جاھىل بۇددىزمچىلار ئۇنى پىلانلىق
ھالدا قەستلەپ، زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. مۇستەھكەم ئەقىدىسى
بىلەن ئۇنى قوللىغان، ئىمانى كامىل ئېتىقادلىق خەلق ئۇنىڭ جەسى-
تىنى ئانا يۇرتى بولغان مەشھەتكە ئېلىپ كېلىپ دەپنە قىلغان، بۇ
مەقبەرە بىرنەچچە قېتىم يېڭىلانغان بولۇشى مۇمكىن، — ياسىن مۇ-
ئەللىم تاماكا چېكىشنى ئويلىدى بولغاي، يانچۇقىغا قول سېلىپ
بولۇپ، ئېسىگە بىر ئىش كەلگەندەك دەررۇ تارتىۋېلىپ گېپىنى
داۋاملاشتۇردى، — ئوغۇلچاق ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت بار: سۇل-
تان سۇتۇق بۇغراخان تاغىسى ئوغۇلچاقنى ئىمان ئېيتىپ ئىسلام
دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىپتۇ. ئوغۇلچاق قايىل بولماي «ئىسلام دې-
گەن نېمە؟» دەپتۇ. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان «بىر ئاللاغا شەك
كەلتۈرمەسلىك، ھاياتلىقنىڭ مەڭگۈلۈكلىكىگە ئىشىنىش» دەپتۇ.
ئوغۇلچاق جاھىللىق بىلەن رەت قىپتۇ. «ئەگەر ئىمان ئېيتىپ مۇ-

سۇلمان بولمىساڭ سېنى يەر يۇتىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرۇپتۇ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان. ئوغۇلچاق «سېنىڭ قولۇڭدىن ئۇنداق ئىش كەلمەيدۇ» دەپ مەنسىتمەپتۇ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان «يەر يۇت!» دەپ جاكارلاپتىكەن، ئوغۇلچاق تىزىغىچە يەرگە پېتىپتۇ. «ئىمان ئېيت» دەپتۇ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بۇيرۇق قىلىپ، ئوغۇلچاق ئۇنچىقماپتۇ. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بۇيرۇق قىپتۇ، ئوغۇلچاق كىندىكىگىچە يەرگە پېتىپتۇ، «توۋا قىلىپ، ئىمان ئېيت»، دەپتۇ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان، ئوغۇلچاق «قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل» دېگەندەك نەزەردە قاراپ ئۇنچىقماپتۇ. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان غەزەپكە كېلىپ «يەر يۇت!» دەپ بۇيرۇق قىپتىكەن، ئوغۇلچاق يەرگە تامام كىرىپ كېتىپتۇ. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان «دوزاخ ئوتى مەڭگۈ كۆيدۈرسۇن، ئايىغىڭدىن سۇ ئۈزۈلمىسۇن!» دەپ كېتىپ قاپتۇ. بۇ رىۋايەت سادىر بولغان جاي بۇغرا غوجامنىڭ مەقبەرىسى ئەتراپىدا ئىكەن. بۇ يەردىن تاكى بۈگۈنگە قەدەر سۇ ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇرۇشىدىكى سەۋەب شۇنىڭ ئۈچۈن ئىكەن. رىۋايەت دېگەننىڭمۇ مەلۇم قاراتمىلىقى بولىدۇ. بۇ رىۋايەتتە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئۇلۇغلۇقى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. قارىشىمچە، بۇ مەقبەرىمۇ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت، ئىخلاستىن پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى بالاساغۇن، بالاساغۇن نەدە؟ بۇ تېخى يېشىلمىگەن بىر سىر. مېنىڭ قارىشىمچە، بالاساغۇن نەدە بولسا سۇلتان سۇتۇقنىڭ ھەقىقىي مەقبەرىسىمۇ شۇ يەردە.

ياسىن مۇئەللىم چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ، بىردەم سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەۋاتقاندەك ئېيتتى:

— ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى نەدە؟ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، كونا، قاتمال، تەسىر كۈچىنى يوقاتقان دىنىي ئېتىقادنى يېڭىلىغانلىقىدا. ئىسلاھات مەيلى دىنىي جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تۈزۈلمە جەھەتتىن بولسۇن ئېلىپ بېرىلمىسا بولمايدۇ. تۈركلەرنىڭ ئاتىسى دەپ تەرىپلىنىپ كېلىۋاتقان مۇستاپا كامال نې-

مشقا ئۆلۈغ؟ دىنىي جەھەتتىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، غەربنىڭ تەرەققىيات يولىنى تۇتۇپ، دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئاشۇرالىغانلىقىدا، خەلقنىڭ ماددىي - مەنىۋى تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا ئەتراپلىق ئاساس سالالىغانلىقىدا، ئۇنىڭغىمۇ بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ دوگمىچى ئۆلىمالار قارشى تۇرۇپ «كاپىر» دەپ ئەيىبلەپ، جامائەت پىكرى توپلاپ يوقاتماقچى بولغان. ئۇنىڭ؛ئۆزگە، كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچى ھەممىدىن غالىب كەلگەن. ئالدىن كۆرەرلىك، داھىيانە سەزگۈرلۈكى خەلق قەلبىگە سىڭگەن. خەلققە، دەۋرگە، دۆلەتكە پايدىلىق چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قىلىش ھوقۇق تۇتقانلىكى ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىشۋەرمەيدۇ. بىزدە گەپنىڭ چوڭىنى نادانلار قىلىدۇ، ماھىيەتنى چۈشەنمەيدۇ، كەلگۈسىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. ئۆلىما دېگەن نېمە بىلەمسەن؟ دىنىي زىيالىي دېگەن گەپ، پەننىي زىيالىيلار بىلەن دىنىي زىيالىلارنى سېلىشتۇرۇش مۇمكىنمۇ؟ شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، ئون يىل ۋەزخانلىق قىلىپمۇ، سەرەڭگە ياسىغىلى، ئوغاق بىلەن كەكىنى سوققىلى، ئاچقۇچى يىتىپ كەتكەن قۇلۇپنى ئاچقىلى بولمايدۇ. بىر مىللەت ئۆزىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق ئادەملىرىنى ھۆرمەت قىلىدىغان بولغاندا ماڭىدىغان يولىنى ئەمدى تاپتى دېيىشكە بولىدۇ. مۇستاپا كامال دىنىنى ئىسلاھ قىلىپ، پەن- تېخنىكىغا يۈرۈش قىلالىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلۇغ!

سادىر ئېغىر سۆكۈتكە پاتقانىدى. ياسىن مۇئەللىمنىڭ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە گەپلىرى ئۇنى ھەرخىل روھىي زىددىيەتلەر قاينىمىغا غەرق قىلغانىدى. مەقبەرىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى گۈللۈك تۆمۈر سالاسۇنلۇق رېشاتكىدىن راھەتبەخش سالقىن ئۇرۇپ تۇراتتى.

ياسىن مۇئەللىم بىردەم جىمىپ كەتكەندىن كېيىن، بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك دېدى:

— كۆردۈڭمۇ؟ بىزنىڭ ئەھۋالىمىز شۇنچىلىك، روھىمىزدىكى ئەبگارلىقنى ئاتا - بوۋىلىرىمىز، ئەجدادلىرىمىز ياتقان قەبرىستانلىقتىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ

بېشىغا بىر تۈپتىن ئازغان تىكىپ، ئۇنىڭغا گۈل ئۈلتىپ قويسا ياكى بىر تۈپتىن دەرەخ تىكىپ تۈۋىگە ھەپتىدە بىر چېلەك سۇ قۇيۇپ قويسا، بۇ قاقاس زاراتگاھ باغچە بولۇپ كېتىدۇ. مىڭ بىر جاپادا بىرنەچچە بالىنى قاتارغا قوشقان ئاتا - ئانىغا قازا يەتسە، جەسەت سوۋۇغۇچە كۆمۈشكە ئالدىرايمىز. مېيىتنى يەرلىككە قويدۇق دېگەندىن كۆرە، كۆمۈۋەتتۇق دېسەك مۇۋاپىق بولىدۇ. مۆرىتىدە قەبرىسىنى يوقلاپ دۇئا قىلىپ قويىمىز. ئەمەلىي ئىشتىن باش تارتىمىز. بىز ئاشۇنداق ئاسان يولنى تاللىۋالغان. بىزنىڭ بەزى نادان كىشىلىرىمىز قەبرە دېگەنگە، «ئوتتۇز سانتىمېتىر توپا دۆۋىلىۋەتسە بولىدۇ» دەپ، ئەرەب ئەللىرىدىمۇ ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن كونا گەپنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىمۇ قەبرىستانلىقلار باغچىلاردەك گۈزەل بولىدىكەن، تاشلىنىپ ياتقان بىر پارچە خارابە زېمىن گۈللەنسە ئۇنىڭ نېمىسى يامان؟ يامان بولىدىغانلىقىنى، ئىسلام دىنىغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىقىنى مۇسۇلمان دۆلەتلىرى بىلمەمدۇ؟ تەربىيە كۆرمىگەن ئادەملەرنىڭ ئىخلاسى، سەمىمىيىتى، ئاتا - ئانىغا ۋاپادارلىقى بولمايدۇ. ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىپ مىڭ بىر جاپا - مۇشەققەتلەر تارتىپ قاتارغا قوشقان ئاتا - ئانىنىڭ قەبرەبېشىغا بىرەر تۈپ گىياھ تىكىپ ھەپتىدە بىر چېلەك سۇ قۇيۇپ قويۇشقا يارىمايدۇ. مەكتەپكە بەرسە ئوقۇيالمىغان، ھۈنەرگە بەرسە ئۆگىنەلمىگەن، «قۇرئان كەرىم» دىن ئىككى-ئۈچ پارىنى مەنىسىنى بىلمەي يادلىۋالغان بەزى ئادەملەر ھۆكۈمەت ئاز - تولا ئىمتىياز بېرىپ قويسا ئۆزىنى چوڭ بىلىپ كېتىدۇ. روھىي نامراتلىقتا قالغان نادانلار ئۇنداقلارنىڭ دەبدەبىلىك قۇرۇق گەپلىرىگە دوست تارتىدۇ...

ياسىن مۇئەللىم ھاياجانلىنىپ قايناپ قالغانىدى. سادىر ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئەمەلىيەتتىن، ئەقىلدىن ئۆتكۈزۈپ ئويغا پاتقانىدى . ياسىن مۇئەللىمنىڭ يەنە تاماكا چەككۈسى كەلدى بولغاي، يانچۇقىغا قول سالغىنىچە تۇرۇپ قالدى. شۇ چاغدا بىر جۈپ كۆك

كەپتەر مەقبەرىسىنىڭ كۈنگۈرىسىگە ئۆزىنى ئۇرۇپ ئىككىسىنى چۆچۈتۈۋەتتى.

— كەپتەر! ئۇ كەپتەرلەرنى تۇتقىلى بولارمۇ؟

ياسىن مۇئەللىم كەپتەر باقاتتى، كەپتەرنىڭ ئادەمگە بېرىدىغان سەۋر، تەسەللىسى، ھۇزۇرى توغرۇلۇق سۆزلەپ كەتسە، ئاغزى بېسىقمايتتى. ئىنسانىيەتنىڭ ئىككىنچى ئاتىسى بولغان نوھ ئەلەيھىسسالامغا ھاياتلىق خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگەن، ھاياتقا ئۈمىد بەخش ئەتكەن، تىنچسىز كۆڭۈلگە ئارام بەرگەن كەپتەر ئەمەسمۇ! تىنچلىقنىڭ، گۈزەللىكنىڭ ئەلچىسى، مۇلايىملىقنىڭ ئۈلگىسى ھېسابلانغان كەپتەرنى ھەرقانچە تەرىپلىسىمۇ ئەرزىيتتى، سادىر ياسىن مۇئەللىمنىڭ ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا كەپتەردىن كۆز ئۈزەلمەي قالغىنىغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن قىزىقچىلىق قىلىپ ئېيتتى:

— تۇتسىڭىز بولمايدۇ، ئىگىسى بار.

— ئىگىسى كىم؟

سادىر سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مەقبەرىسىنى ئىشارەت قىلدى. ياسىن مۇئەللىم چۈشىنىپ كۈلدى. سادىر بىردەم ئويغا پېتىپ تۇرغاندىن كېيىن دېدى:

— قۇشلارنىڭ مەقبەرىنى ئەگىپ كېتەلمەسلىكى ئادەملەرنىڭ نەلەردىن كېلىپ، تاۋاپ قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تاۋاپچىلار تەرىپىدىن چېچىلغان دانلار قۇشلارنى كۆندۈرگەن بولسا، ساخاۋەتچىلەر ئاسقان داش قازانلار تەركىدۇنيا تاۋاپچىلارنى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىن ئېتىپ، بۇ يەرنىڭ ئۇلۇغلىنىشىغا سەۋەب بولغان.

— بۇ گېپىڭىزنىڭمۇ ئاساسى بار، ئۇلۇغلارنىڭ مازىرىمۇ بازار پەيدا قىلالايدۇ.

ئۇشتۇمتۇت ئۇرۇلغان داڭ ئىككىسىنىڭ سۆھبىتىنى ئۈزۈپ قويدى. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن چىقىشى ئۈچۈن ئۇرۇلغان داڭ ئىدى.

*           *           *

سادىرنىڭ ئىزدىنىشكە بولغان ئىشتىياقى كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتاتتى. ياسىن مۇئەللىمنىڭ تەلىملىرى يېڭىچە قانات پەيدا قىلىۋاتاتتى. خىيالغا ئۇلانغان خىياللارنىڭ روھىيەت كۆكىدىكى پەرۋازىغا ئەگىشىپ، تارىخىي شەخسلەر توغرۇلۇق ئوي - پىكىر قايىنىمىغا چۈشتى. ئوي - خىياللىرى مۇجمەللەشكەندە ئۇيان - بۇيانغا ماڭاتتى. كىملەر بىلەندۇر قىلىشقان پاراڭلار قەلبىدە چۈشىنىش، قايتا ئويلىنىش تۇيغۇسى ئويغىتاتتى. ئۇ پىكىرداشلىرىنى سېغىناتتى، نېمىلەرنىدۇر خىيال قىلاتتى. كىملەرگىدۇر سۆزلەيتتى. ئۆزىمۇ بىلمەي، تۆت كوچا دوقمۇشىغا بېرىپ قالاتتى. بۇ دوقمۇش تولىمۇ ھاۋالىق بولۇپ، ئاياغ مەھەللىدىن سۇ ياقىلىغىلى چىققانلار چوڭ سۆگەت دەرىخىنىڭ سايىسىدا يېتىشاتتى. سادىر بېشىنى ئالىقانلىرىغا قويۇپ ئوڭدىسىغا ياتقان، جۇدەڭگۈ، سېرىق بۇرۇت ئادەمگە سالام قىلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ۋە رەھمىتىكە، — ناتونۇش ئادەم ئۆزىنى رۇسلىدى، — كېلىڭ - كېلىڭ، ئەپەندىم، سىزمۇ باللار بىلەن بىرگە كەپسىز-دە؟ سىز قايسى مەھەللىدە؟ مەكتەپتىمۇيا؟ — دېدى كۈلۈپ.

— مەن ھېچ يەرگە بارمىدىم.

— بىزگە ياردەم بېرىشنى خالىمىسىڭىز بولمايدۇ.

— سىز قايسى مەھەللىدىن؟ — سورىدى سادىر.

— ئاياغ ئون تۆتىنچى مەھەللىدىن، شۇڭا سۇ ياقىلاپ ئولتۇرغان گەپ، ئۇكام، ياقىلىمىساق بۇ سۇ ئۆزى ئېقىۋەرمەيدۇ. ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋجۇشى «سۇ يېزا ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرى» دەپ ئالىي يوليورۇق بەرگەن. سۇ بولمىسا ئېتىزغا ھەرقانچە ئىشلىسەڭ بىكار دەڭە!

دېھقاننىڭ ئويناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن بىرخىل زېرەكلىك، ھا-

زىر جاۋابلىق، كۆپ ئىشلارنى كۆرگەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرى ئايان ئىدى. ئۇ سادىرغا سىنچىلاپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچىدۇ، دەپتىكەن، ئۇكام، ئادەم دېگەن ئادەم بىلەن ئادەم. ئادەم ئادەمدىن سەۋر، تەسەللى تاپىدۇ، ئادەم يەنە ئادەمدىن ئەلەم - خاپىلىق تارتىدۇ. ئادەمگە ياخشىلىق قىلىدىغانمۇ ئادەم، يامانلىق قىلىدىغانمۇ ئادەم. بىزدە «ئەخمەق دوستتىن ئەقىللىق دۈشمەن ياخشى» دېگەن ماقال بار. ئەخمەق ئادەملەر ئۆزىگىمۇ، باشقىلارغىمۇ خوۋلۇق كەلتۈرمەيدۇ. ئوقۇغان، ئۇققان، ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەردىن خەلققە زەرەر يەتمەيدۇ. ياخشىلىق قىلىشقا قادىر بولمىسىمۇ يامانلىق قىلمايدۇ. بىر جاننى باقماق ئاسان، ئۇكام، قارىغۇ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالمايدۇ. لېكىن، جاننى قانداق بېقىش تولىمۇ مۇھىم، بىزگە نېسىپ بولغىنى جاننى قىيناپ جان بېقىش. «چىراي كۆرۈپ ھال سورا» دېگەن گەپ بار، ئۇكام، خېلى ئوبدان بالىدەك قىلىسىز، «ئەمەت يالغان» دېسە، پېقىرنى بىلمەيدىغان ئادەم يوق، سىزگە دەپ قوياي، سىزگە «ئۇنسۇر بىلەن گەپلەشتى» دەپ گەپ كېلىپ قالمىسۇن، مەن ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇر.

— ئۇنسۇر بىلەن ئەھۋاللاشسا بولمامدۇ؟

— بۇنى مەن ئۇقمىدىم، ئۇكام، لېكىن بىزنى ئەزالار بىلەن ئارىلاشتۇرمايدۇ.

— سىز نېمە گۇناھ ئۆتكۈزۈپ ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇر بولۇپ قالغان؟

— قىلسام گەپ تولا، ئۇكام، سوغۇقتا سوغۇق، ئىسسىقتا ئىسسىق بۇ قالپاقنى تازا سىزدەك ياش، قىران چاغلىرىمدا كىيگەن، قارىساڭ كۆزۈڭنى ئويىمەن، سۆزلىسەڭ تىلىڭنى كېسىمەن دەيدىغان، سىياسەت نازۇك چاغلار، پولات - تۆمۈر تاۋلاش دولقۇنىنى سىز بىلمەيسىز. قېرى - ياش، ئەر- ئايال دېمەي كانسۇغا ھەيدىدى، قىيا-

مەت قايىم بولغاندەك يىغا - زار ئىچىدە ئاچ قورساق پىيادە كېتىپ بارىمىز. نەشتەردەك سوغۇق، نەدە ئۆي بولسۇن! قوي - كالىلاردەك توپ-توپ بولۇپ تالادا ياتاتتۇق. ئۈچ ئاي قارا قىشتا رودا تاش چوقىدۇق، غەزەل ئوقۇمىساق ئىپادەڭ ياخشى ئەمەس دەپ، دەشنام يەيدىغان گەپ، ئەتىياز كېلىشى بىلەن قىيامەت يېڭىۋاشتىن باشلاندى... هازىرقى هۆكۈمەتنى بىر نەرسە دەمدىغان، گەرچە ئۇنسۇر بولسامۇ قورسىقىمىز توق، كېيىمىز پۈتۈن، ئەتىگەن- ئاخشامدا باللار بىلەن دەرقەمتە، تومۇزدا تۇماق كىيسەكمۇ سايىدا ياتالايمىز...

سادىر ئۇنى بىمالال سۆزلىتىش مەقسىتىدە ئېيتتى:

— سىز 50-، 60- يىللاردىكى ئىشلارنى ئوبدان بىلىدىكەنسىز.

— شۇنداق، ئۇكام، مەن كۆپنى كۆرگەن ئادەم. بۇ جاننى بېقىش ئۈچۈن،— مەيدىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ داۋام قىلدى ئۇ،— قىلمىغان ئىش، ئاڭلىمىغان گەپ قالمىدى. كۆرگەن كۈننى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. شۇ يىل قىشنى تالادا، تاغدا ئۆتكۈزدۇق، ئەتىياز كېلىشى بىلەن ئىككى مودەك يەرنى بىر مېتىر چوڭقۇرلۇقتا قېزىپ، نەچچە مىڭ تاغار قىغنى قويۇپ، يازغى بۇغدايني تېرىشقا راسلىدۇق. ئۆزۈمگە ئۆزۈم «ئەمەت، ئاغزىڭنى يۇم» دەپ تۇرسامۇ، كۆڭگەن ئاغزىم چىداپ تۇرالماي«بۇ ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ ئىشى ئەمەس، ئالجىغانلىق، بۇ يەردىن هوسۇل ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، هەتتا چاچقان ئۇرۇقىمىزمۇ ئۇنمەيدۇ» دەپ سالدىم. گۇناهىم شۇ، ناهىيەدىن كەلگەن كادىرلارنىڭ پەيلىنى دېمەڭ، ئۇكام، جىددي مەجلىس ئېچىپ مېنى ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇر دەپ ئېلان قىلدى. شۇنىڭدىن بۇيان، ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇر بولۇپ قېلىۋەردىم. ئەزالارغا قاتمايدۇ، هاشارغا بارسامۇ بىر چەتتە يالغۇز ئىشلەيدىغان گەپ. يۇرتۇمدىمۇ مانا مۇشۇنداق يالغۇز.

— باللىرىڭىز باردۇ؟

— بولمامدىغان، بالام، بالامدەك بالىكەنسىز، «خۇدا كۆزدىن ئايرىسىمۇ هاسىسىدىن ئايرىماپتۇ» دېگەندەك گۆھەردەك ئىككى ئوغلۇم،

پەرىشتىدەك ئۈچ قىزىم بار. ئوغۇللىرىم چاقماقتەك چاققان، قولى گۈل، كۇندۇزى كوممۇنىدا ئىشلەيدۇ. نامازشام، خۇپتەن ئارىلىقىدا تونۇرغا ئوت سالىمىز، ئىككى تونۇر گىردىنى گاچچىدە ياپىمىز. ئېشەك هارۋا بىلەن شەھەرگە ئاپىرىپ نان ساتىدىغانلارغا ئۆتكۈزۈپ، دولقۇنغا ئۇلگۇرۇپ كېلىدۇ. ئۆزىمىز ئۈچۈن ھېرىپ، ھاردۇقنى كوممۇنىدا ئالىمىز. كېچىچە ئۇخلىماي تىرىكچىلىك قىلىپ، كۈن-دۈزدە مانا شۇنداق سايىدا، سالقىن ئۆستەڭ بويىدا ئۇخلايمىز.

— بالىلىرىڭىزنى ئوقۇتمىغانمۇ؟

— ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇرنىڭ بالىلىرى مەكتەپكە بارسا كەم-بەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانىنىڭ بالىلىرى چالما- كېسەك قىلىدۇ، ئۇكام، ئەپەندىلەرمۇ ئامالسىز. ئۇ كۈنلەرنى سىز بىلمەيسىز، ئۇ-كام، ئاغزىنى ئاچقان ئادەمنىڭ تىلىنى قاغا چوقۇيتتى.

ئەمەت يالغان بىردەم «ئۇكام» دېسە، بىردەم «بالام» دەپ خېلىلا قىزىپ ئەھۋال ئېيتتى. كانايچە تاماكا ئوراپ، يۇرەككە تەگكۇدەك بىر- ئىككىنى شوراپ تۇتۇننى پۇۋلىگەندىن كېيىن گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەيۋاتقاندەك بىردەم تۇرۇپ قالدى.* سادىر سورىدى:

— سىزنى نېمىشقا ئەمەت يالغان دەيدۇ؟

ئەمەت يالغان شۇنداق ھوزۇرلىنىپ كۈلدىكى، تېلىقىپ ئىككى يانغا تولغىنىپ كەتتى. ئۆزىنى تەستە توختىتىپ، تاماكىنى كەينى-كەينىدىن شورىۋالغاندىن كېيىن، ئەستايىدىللىق بىلەن گەپ باشلى-دى:

— 60- يىللارنىڭ باشلىرىدا سىز تېخى كىچىك، ئۇ چاغلاردىكى ئىشلارنى ئېنىق بىلمەيسىز. خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن دەرد - ئەلەمنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. كۈننى تۈنگە ئۇلاپ ئىشلىسەكمۇ قور-ساق تويغۇدەك نان نەدە، بىر چارەك بوغداينى 100 كويغىمۇ تاپالمايت-تۇق. كوممۇنا قۇرۇلۇپ، بىر مەھەللىدىكى ھەممە ئادەم بىر قازانغا تەلمۈرۈپ، ھەر ۋاخلىق ناننى بەلگىلەنگەن قەرەلدە ئالاتتۇق، ئەگەر كىمنىڭ ئۆيىدە ئاش ئەتكەنلىكىنى بىلىپ قالسا، تۈتۈن چىققان

مورىنى چاقىدىغان گەپ. ھاشارغا بارىدىغانلارنىڭ چۈشلۈك، كەچلىك نېنى ئىشلەيدىغان يەرگە بىر تۇتاش ئەكىتىلىدۇ. بىر كۈنى ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق كېلىپ، نېمە ئىش قىلىشىمنى بىلمەي، باش قېتىنچىلىقىدا تۇرسام، سېكرېتار «نورمانىڭ توغراق ئامبارغا كەتتى، دەرھال ئىش ئورنىغا بار» دېمەسما، جاھان چۆرگىلەپ، كۆزۈمگە قاراڭغۇچىلىق تىقىلدى. توغراق ئامبار ھاشىرىدىن كەلگىنىمگە ئۈچ كۈن بولغانىدى. نورما دېگەن ئۈچ ۋاخ جان ساقلايدىغان نەرسە، ئۈكام، بىر ناننىڭ غېمى جېنىمغا ئەلەم، بېشىمغا سەنەم سالدى. بىر نەرسە دېسەڭ سىياسەت شۇنداق ئىتتىك، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ بالا تاپىسەن. ئاچچىقىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ كۆرۈنۈشتە توغراق ئامبارغا ماڭغان بولۇپ، يولنى قەشقەرگە سالدىم. بىر ئوقۇمۇشلۇق زاتنىڭ «ئادەم جۈرئەتسىزلىكىدىن جاپا - مۇشەققەتتىن قۇتۇلالمايدۇ» دېگىنى توغرا چىقتى. قەشقەرگە بېرىپ، كۆڭلۈم يورۇپلا كەتتى. ئۈچ مو-چەنگە بىر قاچا سۇيۇقئاش، بىر كويغا بىر قاچا لەڭمەن بېرىدىكەن، تۇۋا، كىچىككىنە مۇساپە ئايرىپ تۇرىدىغان ئىككى يۇرت ئارىسىدا ئەجەب چوڭ پەرق باركىنە؟ سىياسەت بىر بولغان بىلەن، ئىجرا قىلغۇچى ئوخشاشمىسا ئۇنىڭ خەلققە كۆرسىتىدىغان تەسىرىمۇ ئوخ-شاش بولمايدىكەن. كېچىسى ئۆيگە كېلىپ، مەرەپتە بىر كۈن مۆكۈپ يېتىپ، ئەتىسى ئۈچتۇرپان، ئاقسۇلارنى كۆزلەپ ماڭدىم. ئاچلىقتىن ئادەم ئۆلۈپ قالىدىغان ئىشلار نېمىش قىلسۇن، بىر يىل تۇرۇپ، ئانچە - مۇنچە ئوقەت قىلىپ كەلسەم، بۇ يۇرتتا ئەھۋال يەنە ئوخشاش، قورقۇپ تۇرىمەن، شۇ يىلى سىزگە ئوخشاش ئوبدان بىر بالا خىزمەتكە كەپتىكەن، شامال تەگمەي ئۆتۈپ كەتتى. يۈرىكىمنى توختىتىپ، ئاقسۇ، ئۈچتۇرپانلاردا كۆرگەنلىرىمنى دەپ بەرسەم ھېچ كىشى ئى-شەنمىدى. لەقەم دېگەننى پەرىشتىلەر قويىدۇ، دېيىشەتتى. ئاچ- توق يۈرۈپ، كۈندۈزى يۇلتۇز كۆرۈپ، بۇ خەلقمۇ پەرىشتە بولۇپ كەتتىمۇ ئۇقمىدىم، «يالغان» دېگەن لەقەم شۇنىڭدىن تارتىپ ماڭا سىڭىپ قالدى. دېمىسىمۇ شۇ كۈنلەردە قورساقنىڭ نانغا تويغانلىقىغا ھېچ

كىشى ئىشەنمەيتتى.

ئەمەت يالغان ئېغىر سۆكۆتكە پېتىپ يەنە تاماكا ئوراشقا تۇتۇندى. ئۇنىڭ ئوي - خىيالى يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى، كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ ئەلەملىرىنى يەتكۈچە تارتقان شۇ كۈنلەرگە كەتكەندەك قىلاتتى.

سادىر خەلق باشتىن كەچۈرگەن: ئاچچىق بىر رېئاللىقنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كەلگەندى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا بېشىدىن ئۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلار ئۆتكەن، تۇرمۇشتا يولۇقتۇرغان ھەرخىل زىددىيەتلەردىن مۇۋاپىق يەكۈن چىقىرالايدىغان، گەپتىن بۇ ئادەمدىن ئايرىلغۇسى بولمىسىمۇ، قۇياش تىكلىشىپ قالغاچقا ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ، ياتاق تەرەپكە ماڭدى. كالللىسىدا يېڭى سۆھبەتتىن پەيدا بولغان تەسىراتلار چاقنايتتى.

ئەقىلللىق، ئەخلاقلىق، تىرىشچان، غايىلىك، ئۈمىدۋار ئادەملەر ئالتۇنغا تېگىشكۈسىز زور بايلىق، چۈنكى ئۇلار جەمئىيەتنى مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسەلدۈرۈپ، روھىيەتنى ئويغىتىدۇ. ئەخلاقى بۇزۇلغان، قورقۇنچاق، ئاچ كۆز، ئىككى يۈزلىمىچى ئادەملەر كۆرۈنۈشتە زەرباپقا ئورىلىپ مەغرۇر يۈرسىمۇ، ئۆزىنىلا ئويلايدىغان رەزىل مەقسەتتىن باشقا گۈزەل غايىسى بولمايدۇ. مەنىۋى دۇنياسى نامرات، شەخسىيەتچى، جان باقار ئادەملەر ئاداۋەتچى، قىساسكار كېلىدۇ، ئۇنداقلارنىڭ ئولتۇرسا - قوپسا ئويلايدىغىنى ھامان پايدا - مەنپەئەتتۇر.

## 4

ئەمەلىيەتتە دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ناچار ئىدى. سەھەردە ئەزان بىلەن تەڭ دولقۇنغا چىقاتتى، دولقۇندىن كىرىپ، چاينى ئالدىراپ ئىچىپلا يەنە ئېتىزغا ماڭاتتى. ئىش ئۇنۇمى تۆۋەن بولسىمۇ، دېھقانلارغا ئاراملىق يوق ئىدى. كۈنلەر بىرخىل كۆڭۈلسىز تەرتىپتە

مەنىسىز ئۆتەتتى. ھەرقانداق ئادەم رۇخسەتسىز مەھەللىدىن چىقال-
مايتتى. قوشۇمچە ئىگىلىك بىلەن شوغۇللىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن،
ئاددىي قول ھۈنەرۋەنچىلىكمۇ قاتتىق چەكلىمىگە ئۇچرايتتى. تۇر-
مۇشنىڭ ياخشىلىنىپ كەتكەنلىكى ھەققىدىكى تەشۋىقات، ئېغىزدىكى
گەپلەر چوڭ ئىدى. سادىر يېزىغا چۈشكەندىن كېيىن، تېخىمۇ جىمى-
غۇرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. گەرچە ئۇ دېھقان بالىسى بولسىمۇ، دېھقانلار
ھەققىدىكى چۈشەنچىسى ئەمدىلەتىن چوڭقۇرلاشماقتا ئىدى. زېمىن
مۇنبەت، سۇ يېتەرلىك، ئەمگەك كۈچى تولۇق تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن
دېھقانلار يەنە نامرات؟ ئۇ باچاڭ كەنتىدىكى ھېلىقى ناتونۇش دېھقاننىڭ
گەپلىرىنى ئەسلىدى. دېمەك، ھەرئىش ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە بولمى-
سا، ئۇنۇمى كۆرۈلۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە زىيىنى چوڭ
بولاتتى.

سادىر ئۆزىگە ئۆزى سوئال قويۇپ، يەنە ئۆزى جاۋاب بېرىپ،
تۇيمايلا ئوقۇغۇچىلار ياتىقىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. ئىشىك تۈۋىدە
مامۇت ھىجايغىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. كۆز چاناقلىرى كېرد-
لىپ، چىرايىدىن ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىش ئىپادىلىنەتتى. مامۇت
ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋاقىتلىق ئاشپىزى بولۇپ، سادىر بىلەن كۆرۈشۈپلا
گەپ باشلىدى:

— سادىرجان، سەن مۇشۇ باللارنىڭ باشلىقى ئىكەنسەن، ئۇ-
لارمۇ سېنىڭ گېپىڭنى يىرمايدىكەن، ھايت دېسەڭلا ھۇيت دەيدىغان-
دەك تۇرىدۇ. ئوماقلىرىدىن بىر- ئىككىنى ئىندەككە كەلتۈرۈپ ئوي-
ناپ كۆڭۈل ئاچمامسەن، ياشلىق دېگەننىڭ ئەۋزەللىكى شۇ، ئۇلارغا
باشلىق بولۇشنى بىلىپ، پايدىلىنىشنى بىلمىسەڭ پۇرسەت كېتىپ
قالىدۇ. قاچان قارىسام قولۇڭدا كىتاب، بىلسەڭ، ئۇكام، تۇرمۇش-
نىڭ ئۆزى ھەممىدىن قىزىق، ھەممىدىن مەنىلىك كىتاب، كىتابلار-
دىكى مۇھەببەتمۇ تۇرمۇش ئاساسىدا تەسۋىرلىنىدۇ. كىتاب دېگەننى
بىزمۇ ئوقۇغان، كىتاب ئوقۇغان ئادەم پىكىر يۈرگۈزۈپ، تۇرمۇشقا
تەتبىقلىمىسا زىيان تارتىدۇ. كىتابتىكى ئاجايىپ دەبدەبىلىك مەزمۇن-

لار ئاپتورنىڭ غايىسى، پاكلىقنى ئىنتىلىش، توغرىلىقنى ياقىلاش پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئارزۇسى، ئويۇن- كۈلكە، كۆڭۈل خۇشى ئادەملەرنىڭ تەبىئىتى. غايە بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدا پەرق ناھايىتى چوڭ. بۇ مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمىغان ئادەم زىياننى قوشلاپ تارتىدۇ. قىزلار بىلەن ئارىلىشىپ، ئۆلپەتلىشىپ، ھەتتا مۇھەببەتلىشىپ ئۆتسەڭ، ھېسسىياتىڭ تۇرغۇپ، زېھنىڭ ئېچىلىدۇ.

مامۇت تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزىدىغان يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلاندى. ئۇ مەلۇم ۋاقىت قاتراپ يۈرۈپ ئائىلىسىگە قايتقانىدى. دەسلەپتە كەنتنىڭ يۇگۇر- يېتىم ئىشلىرىغا چېپىپ يۈردى. كېيىن ناۋايچىلىق قىلىپ تاپقان پۇلنى كۆڭلى تارتقان خېنىملارغا خەجلەپ، كۆڭۈل خۇشى قىلدى. ئۇ قارام ئادەم ئىدى، مۆرىتى كەلسە قولىدىن ھەممە ئىش كېلەتتى، ئۆيلىنىپ بىرنەچچە بالىلىق بولغان بولسىمۇ، تېخىچە ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغانىدى. ئۇ ئىلگىرىمۇ سادىرغا بىرنەچچە قېتىم چاقچاق قىلغان، سادىرنىڭ ئېتىبار قىلماسلىقى بىلەن ئاغزىنى يۇمغانىدى. قارىغاندا بۇ قېتىم ئاغزى بېسىقمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. شۇڭا، بارغانسېرى لاۋزىلىشىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— قىزلىرىڭلار ئويۇنچىكەن، سىلەرنىڭ كارىڭلار بولمىغاندىكىن بىز ئوينىتىپ قويدۇق...

— ئوينىتىپ قويدۇق؟ قانداق ئوينىتىپ قويدۇڭ؟— چۆچۈپ سورىدى سادىر.

— ئوينىغاندەكچۇ؟ شۇنىمۇ بىلمەمسەن؟ ھايۋان بالىسى جېنىدا ئۈچ - ئالتە ئايلىق بولغۇچە بىلىپ بولىدۇ. سەن 20 لەرگە كىرىپمۇ بىلمىسەڭ بولامدۇ؟ كۆڭلىگە ياققۇدەك گەپ قىلدىم. يۇمشاق- يۇمشاق نان بەردىم. ئەركىلەتسەم ئەركىلىدى، سۆيسەم كۆلدى. ئاندىن ئوينىدۇق شۇ!

— نان بەرسەڭلا ئويناپدىغان ئىش بولامدۇ؟ نانىنى بەرسەڭ ئۆزىمىزنىڭكىنى بېرىسەنغۇ؟

— ئۇلارغا نورمىسىدىن ئارتۇق بېرىمەن- دە.

نانغا ئالدىنىپ ئۇينايدىغان قىزلار نەدە بار؟ ئۇلار دېگەن ئوقۇغۇ- چى تۇرسا، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ قەدرىنى ساقلاشنى بىلىدۇ. ئاغزىڭ- نى يۇم!

— بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە نان ھەممىدىن ئۇلۇغ، بىر دەم بولمىسا كۆزنى ئوينىتىدۇ. نان سېنىڭ بولغان بىلەن مېنىڭ قولۇمدىن چىقى- دۇ. قورسىقى ئاچقانغا نان بەرگەنلىك، بىئەجەل ئۆلۈۋاتقانغا جان بەرگەن بىلەن ئوخشاشلا بىر ئىش. قىز بالا دېگەن كىيىمگە ئامراق كېلىدۇ. پۇل بېرىسەن، ئىش پۈتتى دېگەن گەپ.

سادىر ئايرىم قىزلارنىڭ مامۇتقا ئەركىلەپ، سۆۋۈشۈپ يۈرگەن- لىكىنى چېلىقتۇرغان بولسىمۇ، كۆڭلىگە باشقىچە ئوي - خىياللار كەلمىگەنىدى. مامۇتنىڭ ياسىن مۇئەللىم باشلىق بىرنەچچە ئوقۇغۇ- چىنى ئۆيىگە چاقىرىۋالغاندا مەستلىكتە قىلغان گەپ - سۆزلىرىنى ئەسلىدى. سادىر ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ، بىردەم سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن، ساۋاقداشلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ، يەنىلا ئىشەنمەسلىك تەلەپپۇزىدا سورىدى:

— قايسىسىنى ئوينىتىپ قويدۇڭ؟

— ھېلىقى... — مامۇت شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە بارلىق سىرلار، مەخپىيەتلىكلەر ئاشكارىلىنىش بى- لەنلا ئاياغلىشاتتى. ئۇ كۆڭۈل خۇشى قىلغانلىرىنى يەنە بىر يەردە دېۋالسا، قىلغان چاغدىكىدىن نەچچە ھەسسە ھۇزۇرلىناتتى، — ھېلىقى ئاق سېرىق بىلەن ھېلىقى تومىلاقنى.

— توختاپ قال.

— راستىنلا ئاڭلىغۇڭ يوقما؟

سادىر قاپىقىنى تۈرۈپ سۈكۈت قىلدى. ئۇلارنىڭ كىملىكى كۆز ئالدىغا كەلگەچكە، قولاقلىرى غۇڭۇلداپ، يۈزلىرى ئوت ئېلىپ، سانسىز چۈمۈلىلەر ماڭغاندەك بولدى. ئۇ غەزەپكە كەلگەنىدى. بۇ ئىككى قىز توغرىسىدىكى گەپلەرنى مەكتەپتىكى چاغدىمۇ ئانچە- مۇنچە

ئاڭلىغانىدى. ئەمدى ماموٗتنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنىپ قالغاندەك قىلاتتى.

— ئايالىڭ، بىر چىرايلىق بالىلىرىڭ توٗرسا، سەن تاپتىن چىققان ئادەم بولمىساڭ، بوٗ نېمە دېگىنىڭ؟

— قايناپلا كەتتىڭغوٗ؟ سەن تېخى كىچىك، بىلمەيسەن. ئادەملەرنىڭ ھەرقانداقىدا شوٗنداق ئوي - خىيال بولىدوٗ. لېكىن، ھەرخىل سەۋەبلەر توٗپەيلىدىن چەكلىنىپ قالىدوٗ. ئادەم دېگەننىڭ تەبىئىتى ئەسلىدىنلا گوٗناھقا يېقىن يارالغان. بىزدەك ئوقوٗغان، چوٗشەنگەن، بىلگەن، ئىككى ئالەمنىڭ بىر- بىرى بىلەن بولغان موٗناسىۋىتىنى توٗنوٗپ يەتكەن ئادەملا ياشاشنى بىلىدوٗ. ئىنسانغا شارائىت يار بەرسىلا قانداق ئادەم بولوٗشىدىن قەتئىينەزەر، ئويناشتىن، كوٚڭوٚل خوٗشى قىلىشتىن باش تارتمايدوٗ. سېنىڭ بىلىدىغىنىڭ كىتاب، بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىز توٗرموٗش.

بوٗ ئىككىسىنىڭ كىشىلىك قارىشى، توٗرموٗش قارىشى، نىكاھ، ئائىلە موٗھەببەت ۋە باشقا موٗناسىۋەتلەر قارىشى ھەر جەھەتتىن ئوخشىمايتتى. گەرچە ماموٗت سادىرغا نىسبەتەن ئوٗزاقراق ياشىغان بولسىموٗ، سەۋر- تاقىتىنى يوقاتقان، ھەرقانداق ئىشنى ياخشى - يامان، ئوٗز- سەت دەپ ئايرىپ ئولتوٗرماي قىلىۋېرىدىغان، قىلغانلىرىنى شالىنى چېچىپ سوٚزلەپ، ماختىنىپ يوٗرىدىغان، روھى مەجروٗھ ئادەم ئىدى. سادىر بولسا ھەممىلا ئىشتا ئەستايىدىل، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلالمىسىموٗ يامانلىق ئويلىمايدىغان، ئېھتىياتچان، كىتابىي بىلىملەرگە بەكرەك چوقوٗنىدىغان، روھى بېجىرىم، كەلگوٗسىگە ئوٗمىدۋار، موٗھەببەتكە رومانتىك قارايدىغان، كىشىلىك موٗناسىۋەتتە ئىلمىي يىگىت ئىدى. ئوٗ ئوٚزىنى توٗتوٗۋېلىشقا تىرىشىپ ئاگاھلاندوٗردى:

— چوڭ گەپ قىلما، نوموٗسىنى يوقاتقان ئادەمنى ھېچ كىشى ئاقلىمايدوٗ. ئادەم گەرچە ھاياتىدا قاملاشمىغان ئىشلارنى بىلىپ- بىلمەي قىلىپ سالسىموٗ، يەنىلا ئەخلاقسىزلىقنى قوللىمايدوٗ. سەن چوپچوڭلا بىر ئادەم توٗروٗپ، ئوقوٗغوٗچى قىزلارنى يولدىن ئازدوٗروٗپ،

نا توغرا ئىشلارنى قىلساڭ بولامدۇ؟
— قىز دەپ كەتكىنىنى قارا بۇنىڭ، نەدە قىز بولىدۇ؟ ئۇچىغا چىققان قۇلاق كەستى بىر نىمىلەركەن ئۇ!
— پۇتكۇل جەمئىيەتنىڭ چەكلىشىگە، قانۇنىنىڭ جازاسىغا ئۇچرايسەن! قانۇن تورىغا چۈشمىگەن ھالەتتىمۇ، تەڭرىنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلالمايسەن!
— بىر قارىسام ماتېرىيالىستىك، بىر قارىسام ئىدېئالىستىك گەپ قىلىدىكەنسەن. كىتابنى چۈشەنمەي ئوقۇپ، ماڭا بىلەرمەنلىك قىلما. تەڭرىنىڭ ئىرادىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ. «رىزقىنى ئاللا بىرەر، بەرمەكلىكى يەردىن ئەمەس» دەپتىكەن، ماڭا بەرگىنى مەنىۋى جەھەتتىكى، روھىي جەھەتتىكى رىزقى، سەن تېخى كىچىك، ياشاشنىڭ نىمىلىكىنى بىلمەيسەن. ئەقلىڭ ئىشلىسە، چوڭ بولغانسېرى ئاستا- ئاستا چۈشىنىپ قالىسەن، بولمىسا بىر ئۆمۈر ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ئالداپ ئۆتىسەن.
— سېنىڭ ئىشلىرىڭنى قانۇن ئورۇنلىرىغا دەيمەن، جازايىڭنى يەيسەن.
— ئۇنداق قىلالمايسەن ھەم ئۇنداقمۇ قىلمايسەن. چۈنكى، سەن «ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ئويلاپ سۆزلەيدىغان» ئادەم.
— نېمىشقا ئۇنداق قىلمىغۇدەكمەن، مەن سەندەك چاكىنا، پەسكەش ئادەملەرگە چىش - تىرنىقىمغىچە ئۆچ.
— ساڭا دېگەنلىرىمنى باشقىلارغا دېيىشىڭ سەندىكى ئۆتۈپ كەتكەن ئوساللىق بولىدۇ. ھەرقانداق ئادەم جىنايەتكە ياتىدىغان قىلمىشلارنى كۆرگەنلا يەردە دەپ يۈرمەيدۇ. چۈشەندىڭمۇ؟ سەنمۇ كېيىنچە مەندەك ئادەملەرگە ئامراق بولۇپ قالىسەن.
مامۇت تېتىقسىزلىق بىلەن كۈلدى. ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن خاتىرجەملىك چىقىپ تۇراتتى.
— ئوقۇغۇچى قىزلارنى ئازدۇرۇپ، قانۇنسىز مۇناسىۋەتتە بولساڭ، ئۇنىڭ كەلگۈسىنى، بولغۇسى ئېرىنى ئويلىمساڭ بولامدۇ؟

— بۇ دېگەن كارايىتى چاغلىق ئىشلار، ئېھتىيات قىلغان ئىش-
تىن مەسىلە چىقماي قالمايدۇ. «قورققانغا قوش كۆرۈنەر، كۆلەڭگە-
سى بەش كۆرۈنەر» دېگەن گەپ بىكار چىقمىغان. ئادەملەرنىڭ ئۆز-
سەتنى ئايرىمايدىغان، ئىككى يۈزلىمىچى، بۇزۇقلىرى شاد - خۇرام،
بەختىيار ياشايدۇ. ياخشىلىرى ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يەپ، سەۋر-
تاقەتىنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىدۇ.

سادىرنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى. مامۇتنىڭ روھىي جەھەتتە بۇ دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتكىنىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ مامۇت ئۆزىگە چېتىشالغان ئىككى قىز ساۋاقدىشىنى توي قىلمىغان دەپ بىلەتتى. ئەسلىدە مامۇت سۈرەتلەپ بەرگەن ئاق سېرىق قىز تۇرمۇش قۇرۇپ، ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن، ئوقۇشقا كەلگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ ئوخشىمىغان قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ ئوقۇشقا كەلگەنلەر ئاز ئەمەس ئىدى. ھېلىقى «تومىلاق» قىز بولسا ئاتاقتا ياتلىق بولمىغان بىلەن، مامۇتتەك ساختىپەزلەرنىڭ تەلۋىلەرچە قىل-غان چاقچاقلىرىنى مۇھەببەت دەپ ئالدىنىپ، ئاللىبۇرۇن جۇۋانغا ئايلىنىپ ئۈلگۈرگەنىدى. سادىر مامۇتنىڭ ئالغاي كۆزلىرىنى، ئات-قۇچىنىڭ مۇشتىدەك چوڭ ھەم كۆرۈمسىز بۇرنىنى خىيالىدىن ئۆت-كۈزۈپ، «ئۇلار شۇنچە نازۇك بەدەن تۇرۇپ، ئاشۇ تومپاي بىلەن ئارىلىشىپ، شۇنداق ئىشلارنى قىلارمۇ؟ مامۇتقۇ مەسئۇلىيەتسىز، ئۇچىغا چىققان يالغانچى بىر نېمە، ئۇنىڭ كۆرەڭلەپ يالغاننى توقۇپ چىقىشىغا زادى نېمە سەۋەب بولدى» دېگەنلەرنى ئويلاپ، چۈشەنمەس-لىك بىلەن ئىشەنمەسلىكتىن ئىبارەت ئەبجەش تۇيغۇ ئىسكەنجىسىدە ياتاق تەرەپكە ماڭدى.

سادىر ئەر- ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ ئېغىر سۈكۈتكە پاتقانىدى. كىشىلىك مۇناسىۋەتتىد-كى ئالداش، ئالدىنىشلار ئويىنى چىگىشلەشتۈرەتتى. ئىنسان ئۆزىد-نىڭ ئالدىنىشۋاتقانلىقىغا شەك كەلتۈرمەستىن ئىشەنگەندە، ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىدۇ. ئىنسانلارنى مەڭگۈ ئالداپ، ئالدانمىغانلىقىغا

ئىشەندۈرەلىگەنلەر ئەبەدىي يادلىنىپ، ئۇلۇغلىنىدۇ. سادىر گويا ۋەھىي كېلىۋاتقاندەك ئىلھاملىنىپ، بىر ھەقىقەتنى چۈشەنگەندەك كۆڭلى يورۇپ كەتتى. يۈرىكى ئۆزىگە ئاڭلانغۇدەك دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتاتتى. مامۇتنىڭ ئىككى قىز ساۋاقدىشى ھەققىدە ئېيتقان گەپلىرى ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە تەكرار ياڭرىغاندەك بولدى - دە، يېڭى ئاڭلاۋاتقان چاغدىكىدەك ھاياجانلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى مارىيەنى خىيال قىلىش بىلەن ئىشقى ھەۋەس قاينىمىغا چۆمگەن بولسا، مامۇتنىڭ گەپلىرى تەسىرىدىن ئەسلىگە قايتىپ، يەنە زىددىيەتلىك تەرەپكە بۆرۈلدى. بىر ھەپتە بۇرۇن مەھەللە باشلىقى توختى دانا ئۇنىڭغا يېتىپ كەتكەن بوغدايلارنى كۆرسىتىپ: «ئۇكام، كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، بۇ ئىت ئېغىنىغان يەر ئەمەس، بەلكى ئادەم ئېغىنىغان يەر، سىلەرنىڭ بالىلار توغرۇلۇق ھەرخىل گەپ - سۆزلەر بار، ياسىن مۇئەللىمگە دېيىشكە تىلىم بارمىدى. بۇ ئىش تەكرارلىنىۋەرسە بولمايدۇ. خىزمەت ئىشلەپ قويۇڭ» دېگەنىدى.

سادىر ياسىن مۇئەللىمنىڭ ئوقۇغۇچىسىلا ئەمەس، بەلكى ئۇستازىنى ئاياشنى، ئاسراشنى بىلىدىغان دوستى ئىدى. گەرچە ئىككىسىنىڭ ياش پەرقى چوڭ بولسىمۇ ھەقىقىي سىرداشلاردىن دېيىشكە بولاتتى. سادىر ئىككى قىز ساۋاقدىشىغا مۇناسىۋەتلىك گەپنى ياسىن مۇئەللىمگە دەپ، ئەلىمىنى يەڭگىللىتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، تۇرۇپلا يالتىيىپ قالدى. سادىرنىڭ ساۋاقداشلىرى مۇئەللىمنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى. ئۇ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۆز بالىلىرىدىنمۇ چارە ئاسرايتتى. شۇڭا، سادىر تەلەپچان ئۇستازىنى بۇ زىددىيەت قاينىمىغا سۆرەپ كىرىشنى خالىمىدى. كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق ئىشنىڭ تەرەققىياتىغا بېقىپ يول تۇتۇش نىيىتىگە كەلدى. لېكىن، ئىشنى نەدىن باشلاپ، قانداق ئاخىرلاشتۇرۇش ئۇنىڭ بېشىنى قاتۇراتتى. زىخمۇ كۆيمەيدىغان، كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان ئۇسۇل بىلەن بىر تەرەپ قىلىش يولىنى ئىزدەپ، پىكىر يۈرگۈزەتتى. ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ، ئوقۇغۇچىلار ئىشتىن كېلىشكە باشلىدى. سادىرنىڭ ئەپتىدىن

ئادەتتىن تاشقىرى پەرىشان روھىي ھالەت ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. شۇ-
ڭا، كۈندىكىدەك ساۋاقداشلىرىنىڭ كۆڭلىنى ياسايدىغان گەپ - سۆز-
لەرنىمۇ قىلمىدى. قاچىلىرىنى ئويناپ، ئاشخانا تەرەپكە ماڭغان ئىك-
كى قىز ساۋاقدىشىغا كۆزى چۈشۈشى بىلەن، يۈزلىرى قىزىرىپ
كەتتى. قىزلار ئوماق، تۇمۇچۇقتەك ئەركە ئىدى.

قاش قارايدى. يېزا ئاسمىنىنى ئاستا - ئاستا يۇلتۇزلار ئىگى-
لەپ، جىلۋىلىك نۇرلىرى بىلەن بېزىدى. ئوغۇللار ياتىقىنىڭ ئالدىدا
تۇرغان سادىر تولىمۇ خىيالچان كۆرۈنەتتى. ئۇ خىيال تىزگىنىنى
تارتىپ، يان ئىشىك بىلەن قىزلار ياتىقىغا ماڭدى. ئۇنىڭ پۇتلىرى
ئېغىر، ئوي - خىياللىرى چىگىش ئىدى.

— ياسىن مۇئەللىم بىر نەچچىڭلار بىلەن سۆزلىشىپ، يېزىغا
كەلگەندىن كېيىنكى تەسىراتىڭلارنى ئوقۇپ بېقىشىمنى تاپىلىغان،
بىلىقىز قالسۇن، قالغىنىڭلار ئوغۇللار ياتىقىغا چىقىپ تۇرۇڭلار، —
دېدى سادىر ياتاققا كىرىپلا.

بىلىقىز، مامۇت ئىسىملىك ئاشپەز «ئاق سېرىق» دەپ سۈرەت-
لىگەن ھېلىقى قىز ئىدى. ئۇ كالپۇكىنى پۇرۇشتۇرۇپ «بۇ نېمە
گەپ» ئەمدى دېگەندەك قايسىدۇر بىر قىزغا ئىشارە قىلدى. ياتاق
جىنچىراغنىڭ سۇس نۇرىدا غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. قىزلارنىڭ چىرايى-
دىكى ئالامەتلەرنى دەماللىققا ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. سادىر
ئىدىيە جەھەتتىن خېلى تەييارلىق قىلغان بولسىمۇ يەنىلا گەپنى نەدىن
باشلاشنى بىلمەيۋاتاتتى.

— گېپىڭىزنى قىلمامسىز؟ ئۈنچىقماي ئولتۇرۇپ كەتتى-
ڭىزغۇ؟ — ئاردىكى جىملىقنى بۇزۇپ سادىرنى گەپ قىلىشقا ئۈندىدى
بىلىقىز. ھەرقانداق سورۇندا، ھەرخىل مەزمۇندا باشقىلارغا گەپ
بەرمەيدىغان سادىرنىڭ شۈك بولۇپ كېتىشى بىلىقىزنى ئەجەبلەندۈر-
گەنىدى. «بۇنىڭدا بىر گەپ بار، مۇھەببەت ئىزھار قىلامدۇ تېخى،
بايقۇشنىڭ چوڭچىلىقىغا ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، ئەتراپىمدا تازا بىر
چۆرگىلەتمىسەم، ئېغىز ئېچىش تەس، ئېغىزدىن چىققاندىن كېيىن،

ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىشنى بىلسەڭ چۆرگىلەپ كېتەلمەيدۇ» دەيتتى بېلىقىز ئىچىدە. بۇ جەھەتتە ئۇ خېلىلا تەجرىبىلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈمىد ۋە ئارمانلىرى قانات چىقىرىشقا ئالدىراپ كەتتى بولغاي، ئورنىدىن تۇرۇپ، سادىرنىڭ كۆزىگە تەلمۈرۈپ دېدى، — چىرايلىق باشلىق، قۇلىقىم سىزدە!

— گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەيۋاتىمەن.

سادىر دېمەكچى بولغان گەپنى ئېغىزغا ئېلىشتىن ئۈيىلىپ نەچچە خىل ھېسسىياتتا بولۇۋاتاتتى.

— ئىككىمىز ساۋاقداش تۇرساق، بىلىشمەيدىغان ئادەملەردىن بولمىساق، تارتىنىپ كەتكۈدەك نېمە ئىش بار؟

— ئۆزۈممۇ بىلەلمەيۋاتىمەن.

— دەۋېرىڭ، — بېلىقىز يۈزىنى چىراغقا توغرىلاپ، سادىرغا يۈزلەندى. «چىراغدا قىز كۆرمە» دېگەن راست گەپكەن. بېلىقىز تولىمۇ گۈزەل كۆرۈنۈپ كەتتى، — بۈگۈن دېمەي چىقىپ كەتسىڭىز خاتىرجەم ئۇخلىيالمايمەن جۇمۇ؟

— مەنمۇ ئۇخلىيالمايمەن.

— ئۇنداق بولسا دېمەمسىز؟

— دېمىسەم بولمايدۇ. لېكىن، قانداق دېيىشنى بىلمەيۋاتىمەن. يېزىغا چۈشكەندىن كېيىن، قانداق قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىۋاتىسىز؟

— سادىر، كۆڭۈلگە ياققۇدەك گەپ قىلىڭە! گۈلدەك چاغلىرىمىزدا سەھرادا توپىغا مىلىنىپ يۈرۈۋاتقىنىمىز يەتمەي، گەپنى سەھرادەك يېقىمسىز باشلىدىڭىزغۇ؟

بېلىقىز سادىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئوتلۇق كۆزلىرىگە مۇھەببەتلىك تەلمۈردى. سادىرنىڭ كۆزى ئۇنىڭ تولغان كۆكسىگە چۈشۈش بىلەن كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ، ئىككىلىنىپ قالدى. يىگىتنىڭ ئەقلىنى ھېسسىيات، جىنسىي ھەۋەس، فىزىئولوگىيىلىك تەلەپ بىخۇدلاشتۇرماقتا ئىدى. ۋۇجۇدىنى ئىختىيارسىز بېسىپ كېلىۋاتقان

تىترەكنى تەستە بېسىپ سورىدى:

— بېلىقىز، سىز توي قىلغانمۇ؟

بېلىقىز چۆچۈپ كەتتى. مەكتەپتىن، ساۋاقداشلىرىدىن سىر تۇتۇپ كېلىۋاتقان، ھەتتا ئۆزىمۇ ئۇنتۇپ كېتەي دەپ قالغان بۇ ئىش ئۇنى ساراسىمىگە سېلىۋەتتى. چۈنكى، سادىردىن مۇھەببەت تەمەسىنى قىلىۋاتقان مۇشۇنداق شارائىتتا، بۇ سوئالنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ئۇنىڭغا قاتتىق ئەكس تەسىر بەرگەنىدى. شۇنداقتىمۇ كۆپنى كۆرگەن، مۇرەككەپ تۇرمۇش ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت تەجرىبىسىگە ئاساسەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئېيتتى:

— توي قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بۇنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەدىم. مەن خىزمەتكە چىقىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە ئوقۇيمەن. ئەپلەپ بىر ئائىلىگە ئىگە بولۇپ، تۆشۈك خوتۇنى بولۇپ، جاھاندىن خۇداغا شۈكرى دەپ سەۋر - تاقەت بىلەن ئۆتىدىغان بېلىقىز تېخى تۇغۇلمىدى. سىزنى باشلىقىمىزكەن دەپ ھۆرمەت قىلىپ قويسام، گەپنىڭ بىسمىللاسىدىلا گۇمانغا چۈشتىڭىزغۇ؟

— مەيلى توي قىلغان بولۇڭ، مەيلى بۇنى خىيالىڭىزغا كەلتۈرمەڭ، بۇ مەن ئۈچۈن بەرىبىر، ھەممىمىز ئوقۇغۇچى، توي قىلىش-قىلماسلىقىڭىزنىڭ مەن بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. لېكىن، باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئەستايىدىلراق بولغىنىمىز ياخشى. دېھقانلارغا ياخشى تەسىر قالدۇرۇپ كەتكىنىمىز تۈزۈك.

— نېمىلەرنى دەپ كەتتىڭىز؟ مەقسىتىڭىزنى پەقەتلا چۈشىنەلمىدىم!

— ئوچۇق گەپنى قىلاي، مامۇت ئاشپەز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئېھتىياتچانراق بولۇڭ. سىز ئوقۇغۇچى، ئۇ ئايالى ۋە نەچچە بالىسى بار ئادەم.

بېلىقىز بىردىنلا يەرگە پېتىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولۇۋاتاتتى. بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا مامۇت بىلەن ناتوغرا مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى ئېسىگە كېلىپ، چىرايى ئۆڭۈپ كەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ

ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك پېتىدىن چۈشمەسلىككە تىرىشتى. بېلىقىز ياشتا كىچىك بولغان بىلەن نۇرغۇن ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنىدى. «ھەرقانداق كۆڭۈلسىزلىك ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنتۇلىدۇ. سەۋر - تاقەتلىك بولۇپ، ھودۇقماسلىق كېرەك» دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە. بۇنداق تەجرىبە - ساۋاقلار بىرنەچچە يىللىق ئېگىز - پەس تۇرمۇش مۇناسىۋەتلىرى جەريانىدا يەكۈنلەنگەنىدى. ئۇ قاقۋاشلىشىپ كەتكەچكە ساۋاقداشلىرى ئىچىدە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، تۇخۇمدىن ئاق، سېغىزغاندىن ساق بولۇۋاتاتتى. باشقىلاردىن بولسا قانداق پايدىلىنىشنى ئوبدان بىلەتتى. ھالبۇكى، سادىرنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ چىۋىقىغا كەلمەيتتى. شۇڭا، بۇ گەپنىڭ ئۆزى بىلەن ھېچبىر مۇناسىۋىتى يوقتەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ دېدى:

—نېمە دەيدىكىن دەپتىمەن تېخى، ئاشۇ مەينەت، سەت بىلەن ئارىلاشمىسام، ئۆزۈمگە لايىق ئادەم چىقماسما؟ مۇئەللىمگە دەيمەن... ھۇ - ھۇ...

بېلىقىز ئۇن سېلىپ يىغلاپ، بېشىنى تىزىغا قويدى. ئۇ بەئەينى رول ئېلىۋاتقان ئارتىسقا ئوخشاپ قالغانىدى.

— بولدى قىلىڭ، مەن شۇنداقلا دەپ قويغان، بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇناسىۋەتلەردە ئېھتىياتچان بولۇڭ، سىز ياخشى قىز، قۇرۇق گەپ - سۆزگە قالماڭ دەيمەن.

سادىر بېلىقىزنىڭ سۇنئىي يىغىسىنى ئاڭلاشنى خالىمىدى بولغاي، ئالدىراپ خوشلىشىپ ياتاقتىن چىقتى.

— توختاڭ، سىز مېنى نەچچە يىل بىللە ئوقۇپمۇ چۈشەنمەپسىز. مەن پاك بىر قىز، ئائىلىمىزنىڭمۇ ئابروي - ئىناۋىتى بار. سىز قىزلارنىڭ كۆڭلىنى زادىلا چۈشەنمەيدىكەنسىز. ئۇزاقتىن بېرى تەمە قىلىپ كەلگەن گەپنى بۇگۈن ئاڭلايدىغان بولدۇم دېسەم، سىز... مەن سىزنى چىن كۆڭلۈمدىن...

بېلىقىز بايىقى كۆڭۈلسىز گەپلەرنى پۈتۈنلەي تۈگىتىشنى ئويلىدى بولغاي، سادىرنىڭ ئەقلىگە دان چېچىپ بويىنىغا ئېسىلدى. سادىر

نىمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇنىڭ ھېسسىياتى غەليان كۆتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىشنىڭ نەتىجىسىدىن ئەنسىرەپ ئۆزىنى تۇتۇۋال- دى. بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدا تۇنجى قېتىم بىر قىزنىڭ سۆيگۈ تەمە قىلىپ بوينىغا گىرە سېلىشى ئىدى. ئۇ شېرىن خىيالدىن سەگىگەندەك ئېسىنى تېپىپ:

— سەت تۇرىدۇ، ئۇنداق قىلماڭ،— دېدى.

بېلىقىزنىڭ قۇيغان ئۆپكىدەك بىر جۈپ چىرايلىق كۆكسى سا- دىرنىڭ مەيدىسىگە تېگىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى يەنە ئوت ئالغان- دەك بولۇپ، تىنىقى تېزلەشتى. تەجرىبىلىك قىز ئۇنىڭدىن يىگىتكە خاس بىرخىل قوپاللىقنى كۈتمەكتە ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ تېزلا ھوشىنى تېپىپ، بېلىقىزنى سۇپىغا ئاستا ئولتۇرغۇزدى - دە، ئۆزىمۇ يېنىدا ئولتۇرۇپ، تەمكىنلىك بىلەن ئېيتتى:

— ئۇنداق قىلماڭ! ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلغاندا نەتىجىسىنى ئويلىمىسا بولمايدۇ، ھەرقانداق مۇناسىۋەتتە ئادەم ئۆزىنىڭ ھەرخىل مەنپەئەتلىرىنى ئويلاشمىسا بولمايدۇ. ئوقۇش پۈتكەندىن كېيىن، سىز كېتىسىز، گەپقۇ تۈگەيدۇ. لېكىن، ھازىر تونۇيدىغان ياكى تونۇمايدىغان، كەلگۈسىدە سىز ئۇچۇن سۆيگۈ بېغىشلايدىغان ۋاپادار- ىڭىزغا ئاسىيلىق قىلىپ، ئالدانغان ياكى ئالدىغان بولۇپ قالىدىغان گەپ، مەيلى ئالداڭ ياكى ئالدىنىڭ ھەر ئىككىسى ئوخشاشلا نادانلىق، نادانلىقنىڭ كىشىگە بەخش ئېتىدىغىنى پەسكەشلىك، پەسكەشلىك كىشىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى تۆكىدۇ، يۈزىنى چۈشۈرىدۇ. ئىككى يۈزلىمىچىلىك ئەڭ چوڭ ۋىجدانسىزلىق، ۋىجدانسىزلىق ئادەمنى رو- ھىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئۆلتۈرىدىغان نومۇسسىز جاللات. ئادەم ھەرقانچە قىيىنچىلىقتا ئۆتسىمۇ، پاك ھالدا ئۆزىگە يۈز كېلەلىگۈدەك سەمىمىيەت بىلەن مەغرۇر ياشىغىنى تۈزۈك،— سادىر ئويغا پاتقىنى- چە بىردەم تۇرۇۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى،— بىز كەلگۈسىدىكى پەرزەنتلىرىمىزگە، شەپقەتچىلىرىمىزگە، مىڭ بىر جاپا بىلەن قاتارغا قوشقان ئاتا - ئانىلىرىمىزغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقى-

مىز، جەمئىيەتنى بۇلغايدىغان پەسكەشلەردىن ئەمەس، بەلكى ئۆزد-
مىزنى ھۆرمەتلەشنى، قەدىرلەشنى بىلىدىغان پەزىلەتلىك ئادەملەردىن
بولۇشىمىز كېرەك. ئۆمرىدە بىلىپ- بىلمەي نادانلىق قىلىپ قالماي-
دىغان ئادەم ئومۇمەن يوق دېيەرلىك بولسا كېرەك. لېكىن، قىلغان
شۇ نادانلىقلىرىغا ھامان بىر كۈنى ئۆكۈنىدۇ، ھېچبولمىغاندا پۇت-
قولدىن ماغدۇر كېتىپ، ئەجەلنى كۈتۈپ تەكىيىگە باش قويغاندا توۋا
قىلىدۇ. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ ئادەم بۇ بىخۇدلۇقنىڭ مەھسۇلى
بولغان نادانلىقتا نېمىنىڭ ئۆز، نېمىنىڭ سەت، نېمىنىڭ خاتا،
نېمىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، بىلگەن تەقدىردىمۇ كېچىكك-
ىنە مەنپەئەتتىن ۋاز كېچەلمەي ئۆزىنى، ھاياتىنى بۇلغاپ، نومۇس-
ىنى، ۋىجدانىنى، ئادىمىيلىك سۈپىتىنى يوقىتىدۇ.

سادىرنىڭ مۇلاھىزە - تەپەككۇرى خېلى ئورۇنلۇق ئىدى. ئۇ
يەنە نېمىلەرنىدۇر دەيدىغاندەك قىلاتتى، شۇ چاغدا بېلىقىز ئۆزىنى
سۇپىغا تاشلاپ، ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

تاڭ ئاسمىنى سادىرنىڭ كۆڭلىدەك ئوچۇق، شەپەق جىلۋىلىك
ئىدى. ئۇ ئادىتى بويىچە ئېتىزلىقلارنىڭ قىرلىرىدا ئۆزى بىلەن ئۆزى
سۆزلىشىپ يۈرەتتى. كۆزلىرىدىن ئۆزىدىن قانائەتلەنگەندەك نۇر چاق-
نايتتى. «ئاق سېرىق» بىلەن «تومىلاق» نىڭ ماھۇتقا چېتىشلىق
بولغان تۇرمۇش ئىستىلى مەسىلىسىنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلدىم.
ئېغىزغا ئالغىلى بولمايدىغان ئىشنى ئېغىزدىن چىقىرىپ، ئىككىنچى
ئېغىزغا ئالمايدىغان قىلىۋەتتىم. «قول سۇنسا يەڭنىڭ ئىچىدە» دې-
گەندەك بولدى، دەيتتى ئۇ ئۆزىگە قايىل بولۇپ. ئۇنىڭ تەشۋىشكە
تولغان كۆڭلى - كۆكسى بوشاپ ئەسلىگە كەلگەندەك كەيپىياتى روھ-
لۇق كۆرۈنەتتى.

ياسىن مۇئەللىم ھەركۈنى كەچتە ئۆيىگە كېتەتتى. ئەگەر مەك-
تەپتە يىغىن بولۇپ قالمىسلا ئەتىگەندە كېلەتتى. ئوقۇغۇچىلار ياتىقى
ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھويلىغا كىرىپلا ۋېلسىپىتنى قوياتتى - دە، تاماكا
ئوراتتى. بۈگۈنمۇ ئادىتى بويىچە تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، كەينى-

كەيىندىن بىرنەچچىنى شورىغاندىن كېيىن، ئىشارە قىلىپ سادىرنى چاقىردى:

— زېرىكىۋاتامسەن؟

ئۇنىڭ نەزىرىدە، سادىردىن ئەھۋال سورىغانلىق بارلىق ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئەھۋال سورىغان بىلەن ئوخشاش ئىدى.

— زېرىكسەك نېمە ئامال، مۇئەللىم؟ — سادىر بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك، ئەمما نېمە ئىشلىقىنى ئۆزىمۇ ئېنىق چۈشەنمەي، مۇئەللىمىنىڭ چۈشەنچە بېرىشىنى تەلەپ قىلىۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن بىر نەرسىنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم. بۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرى ئومۇمەن ئىككى خىل بولۇپ، بىرخىلى شىردەك تەمكىن، نەزەر دائىرىسى كەڭ، خاراكتېر جەھەتتىن مۇكەممەل، يەنە بىر خىلى يەڭگىلتەك، مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغىمۇ چېپىلغاق، قىزىل مۇچراق ئىكەن.

ياسىن مۇئەللىم تاماكىسىنىڭ قالدۇقىنى ئاخىرقى قېتىم قاتتىق بىر شوراپ، سادىرنىڭ سوئالىغا جاۋابەن ئېيتتى:

— ھەربىر يۇرتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. ھەر بىر يۇرت ئادەملىرىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى، خاراكتېرى، سۆز تەلەپپۇزى، ھەتتا ھۈنەر - كەسىپ جەھەتتىكى پەرقى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. مەشھەت ھەرقانداق يۇرتقا ئوخشىمايدىغان، ئالاھىدىرەك بىر كەنت، بۇ يەرنى كەنت دېگەندىن كۆرە بازار دېگەن تۈزۈك. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىككىنچى يۇرتى مانا مۇشۇ بازار. بازار ماھىيەتتە تاۋارلارنى تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش سورۇنى بولۇپلا قالماستىن، بازار ۋە ئېھتىياج تۈپەيلى ياقىلاشتۇرۇش ئالاھىدىلىكىگىمۇ ئىگە. بازار قوغلىشىپ، ۋاقىتلىق پاناھلانغان تاۋاپچىلار پەقەت ئۆلكە ئازات بولۇپ، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغاندىلا زېمىنغا ئېرىشىپ، رەسمىي مۇشۇ يۇرتنىڭ نوپۇسىغا ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ خاراكتېرى يەڭگىلرەك، ئەسلىدىن بۇ يۇرتلۇقلار بولسا سالماق، ئوقۇمۇشلۇق، ئېغىر - بېسىق كېلىدۇ. سەن دېگەن ئوخشىماسلىقنىڭ

سەۋەبى شۇ بولسا كېرەك.

ياسىن مۇئەللىمنىڭ ئاغزى گەپتە بولسىمۇ، كەيپىياتىدىن كۆڭلىدە باشقا بىر ئىش باردەك قىلاتتى. سادىر بۇنى سەزگەندەك زىغىرلاپ سوراۋەرمىدى.

— ئاخشام مەكتەپتە يىغىن بولدى، — دەپ گەپ باشلىدى ياسىن مۇئەللىم ئىككى قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ مەغرۇر قىياپەتتە، ئادەتتە ئۇ باشقىلار ئاڭلىمىغان يېڭى ئىشنى شۇنداق ھالەتتە بايان قىلاتتى، — مەكتەپكە قايتىدىغان بولدۇق. ئوقۇغۇچىلار چۈشتە خوشلىشىپ كەلسۇن. چۈشتىن كېيىن خۇلاسە قىلىپ ئەتە قايتىمىز.

ئۆزلىرىنىڭ بارلىق تەقدىرىنى مۇئەللىم بىلەن مەكتەپنىڭ قولىدا دەپ بىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار ھەش - پەش دېگۈچە ياسىن مۇئەللىمنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ئۇلارنىڭ قەلبى چەكسىز شادلىققا چۆمگەندى.

مامۇت ئوقۇغۇچىلاردىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماۋاتقانلىقىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، يەنىلا شوخ، مەغرۇر ئىدى. چۈنكى، ياشلىقتىكى بەڭۋاشلىقتىن كېلىدىغان شادلىق لەززىتىنىڭ ۋاقىتلىق بولىدىغانلىقىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى.

ھەربىر ئىنسان بالىسىنىڭ ھاياتىدا كۆڭلى يېرىم بولىدىغان ئىشلار پات - پات يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. پەقەت ئەڭ ئوقۇمۇشلۇقلىرى بىلەن كالۋالىرىلا بۇخىل ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ. ئادەم بالىسى ئۆزى خالاپ قىلغان مەخپىي ئەخلاقسىز قىلمىشلارنىڭ ئاشكارىلىنىشى شۇ كىشىنىڭ روھىي دۇنياسىدا يەڭگىلى بولمايدىغان زىددىيەتلەرنى پەيدا قىلىشىمۇ، ئانچە چوڭ تەسىر قىلماسلىقىمۇ مۇمكىن. سادىر بېلىقىزغا يەر ئاستىدىن زەن سېلىپ، ئۇنىڭ روھىي ھالىتىدە كۆڭۈلسىزلىكتىن ئەسەر يوقلۇقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تادانلىقىدىن رازى بولغاندەك ئەتراپتىكىلەرگە چاندۇرماي، مىيىقىدا كۈلدى. مامۇتنىڭ يۈزى قىزىرىپ، سەل ئوڭايسىزلانغاندەك كۆرۈندى. ئۇ سادىرنى يانغا تارتىپ، باشقىلاردىن

ھەزەر ئەيلىگەندەك كەينىگە قاراپ قويۇپ، قولىقىغا شىۋىرلىدى:
— ئازراق ئىچىپ قويامسەن؟
— ياق! — كەسكىن رەت قىلدى سادىر، — ئىچىپسەندە، كالۋا؟
— مامۇت سادىرغا سۆزۈشىپ، مازلىق قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۇچۇن قىزلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلغان ياكى قىزلار توغرۇلۇق ئاڭلىغان پاراڭلارنى قىلىشمۇ بىرخىل ھۇزۇر ئىدى. ھاراقنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، شۇ تاپتا ئۇنىڭ شوخلۇقىغا شوخلۇق قوشۇلۇپ، لاۋزىلىقتا چېكىگە يەتكەنىدى. ئۇ سادىرغا خۇددى ئىگىسىگە ئەركىلىگەن ئىتتەك غەيرىي قىلىقلارنى قىلاتتى. ئۇنىڭ سادىرغا خۇشامەت قىلىشتىكى مەقسىتىمۇ قىزلار توغرۇلۇق پاراڭلىشىش ئىدى. ئۇ سادىرنىڭ رايىنىڭ يوقلۇقىغا قارىماي يەنە شالىنى چېچىشقا باشلىدى:
— چىرايلىق قىز دېگەن بۇ ئالەمنىڭ راھىتى. سېنى ئۆتۈپ كەتكەن بىر ساراڭمىكىن دېسەم ئەقىللىق، ھەممىسى چوڭ بىلىدۇ. قىزلارمۇ ئەتراپىڭدا پەرۋانە، سەن دەرھال ئويغان، ئۇلار بىلەن ئارىلاش، ئالىمەن دەپ قويۇپ، كۆڭۈل خۇشى قىلىشۇېلىپ تاشلىۋەتسەڭ بولۇۋېرىدۇ. خەق نۇرغۇن پۇل خەجلەپ ئالىدىغان خوتۇن شۇ، بۇ بىر پۇرسەت، ھېممىشە كېلىۋەرمەيدۇ. قولدىن كەتكەندە پۇشايمان يەيسەن. ئايالللارنى سەن چۈشەنمەيسەن، ئۇلار بەكمۇ گول كېلىدۇ.
— بولدى قىل، تەلۋە، ئۆتكەندىكى ئىشلىرىڭنى تەشكىل بىلىپ قالسا، ئەدىپىڭنى يەيتىڭ، باشقىلارنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان، يۈزىنى تۆكىدىغان گەپ - سۆزلەرنى ئىككىنچى قىلغۇچى بولما، باشقىلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە، كىشىلىك ھوقۇقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئىش-ۋالارنى تارقىتىشمۇ ئوخشاشلا جىنايەت.
— ئەخمەق، مەن ئۇلارنىڭ غۇرۇرىغا تەگمىدىم، غۇرۇرىنى ئويغىتىپ يايرىتىۋەتتىم. ئىززەت - ھۆرمىتىگە چېقىلمىدىم. كىشىلىك تۇرمۇش يولىدا ھەمسەپەر بولۇپ، ئىززەت- ھۆرمىتىنى قىلدىم. ئۇلار مەندىن خاپا ئەمەس، بەلكى خۇشال، بىلىپ قوي،

ئوقۇمۇشلۇق يىگىت، ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى جىنايەت ئىختىيارىي سادىر بولمايدۇ...

مامۇت يەنە نىمىلەرنى دەيتتىكىن، سادىر تېتىقسىز گەپلەرگە قۇلاق سالماي، مۇھىم بىر ئىشى چىقىپ قالغاندەك ياسىن مۇئەللىم تەرەپكە ماڭدى.

* * *

مەكتەپ مۇھىتى تولىمۇ كۆڭۈلسىز تۈيغۇ بېرەتتى. 8 - ئاي بولۇشىغا قارىماي، دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ كەتكەنىدى. بىر قاراپلا مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى بىلگىلى بولاتتى. يېزىغا چۈشكەن تۆت سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەكتەپ ئاۋاتلىشىپ، كەيپىيات جانلانغانىدى. قىزلار كېپىنەكتەك ياسىنىپ تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار قىزىق پاراڭلارنى قىلىشىپ، قوڭغۇراقتەك كۈلۈشەتتى. ياخشى ئۆتۈشىدىغان قىز - يىگىتلەرمۇ بىر - بىرىگە مۇھەببەتلىك نەزەردە بېقىشىپ، كۆڭۈل سىرلىرىنى ئىپادىلەپ ئىشارە قىلىشاتتى. سادىرنىڭ ئوي - خىيالى مارىيەدە ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ يۈرەك سۆزلىرىنى ئىزھار قىلغۇسى كېلەتتى، ئەمما ئويلىغانلىرىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە جۈرئىتى يوقتەك خۇرسىناتتى. قەلبىگە تونجى سۆيگۈ ئوتى تۇتاشقان تۈگمەن بېشىنى ئەسلەپ، قادىر بىلەن مارىيەنىڭ چاقچاقلىرى، مارىيەنىڭ كۈلكىسى قۇلىقى تۈۋىدە ياڭرىغاندەك بولاتتى.

سادىرنىڭ ئەقلى غايىبانە ئاراملىق ئىزدىسە، ھېسسىياتى ئازابلىق تەرەپكە ئۈندەيتتى. ئېسىگە قاچان مارىيە كەلسە ئارامى بۇزۇلۇپ، ئۆزىنى تىزگىنلىيەلمەي قالاتتى. شۇنداق چاغلاردا قادىر بىلەن ئەركىننى ئىزدەيتتى. ئۇلارنىڭ خۇش چاقچاقلىرى، بولۇپمۇ قادىرنىڭ ئاڭلىغان، كۆرگەنلىرى توغرۇلۇق قالدۇرماي پاراڭ سېلىشى كۆڭۈللۈك كۈلكە پەيدا قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، سادىر

قادىرنى ئىزدەپ ياتىقىغا ماڭدى. گەرچە ئۇلار بىر سىنىپتا بولمىسىمۇ، بىر - بىرىنى سىغىنىشاتتى، قادىر خاراكتېر جەھەتتە شاللاقراق بولۇپ، گەپنى كۆپرەك قىلاتتى. ئۇ بارلا سورۇندا مەيلى قايسى مەزمۇندا بولسۇن باشقىلارغا گەپ ئاشمايتتى. سادىر ئىزدەپ كىرگەندە ئۇ ياتاقداشلىرىغا پاراڭ سېلىپ، گەپدانلىق قىلىۋاتاتتى.
— پارىڭىڭلارنى ئۈزۈپ قويدۇم؛ ئۇلاپ ئاڭلىتىۋېرىڭلار، — دېدى سادىر قىزىقچىلىق قىلىپ.
— ھەممىدىن مېھمان ئۇلۇغ، ئايرىلغانىغا ئىككى ئايدىن ئاشتى. سەندىن كەلسۇن، — قادىرمۇ سادىرنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ چاقچاق قىلدى.
—بىر كۆلكە بىر كۇنلۇك ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ، سۆزلەۋەر، — سادىر شۇنداق دېگىنىچە قادىرنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى.
— يېزىدىكى نامراتچىلىق، ناھەقچىلىكلەر ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇرۇۋاتىمىز، — دەپ پارىڭىنى باشلىدى قادىر قىزىقچىلىق قىلىپ، — ھەممىمىز دېھقان بالىلىرى تۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ دەردىنى زادىلا چۈشەنمەيدىكەنمىز. بۇ قېتىم كۆپ بىلىمگە ئىگە بولدۇم، نۇرغۇن نەرسىلەرنى چۈشەندىم. سەنمۇ خېلى پىشىپ قالدىڭ، — قادىر سادىرغا يۈزلەندى، — گەرچە ئېلان قىلمىساڭمۇ يېزىپ تۇرۇۋاتىسەن، مۇشۇ سورۇندا بىرەر پارچە ماقالەڭنى ئوقۇپ بەرگىنە؟
— مۆرتى كېلىدۇ، — سادىر قىزىرىپ كەتتى.
سادىرنىڭ قادىرنى ئىزدەپ كىرىشتىكى مەقسىتى، ئۇنىڭ بىلەن كوچا ئايلىنىپ، مارىيەنىڭ مەھەللىسى تەرەپكە بېرىش ئىدى. شۇڭا، گەپ قىلىش نۆۋىتى كەلگەندە قادىرغا يۈزلىنىپ، ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا دېدى:
— ھاۋامۇ خېلى سالقىنلاپ قالدى، ئايلىنىپ كېلەمدۇق؟
— كىنو كۆرەمدۇقيا؟ — قادىر سادىرغا سوئال نەزىرىدە تىكىلدى.
— كىنولا دەيدىكەنسەن، ئىككى ئادەم گەپلەشسە ئاغزىغا قاراپ

ئولتۇرۇش مەن ئۇچۇن تولىمۇ زېرىكەرلىك. كىملەردۇر ئاللىكىمـ-
لەرنىڭ گېپىنى قىلىشىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش ۋە سۆيـ-
گۈ - مۇھەببەت تەجرىبىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھېسسىيات ئالماشـ-
تۇرۇشىدۇ. بۇنىڭ نېمە قىزىقى، قانچىلىك جەلپكارلىقى بولسۇن؟
قەھرىمانلار، تارىخىي شەخسلەر، ئۇلۇغ زاتلار تەسۋىرلەنگەن كىنو
بولسا كۆرۈپ قويسا بولىدۇ.
— كىنو كۆرۈشمۇ كىتاب ئوقۇغان بىلەن ئوخشاش بىر ئىش.
جانلىق ئوبرازلار ئالدىڭدا نامايان بولىدۇ. سۆزلەيدۇ. سۆزلىگەندىمۇ
ھېسسىياتلىق سۆزلەيدۇ. تەسىرلىنىپ، قەلبىڭ ھاياجانغا تولىدۇ،
ئىلھام ئالىسەن. ئىلھاملىنىش ئىنسان مەنىۋى دۇنياسىنىڭ يېڭى بىر
مەنگە ئېرىشىشى. ھالبۇكى، كىنو كۆرۈشكىمۇ سەۋىيە كېتىدۇ، —
قادىر سادىرنىڭ كەيپىياتىنى كۆزەتمەكچىدەك قاراپ قويۇپ گېپىنى
داۋاملاشتۇردى، — سەن كىتابنى كۆپ كۆرىسەن. بۇ تولىمۇ جاپالىق
مەنىۋى ئەمگەك، كىتاب ئوقۇشقا ۋاقىت كۆپ كېتىدۇ. كىنو كۆرۈش
دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئويناپ ئولتۇرۇپ كۆرۈۋېرىـ-
سەن. كۆرۈش نېسىپ بولمىغان شەھەرلەرنى كۆرىسەن، ۋەتىنىنىڭ
گۈزەل تاغۇدەريالىرى كۆز ئالدىڭدا نامايان بولىدۇ.
— مېنىڭچە، كىنونى ھەرقانچە كۆرگەن بىلەن سىستېمىلىق بىر
نەرسە ئۆگەنگىلى بولمايدۇ.
— بۇ گەپنىڭ مەلۇم ئىلمىي ئاساسى بار. كىنو كۆرۈش بىر-
خىل مەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش، ھەرقانداق ئادەم ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇن
قىممەتلىك ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە، نور-
مال تۇغۇلغان ھەرقانداق ئادەم ئومۇمەن ئوخشاش، لېكىن قىزىقىـ-
شى، ھاياتقا بولغان قارىشى، ئۆزىنى قەدىرلەش ھېسسىياتى ئوخشاش
بولمىغاچقا، جەمئىيەت ۋە كىشىلىك تۇرمۇش سەھنىسىدىكى قەدىر-
قىممىتى ئوخشاش ئەمەس.
— ئۆزىنى مەلۇم بىر ئىشقا بېغىشلىيالمىغان ئادەم ئۆزىنى
مەڭگۈ بەختلىك ھېس قىلالمايدۇ. ئىنساننىڭ قەدىر - قىممەت تۇيغۇ-

سى تولىمۇ نازۇك بولىدۇ. گەپ شۇ نازۇك تۇيغۇنىڭ ئويغىنىش - ئويغانماسلىقىدا، مېنىڭچە ھەربىر ئادەمدە قەدىر - قىممەتنى ساقلاش تۇيغۇسى بولىدۇ. لېكىن، بۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بۇنىڭدا مۇھىم ئامىل يەنىلا تەربىيىلىنىش، ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلەش جەريانىغا باغلىق.

سادىرنىڭ كەيپىياتىدىن ھاياجان ئىپادىلىنىپ تۇراتتى، كۆڭلىدە نېمە بارلىقىنى بىر ئۆزىلا بىلەتتى. ئۇنىڭ كۆڭۈل قۇشى قادىر بىلەن بولغان پاراڭدىن كۆرە، نەلەردىدۇر ئەگىيتتى. خىيالىدا كىملەرنىدۇر سۆيەتتى، كىملەرگىدۇر كۆيەتتى.

— قايسى تەرەپكە ماڭىمىز؟— سادىردىن سورىدى قادىر.

— سېنىڭ قايسى تەرەپكە بارغۇڭ بار؟

— سېنىڭ رايىڭچە بولسۇن!

— ئۇنداق بولسا تەخمىنەن 500 مېتىردەك ئۇدۇل مېڭىپ، ئوڭغا بۇرۇلىمىز. يەنە تەخمىنەن 100 مېتىرچە مېڭىپ، يەنە ئوڭغا بۇرۇلىمىز.

— مەقسەت؟— سوئال نەزىرىدە تىكىلدى قادىر.

— نېمە مەقسەت بولسۇن، مەقسەت بار دېگەندىمۇ بۇنى سەن پەيدا قىلغان.

سادىر قەلبىگە تۇنجى مۇھەببەت ئوتى تۇتاشقان تۇگمەن بېشىدىكى قادىر بىلەن مارىيەنىڭ چاقچىقىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، قادىرنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويدى. ئۇلار قىزغىن چاقچاقلار بىلەن مارىيەنىڭ مەھەللىسىگە يېقىن بېرىپ قېلىشتى. سادىرنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ، يۈرىكىنىڭ سوقۇشى تېزلىشىشكە باشلىدى. پۈتلىرىمۇ ئۆز ئىختىيارىدا ئەمەستەك قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنى دەڭسەپ، كەيپىياتىنى تەڭشۈېلىشنى ئويلىدى بولغاي، ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا ئېيتتى:

— بىردەم ئولتۇرامدۇق، بۇ يەر خېلى ھاۋالىق ئىكەن.

— بۈگۈنكى كەچلىك ۋاقىتنى ساڭا ئاتىۋەتتىم. سەن نېمە دېسەڭ شۇ.

ئۇلار تۆت كوچا دوقمۇشىغا يېتىپ كېلىشكەندى. گەرچە ئۆستەڭ بويىدا دەرەخ بولمىسىمۇ، چىملىق قىرغاقنى سۆيۈپ ئېقىۋاتقان سۈپسۈزۈك سۇ كىشىگە ھۇزۇر بەخش ئېتەتتى. سۇنىڭ سۈزۈكلۈكىدىن ئۆستەڭ ئاستىدىكى ھەربىر تاشنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. ئىككىسى پۇتلىرىنى سۇغا چىلاپ، راھەتلىنىشكە باشلىدى. بۇ يەردىن مارىيەنىڭ دەرۋازىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مارىيە ئىشىك ئالدىغا چىقتى. ئۇنىڭ بىر قولىدا چېلەك، يەنە بىر قولىدا كۇرۇۋشكا بار ئىدى. سادىر ئۆزىمۇ سەزمەستىن ئورنىدىن تۇرۇپ كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى. مارىيە ئىشىك ئالدىغا سۇ چېچىپ كۆپكۆك قىلىۋەتتى، ئاندىن سادىرلار ئولتۇرغان تەرەپكە قاراپ قويۇپ، ھويلىغا كىرىپ كەتتى. قۇياش شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تاغنىڭ كەينىگە ئۆتكەندى. قادىر سادىرغا سوئال نەزىرىدە تىكىلدى.

— ماڭامدۇق؟

— ماڭساق ماڭدۇق.

سادىر روھلۇق كۆرۈنەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۆزىنى كىملەردۇ كۆزىتىپ تۇرغاندەك يۈرىكى دۈپۈلدەيتتى. ئۇلار مارىيەنىڭ دەرۋازىسى ئۇدۇلىغا بارغاندا، سادىرنىڭ يۈرەك سوقۇشى تېخىمۇ تېزلىشىپ ئۆزىگە ئاڭلانغۇدەك سېلىپ كەتتى. دەرۋازا داغدام ئوچۇق ئىدى. ھويلىغا تەكشى سۇ چېچىلغان بولۇپ، تال - باراڭلىق ھويلا تولىمۇ ھاۋالىق كۆرۈنەتتى. ھويلىنىڭ يان تەرەپ دوقمۇشىغا چوڭ بىر تەشتەك سۆگەتگۈلى قويۇلغان بولۇپ، ھويلىغا گۈزەل تۈس كىرگۈزگەندى. بۇ ھويلا سادىرغا باغچىدەك تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈندى. شۇ تاپتا ھويلىغا كىرىپ يېتىۋالغۇسى، ئىشق دەردىنى ئېيتىپ، مارىيەنى ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن تىلىۋالغۇسى كەلدىيۇ، قادىرغا كۆڭلىدىكىنى چاندۇرمىدى.

— ئوڭغا بۇرۇلامدۇق؟

— كەلگەن يولىمىز بىلەن كېتەيلى.

— ئورۇنلاشتۇرۇشۇڭ بويىچە بىرىنچى يولغا چىقتىققۇ؟

— ئورۇنلاشتۇرۇش ئەمەلدىن قالدى.

ئىككىسى بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈشۈپ كەتتى، بۇ كۈلكىگە ئالداش بىلەن ئالدىنىش بىرلىشىپ كەتكەنىدى، قادىر سادىردىن گۇمانلانغاندەك سورىدى:

— سەندە بىر گەپ باردەك تۇرىدۇ. مۇشۇ مەھەللىدىكى بىر قىزغا كۆيۈپ قالمىغانسەن؟

— كۆيۈپ قېلىش قانداق بولىدۇ؟

— راستتىنلا بىلمەمسەن ياكى خۇپسەنلىك قىلىۋاتامسەن؟ كىچىككىنە بىر سەۋەب بىلەن بىر قىزغا كۆڭلۈڭ چۈشۈپ قالىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، شۇنىلا ئويلايسەن، ئارامىڭ بۇزۇلىدۇ، ھېمىشە كۆرگۈڭ كېلىدۇ. كۆرسەڭ يۈرىكىڭ ئاغزىڭغا كەپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ، گەپ قىلالمايسەن. «قاراڭغۇدىن قورقمايمەن، قاراڭدىن قورقىمەن يارىم» دەپ ناخشا ئوقۇيسەن. قىز بولسا خەۋەرسىز خاتىرجەم يۈرۈۋېرىدۇ.

— سەن بىرسىگە كۆيۈپ باققانمۇ؟

— بىزدەك ئۇجمە كۆڭۈل ئادەملەردە بىرسىگە كۆيۈپ قېلىش، ھەقىقىي مۇھەببەت، ۋاپادارلىق دېگەنلەر مەۋجۇت بولمايدۇ. ئاياللارغا ئىنتىلىش بالاغەتكە يەتكەن بارلىق ئەرلەردە بولىدىغان فىزىئولوگىيەلىك ھالەت، لېكىن مۇھەببەت ھەممە ئادەمدە بولۇشى ناتايىن. ئار - نومۇسلۇق ئادەملەردىلا مۇھەببەت ئۆمۈرلۈك ساقلىنىپ قالالايدۇ. مۇھەببەتنى ئۆمۈرلۈك ساقلاش يەنە بىر مەنىدىن ئېيتقاندا ئاجىزلىقنىڭ ئالامىتى، ئەگەر مۇھەببەتنى توغرا چۈشىنىپ، ئۆزى بىلەن ئوبيېكتى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلالىسىلا، قارشى تەرەپنى ئۆزىدىن چوڭ كۆرۈۋالمىسا، روھىي جەھەتتىن ئۆزىنى تەڭشىيەلىسە، مۇھەببەت بالاغەتكە يېتىدۇ. بالاغەتكە يەتكەن نەرسىنىڭ بولسا قېرىمايدىغىنى، قېرىغاندا تۈگىمەيدىغىنى يوق، روھىي جەھەتتىكى ئىشلارمۇ، مەنىۋى جەھەتتىكى نازۇك مۇناسىۋەتلەرمۇ شۇنداق بولىدۇ. مۇھەببەتنى ناچار شارائىت بىلەن پەردىشەپلا ساقلاپ

قالالايدۇ. بىزدەك يۈزى قاتقان، كۆزى ئىچىلغان، گېپى ئوچۇق ئادەملەردە مۇھەببەت يېتىلىنىپ تۇرىدۇ. ھەرقانداق ئادەمدە يات جىنسقا قىزىقىش ھېسسىياتى قېرىمايدۇ. كونىسىغا ئېرىشەلمىگەنلەر ئۇنىڭ يېتىلىقىنى ساقلاپ قېلىۋېرىدۇ. بۇ ھەقىقىي ئادىمىيلىك ھېسسىيات، ئادەمنىڭ ھايۋانلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشىدىكى سەۋەبمۇ ئادەمدىكى مۇھەببەتكە قىزىقىشنىڭ يېتىلىنىپ تۇرىدىغانلىقىدا، بۇ ئىنسانىنىڭ روھىي ھالەت ۋە كۆڭۈل خاھىشىدىكى ئىشلار. ئادەم ئۆزىنى قانۇن ئۆلچىمى، ئەخلاق چەكلىمىسى بىلەن كونترول قىلىپ تۇرۇشى كېرەك. ئادەملەردىكى روھىي ئامىل بىلەن جەمئىيەت ۋە جەمئىيەتنى تۈزەش تەشەببۇسلىرى باشقا -باشقا گەپ.

قادىر بىر نىكاھلىق بولغاندىن كېيىن، ئايالىنى ياراتماي قويۇ- ۋەتكەنىدى. گەرچە ئۇنىڭ شۇ ئايالدىن بىر بالىسى بولسىمۇ، بۇ بالا بىلەن ئانا ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق باغلىنىشلىق مۇناسىۋەت يوقتەكلا مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ بىر مەزگىل كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدە ياللانما خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كىرگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك كەچمىش، تۇرمۇش-كەچۈرمىشلىرى بىلەن ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن ھەم تەجرىبىلىكرەك ھېسابلايتتى. پۇر- سەت بولسىلا قىزلار بىلەن كۆپرەك پاراڭلىشاتتى. مۇھەببەت، نىكاھ، ئائىلە تېمىسىدىكى كىتابلارنى كۆپرەك ئوقۇيتتى. ئايرىم قۇرلارنى كۆچۈرۈۋېلىپ، قايسى قىزغىدۇر مۇھەببەت خېتى يېزىش تەييارلىقى- نى قىلاتتى. مۇھەببەتتە «يوشۇرۇن كۆيۈش، مەخپىي ئازاب» تەلىپى كۈچلۈك ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، قىزلارنى كۆرەر - كۆرمەي ئۆزىنى تۇتالماي قالاتتى. بارلىق مۇناسىۋەتلەردە خۇشاللىق ئىزدەيت- تى. ئەمما، ئۇنىڭ خۇشاللىق دېگىنى چاكىنىلىق ئىدى، خالاس. خۇ- شاللىق — چاكىنىلىقتا، بەخت - تەلەي — شەھۋانىيلىقتا، مۇراد - مەقسەت — نومۇسسىزلىقتا، دەيتتى ئۇ قۇرداشلىرى بىلەن ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرغاندا سوغۇق قانلىق بىلەن پىكىر قىلىپ. بۇ قاراش- لىرى ئارقىلىق باشقىلارنى قايىل قىلىشقا تىرىشاتتى. قىزلارغا ئىم-

كانىيەتنىڭ بارىچە قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ كۆڭۈل ئاچاتتى. ئۇنىڭ نەزىرىچە، ئاياللار، مۇھەببەت، نىكاھ، ئائىلە ھەققىدە نۇرغۇن ئىش- لارنى بىلەتتى. بۇنى دەلىللەش ئۈچۈن بەزىدە خوتۇن ئېلىپ بالىلىق بولغانلىقىنى ئىسپات قىلسا، بەزىدە دەبدەبىلىك گەپلەر بىلەن ھەممە- نى ئاغزىغا قارىتاتتى.

— نېمىلا دېگەنبىلەن، — دەپ گەپ باشلىدى ئۇ بېشىنى سىلىپ نېمىنىدۇر خىيال قىلىپ كېتىۋاتقان سادىرغا نەزەر ئاغدۇرۇپ، — بىرەر قىزغا كۆزى چۈشكەن ئادەم دادىلراق بولغان ياخشى. «يېتىپ قالغۇچە ئېتىپ قال» دېگەن گەپ بار، تەۋەككۈلچىلىكنىڭ نەتىجىسى چىقمىسىمۇ يەنە سەۋرىسى بولىدۇ. سۈكۈتنىڭ بولسا ئارمانى ئېغىر- راق. ئۇيغۇر قىزلىرى بۇرۇن كۆڭلىدىكىنى ئانىسىدىن باشقا ئادەمگە دېمەيتتى، تېخى ئەمدىلەتىن دوستلىرىغا دەيدىغان بولدى. قىزلارنىڭ لايىق تاللاش ئىستىكىنىڭ ئاشكارىلىنىشىغا يەنە يېرىم ئەسىر كېتىشى مۇمكىن، لېكىن ئوغۇل تەرەپ رەت قىلسا بۇ خىل قىزغىنلىقتىن يەنىلا نىكاھ شەكىللەنمەيدۇ.

— سېنىڭچە نىكاھ پەقەت ئەر تەرەپنىڭلا مۇددىئاسى بويىچە بارلىققا كېلەمدۇ؟ — سورىدى سادىر ئۇنى گەپكە سېلىش ئۈچۈن.

— بىز خەق ئۈچۈن ئاساسەن شۇنداق. بۇنى سەنمۇ بىلىسەن. تارىختا قايسى ئايال ئۆزى تاللاپ ئەرگە تېگەلىگەن. يىگىت دېگەن ئالىمەن دېگەننى ئالىدۇ. پۇلى بارلار پۇلىغا تايانسا، ھوقۇقى بارلار ئىمتىياز ۋاستىسى ئىشلىتىدۇ. ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى كەڭ بول- غانلار جەمئىيەتتىكى تەسىرىگە تايىنىدۇ. ھېچ نەرسىسى يوقلار ھەدې- سە كەينىگە كىرىۋېلىپ خۇشامەت قىلىپ، يالۋۇرۇپ، ھەتتا يىغلاپ كۆڭلىنى ئېرىتىپ مەقسىتىگە يېتىدۇ…

— يىگىتلەرنىڭ ياش تۆكۈشى تەشنالىقى چەككە يەتكەن ھەقىقىي پاك مۇھەببەتنىڭ ۋىجدانىي ئىزھارى، — سادىر قادىرنىڭ گېپىنى بۆلدى.

— بۇخىل قەلب ئىزھارى ئىختىيارسىز بولىدۇ. ئاياللار يارىلى-

شىدىنلا روھى ئاجىز، جىسمانىيىتى نازۇك، باغرى يۇمشاق كېلى-
دۇ، ئاسانلا ئېرىيدۇ.
— شۇنىڭغا قارىغاندا ئاياللارغا تەلمۈرمەيدىغان، ئۇلارنىڭ كۆزد-
گە قاراپ يېلىنمايدىغان ئەرلەر يوق دېيەرلىك ئوخشىمامدۇ؟
— يۈزمىڭلاپ لەشكەرلەرگە باش بولۇپ، نەچچە ئىقلىمنى باش
ئەگدۈرگەن ئاتامان - سەركەردىلەرمۇ گۈزەل ئاياللار ئالدىدا ئاجىز
كەلگەن.
— ئاياللار ئىنسانىيەتنىڭ ئانىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەرلەر-
گە ئاتا قىلىنغان خىسلەتلىك ئېكىنزاردۇر. ئەرلەر ئۈچۈن ئاياللار،
شۇنداقلا ئاياللار ئۈچۈن ئەرلەر بولمىسا بولمايدۇ. ئەرلەر پەقەت
ئاياللار ئارقىلىق كۆڭۈل شادلىقىغا ئېرىشىپ، ھاياتقا بولغان قىز-
غىنلىقى ئۇرغۇيدۇ، ئىجادىيەت ئىلھامى يالقۇنجايدۇ. شۇڭا، ئۇلار
ئاياللار ئۈچۈن جاندىن كېچىشتىنمۇ يانمايدۇ. دۇنيادا ئاراملىق ئىز-
دىمەيدىغان جانلىق، بەختلىك بولۇشنى خالىمايدىغان ئادەم يوق دېيەر-
لىك. بىر ياخشى ئايالسىز قايسى ئەر بۇ دۇنيالىق بەختىنى تاپالىغان؟
ئاياللار ئەرلەر بەخت - تەلىيىنىڭ ھەقىقىي كاپالىتى. ئەرلەرنىڭ
ئاياللارغا ئىنتىلىشى ئەمەلىيەتتە بەخت - سائادەتكە بولغان تەشنالىقى-
دۇر.
— ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ھاياتلىق كۈرەش پائالىيەتلىرى بىر-
بىرىگە باغلىنىشلىق، ئاياللارمۇ ئەرلەرسىز بەخت - سائادەتنىڭ ھەقى-
قىي لەززىتىنى سۈرەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئەرلىرىگە كۆرسەتكەن ۋاپا-
ساداقىتى ئەمەلىيەتتە ئەرلەرگە قىلغان ئىززەت - ھۆرمىتىدۇر.
— بۇ ھەممە ئادەم چۈشىنەلەيدىغان ئاددىي بىر قانۇنىيەت.
دۇنيادا جۈپتىسىز مەخلۇقات يوق. پەقەت ئادەملا، يەنە كېلىپ ئەر
كىشىلا ئۆمۈرلۈك جورىسىنى ئۆزى خالاپ تاللىيالايدۇ…
قادىر سادىرنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىغا قايىل ئىدى. ئۇنىڭ
مەنتەقىلىق ئەقلىي يەكۈنلىرىدىن تېگىشلىك بىلىشكە ئېرىشەتتى. شۇ
تاپتا چوڭقۇر ئويغا پاتقانىدى. سادىر ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ گېپىنى

داۋاملاشتۇردى:

— ياشلاردىكى يات جىنسنى ياخشى كۆرۈشنىڭ ئاساسىي نېمە؟ بىر مەزگىل ئارىلىشىش جەريانىدىكى يۈزەكى چۈشىنىش ئارقىلىق بىر - بىرىنى قوبۇل قىلىش. ئەمەلىيەتتە بىر - بىرىگە ماس كېلىدىغان يىگىت - قىزلارنىڭ كۆپىنچىسىگە ئۇچرىشىش تېسىپ بولمايدۇ. شۇ تۈپەيلى ئادەملەر بىر ئۆمۈر ھەقىقىي لايىقىنى ئىزدەيدۇ. بۇنىڭ سېھرىي كۈچى كۆڭۈلنى قېرىتمايدۇ. سەۋدايىلارچە ئاشىق بولۇشقا كەلسەك، بۇ يات جىنسنىڭ ھاجىتى چۈشكەن يات جىنسقا بولغان ۋاقىتلىق تەشنالىقى. ۋەسىل تەشنالىق ئوتىنى ئۆچۈرۈشكە سەۋەب بولىدۇ. ھىجران ئىشقىي سەۋدايىلىقنى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرىدۇ.

سادىر ئۆزىنىڭ تاسادىپىي بىر قىزنى ئويلايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى. ئىككىسى قىزغىن پاراڭلار بىلەن قانچىلىك ماڭغىنىنى سەزمەيلا مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ قېلىشقانىدى، قادىر سادىرنىڭ مۇلاھىزىسىنى تولۇقلاش مەقسىتىدە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ دېدى:

— سەۋدايى بولۇش، كۆيۈپ قېلىش ئۆتمۈشتىكى بېكىنمە تۇرمۇشنىڭ مەھسۇلى. ئۇ چاغلاردا قىز - يىگىتلەرگە ئادەتتىكى ئۇچرىشىش پۇرسىتىمۇ يوق ئىدى. ھازىر ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. مەكتەپ، جەمئىيەت كەڭرى ئۇچرىشىش شارائىتى يارىتىپ بېرىدۇ. كۆرگۈسى كەلگەندە كۆرەلمەيدىغان، دېگۈسى كەلگەن گەپنى دېيەلمەيدىغان زامان كەلمەسكە كەتتى. بۇنداق-شارائىتتا كۆڭلى چۈشكەن قىزغا يۈرەك سۆزىنى قىلالماسلىق ئەمەلىيەتتە بىرخىل ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى، مېنىڭ قارىشىمچە، «كۆيۈپ قېلىش» مۇ تارىخنىڭ مەھسۇلىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بىر - بىرىگە كۆيۈپ قالىدىغان يىگىت - قىزلار بولمايدۇ. كىشىلەردە بىر - بىرىگە كۆيۈپ - پىشىدىغان ساددىلىقمۇ قالمايدۇ. ياخشى كۆرۈش قىزغىنلىقى نەتىجىسىدە توي قىلىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، بىر - بىرىدىن نەپرەتلىنىشكە باشلايدۇ. تۇرمۇش ئۈچۈن«ئەر - خوتۇن» نامى بىلەن ئەپلەپ - سەپلەپ بىرگە

ئۆتىدۇ، ئۇلاردا جىسمانىي يېقىنلىشىش بولسىمۇ، كۆڭلىدە يېگى-
يېگى قىزنىقشلار باش كۆتۈرىدۇ.

— سېنىڭدەك كۆتۈر كەشىڭنى دەپ ھە دېسە خوتۇن قويۇۋېتىدى-
غانلار يەنىلا ئاز، كۆپىنچە ئەر - خوتۇنلاردا كەلگۈسىنى ئويلايدىغان
بىرخىل غايە، ئېتىقاد بولمايدۇ. بىر - بىرىگە نىسبەتەن ساداقەت،
مۇھەببەت تېخىمۇ بولمايدۇ. پەقەت بىرخىل مەنپەئەت باغلىنىشىلا
بولىدۇ. ئابرۇي - ئىناۋەتنىمۇ ئويلىشىپ كەتمەيدۇ. يەنىلا مەنپە-
ئەت، ماسلىشىش، تۇرمۇش شارائىتى قاتارلىقلار ئەر - خوتۇنلۇق
مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىشتا ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدۇ. سېنىڭدەك
بالاغەتكە يېتەر - يەتمەي تۇرۇپلا دادىسى ئۆيلەپ قويغانلار بۇ نۇقتىنى
ھەرگىز چۈشەنمەيدۇ. سەن تېخى بىر بالا تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە
ۋۇجۇدۇڭدا ھېسسىيات ئويغاناستىنلا توي قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن «غۇ-
رۇر، ۋىجدان» دەپلا كىچىككىنە كېلىشەلمەسلىكنى باھانە قىلىپ بىر
نىكاھلىق بولۇپ قالغان. جەمئىيەتتە شەكلەن ئۆي تۇتۇپ، بالا بېقى-
ۋاتقان ئەر - خوتۇنلار ناھايىتى كۆپ، بىزنىڭ خەلقىمىزدە مۇھەببەت
ئاساسىدا ئائىلە قۇرۇپ، كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋاتقان ئەر - خوتۇنلار قانچى-
لىك نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ؟ ئۆمۈر بويى ئايالىنى تاتلىق بىرنى سۆيۈپ
قويماي، نەچچە بالىغا ئاتا بولغان ئەرلەر خېلى كۆپ سانىنى تەشكىل
قىلىدۇ. سۆيۈش ئىنساننىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا، روھىي دۇنياسىغا
باغلىق يۈكسەك سۆيگۈ ئىزھارلاش شەكلى. بۇ ئىنساننىڭ تەربىيىلى-
نىشىگە، سۈپەت - ساپاسىغا، مەدەنىيلىك دەرىجىسىگە مۇناسىۋەتلىك
بىر ئىش.

قادىر شۇنداق كۈلۈپ كەتتىكى، كۆز چاناقلىرىدىن ياش تاشقى-
لاپ كەتتى. سادىر بۇ قېتىممۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپقانىدى.

## 5

سادىر قىزلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قوي-

دى. بەزى ساۋاقداشلىرىنىڭ نەزىرىدە ھاكاۋۇر، ئۆزىگە تەمەننا قوي-
غاندەك مەغرۇر كۆرۈنىدىغان سادىر يېقىندىن بۇيان قىزلارغا زەن
سالىدىغان بولۇپ قالغانىدى. توپ - توپى بىلەن ئەتىگەنلىك چايغا
ماڭغان قىزلار قولىدىكى «تاپىنى يېرىق» سېرىق قوناق زاغرىسىدىن
ئاغزىغا بىر بۇردا سېلىش ئۈچۈن ئالدى - ئارقىسىغا قارايتتى. ئەگەر
بىرەر يىگىتنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالسا، گويا ئۇنى
يېگۈسى كەلمەيۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرىۋالاتتى. دېمىسىمۇ جاھاننىڭ
قاتتىقلىقىغا گەپ كەتمەيتتى، ئەتىرگۈلنىڭ غۇنچىسىغا ئوخشايدى-
غان، ئوماق، گۈزەل قىزلار ئوشتىسا چېقىنىدىلار تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان
چالمىدەك زاغرىنى ئىلاجىنىڭ يوقلۇقىدىن، جان ساقلاش ئۈچۈن يې-
مىسە، ئاغزىغا ئاپىرىشقا رايى يوق ئىدى.

يېزىدىن قايتىپ كېلىپ، ئەمدىلا ئىككى ھەپتە ئۆتكەنىدى،
«ئوقۇغۇچىلار مەيدانغا چىقىپ ئىشلەيدىكەن، ئىشلىگەچ تەقسىمات
كۈتىدىكەن، مەكتەپنى مەيدانغا يۆتكەپ، ئوقۇتۇش بىلەن ئىشلەپچىقى-
رىشنى بىرلەشتۈرىدىكەن» دېگەندەك گەپلەر تارقىلىشقا باشلىدى. شۇ
كۈنلەردە، مائارىپ، مەكتەپ، ئوقۇغۇچىلار توغرۇلۇق گەپ بولسىلا،
ئۇ ئىش ئەمەلىيلەشمەي قالمايتتى. ئاساسى يوق گەپ ئوتتۇرىغا
چىقمايتتى. ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇمۇشلۇق بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار
باشقىلارنىڭ غېمىنى يەپ، ھەرخىل ئوي - خىياللاردا بولاتتى. جاھا-
نىڭ كارى - بارىنى ئويلىماي قاتراپ يۈرىدىغانلار قىز قوغلىشىپ
كۆنلىرىنى خۇشال ئۆتكۈزەتتى.

سادىر تولىمۇ غەمكىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. بىرەر ئىشقا دۇچ كەل-
سە، قوللىرىنى شىلتىپ ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشەتتى. سەۋەب-
نەتىجە مۇناسىۋەتلىرى ئۈستىدە تەكرار - تەكرار مۇلاھىزە يۈرگۈزەت-
تى. ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىنىڭ ئورۇنلۇق، قايىل قىلارلىق بولۇشى-
دىكى سەۋەبمۇ خاراكتېرىدىكى ئۆزگىچىلىكنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

ئىنسان قىسقا ئۆمرىدە بەختلىك ياشاش ئىستىكىدە بولىدۇ،
ئەمما بۇ بەخت زادى نەدىن كېلىدۇ؟ دېھقانلار تىنىم تاپماي ئىشلىسە-

مۇ نېمە ئۈچۈن نامرات؟ بىلىملىكلەر بىلەن بىلىمسىزلەر، ئوقۇغانلار
بىلەن ئوقۇمىغانلار قايسى جەھەتتە پەرقلىنىش كېرەك؟ بىز كەلگۈ-
سىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئوقۇۋاتىمىز، ئەمەلىيەتتە بىزگە
نېمىنى ئوقۇتتى؟ بىز نېمىنى ئۆگەندۇق؟ مائارىپى گۈللەنمىگەن
ئەلنىڭ ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىنمۇ؟ بىزدە
كۆپلىگەن ئادەملەر بالىلىرىنى ياخشى ئوقۇتۇش ئورنىغا ئەپلەپ -
سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈش يولىنى تۇتۇپ، كادىر قىلىشقا ئالدىرايدۇ.
ھەقىقىي مەدەنىيەتلىك، ساپالىق، ئاق - قارىنى بىلىدىغان ئوقۇمۇش-
لۇق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەش مەقسىتىدە بالىلىرىنى ئوقۇتىدىغان
ئاتا- ئانىلار ئاساسەن يوق دېيەرلىك. بەزى ئادەملەرنىڭ ئويىچە،
بالىلىرى ساۋاتىنى چىقىرىپلا ھۆكۈمەتنىڭ دەپتىرىگە ئۆتۈۋالسا،
ئىككى دۇنيالىق خاتىرجەم بولغان بولىدۇ.

سادىر چوڭقۇر خىيال ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلغاندەك بولدى.
ئۇنىڭ كۆزىگە بىر چاغلاردىكى مېھرى ئىسسىق، تەلەپچان، ھاياتىي
كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان مەكتەپ غېرىب، تۇل ئانىدەك بىچارە كۆرۈ-
نۈپ كەتتى. ئۆزىنى شەپقەتچىسى ھايات تۇرۇپ جۇدالىق يەتكەن روھى
مىسكىن يېتىمدەك ھېس قىلدى. ئۈمىد يۇلتۇزلىرى بىراقلا ئۆچكەن-
دەك، كۆڭلىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. ئۇنىڭ يارامىلىق، قابىل ئۇس-
تاز بولۇش ئۈمىدى ئۈزۈلگەندى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۆزى ھەرقانچە
تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ھالەتتىمۇ مەكتەپنىڭ سىستېمىلىق تەشكىل-
لىنىشى، ئۇستازلارنىڭ يېتەكلىشى مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. ئوقۇتقۇ-
چى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسىغا ھەممىنى قۇيۇپ قويالمايتتى، پەقەت
يېتەكلەيتتى. يېتەكلەش قىزغىنلىقىدا بولۇۋاتقان يېتەكچىلەرمۇ ئى-
لاجسىز سۈكۈت قىلىۋاتاتتى. سادىرنىڭ ئەقىلگە تولغان نۇرلۇق كۆز-
لىرى گاھىدا يۇلتۇزدەك چاقنىسا، گاھىدا چوڭقۇر ئەلەمگە، چەكسىز
مۇڭغا تولاتتى. ئۇنىڭ روھىي ئالەمىدە ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك
ئۈزلۈكسىز ئالمىشىپ تۇراتتى، كۆزى نېمىگە چۈشسە، قۇلىقىغا
قانداق گەپ كىرسە، شۇ مەسىلە توغرۇلۇق ئۇزاقتىن ئۇزاق ئويلىناتـ

تى. زۇمرەت سۇنىڭ لەرزان ئېقىشىدىن ھاسىل بولغان لەۋەن دول-
قۇنلىرىنىڭ مۇزىكىلىق رىتىمىغا قۇلاق سالاتتى. بۇنىڭ تەبىئەت
دۇنياسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە، ھاياتلىقتىكى مۇھىم تەسىرىگە
مەدھىيە ئوقۇيتتى. گىياھ بىلەن تۇپراق، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىز-
غولى بىلەن شاخ - يوپۇرماقلىرى، ھاۋا بىلەن جانلىقلار مۇناسىۋىتى
دېگەندەك كۆپ قاتلاملىق مەسىلىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىناتتى.
ئۇنىڭ بارلىق ئوي - خىياللىرىنىڭ نەتىجىسى ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي
ئىقتىدارىنى بىلىمگە، ئەخلاق - پەزىلىتىنى ئۆزىنى كونترول قىلىش-
قا، بەخت - سائادىتىنى بولسا ھالال، پاك روھىي ساغلاملىق بىلەن
تەن ساقلىقى ۋە ماددىي كاپالەتكە باغلايتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، يۇقى-
رىقى ئۈچ تەرەپ بىر - بىرىگە ماس كەلگەندىلا بەختتىن سۆز ئاچقىلى
بولاتتى، ساختىپەزلىك، ئىككى يۈزلىمىچىلىك ئەڭ چوڭ بەختسىز-
لىك ئىدى. بىلىمسىز، نادان باي خۇددى سەمرىگەن ھايۋاندەكلا
بىچارە كۆرۈنەتتى. بولۇپمۇ روھى زەئىپ ئادەملەر ئۇنىڭ نەزىرىدە
يوق بىلەن باراۋەر ئىدى.

تۇرۇپلا سادىرنىڭ ئوي - خىياللىرى، ئارزۇ - ھەۋەسلىرى
ئارىسىغا مارىيەنىڭ ئوبرازى ئارىلىشىپ، مۇلاھىزىسى ئەبجەشلىشىپ
كەتتى. سادىر بۇ سىمۇ ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئوي - خىياللىرىنىڭ بىر
قىسمى قاتارىغا چىقىرىۋەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىچە، باشقىلارنىڭ غېمىنى
يەيدىغان ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ھەر جەھەتتىكى تەييارلىقلىرىنى
پۈتكۈزگەن بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما، ئۇ ئۆزىنى ھەر جەھەتتىن
چالا پىتى ھېسابلايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئەقلى ئۇنى
ئالدىراقسانلىقتىن چەكلەپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىكى ئەڭ چوڭ تەقەززا-
لىق، ئەقلى ئىزدەۋاتقان نىشان ئۆزىنى قۇدرەت تاپتۇرۇش، ئىنساد-
نىڭ روھى ۋە جىسمانىيىتىنى بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىش، تەبىئەت
بىلەن جانلىقلار، جەمئىيەت بىلەن پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسى-
ۋەتلەرنى ئىلمىي ئىگىلەش ۋە توغرا چۈشىنىش ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ
ئارزۇ- ئارمان قاناتلىرى شەپىسىز بوغۇشلىنىۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇ 22

ياشقا كىرىپ قالغان بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزگەندە باشلانـ. غان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تاكى ھازىرغا قەدەر ھەرخىل شەـ كىلدە داۋاملىشىۋاتاتتى. بۇھال تۇزۇم جەھەتتىن ياكى ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن بولسۇن يۈكسىلىش پۇرسىتى بەرمەيۋاتاتتى.

يېڭى مەيدان كەڭرى كەتكەن سايلىق ئىدى. مەيداننىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى دۆڭدە ئىشچىلار ۋەكىلى داۋۇت بىلەن مەكتەپ مۇدىرى رېشىت ئابلا پاراڭلىشىۋاتاتتى. ياسىن مۇئەللىم ھادىرنىڭ يېنىغا كېلىپ پەرىشان كەيپىياتتا دېدى:

— بىز ئاۋۇ شىمال تەرەپتىكى ئاق سىزىقنى ئاساس قىلىپ، ئېرىق قازىدىكەنمىز، بىر ھەپتىلىك ۋەزىپىمىز كەن.

— ئۇنىڭدىن كېيىن نېمىش قىلىدىكەنمىز؟ — قىلىدىغان ئىشـ. لىرىنى ئالدىن بىلىشكە ئالدىراۋاتقان ئوقۇغۇچىلار تەڭلا سورىدى.

— ئۇنى مەن نەدىن بىلەي! — قوپاللىراق ئىنكاس قايتۇردى ياسىن مۇئەللىم.

— سىز ئوقۇتقۇچى تۇرۇپ بىلمىسىڭىز، بىز مەڭگۈ چۈشەنمەيـ. دىكەنمىز - دە، بۇ ئىشلارنى.

— ھازىر ھەممىنى ئىشچىلار ۋەكىلى بىلىدۇ. بىزنىڭ بىلىدىـ. غانلىرىمىز مەكتەپتە، كىتابتا، جەمئىيەتتە، شۇنىسى ئېنىقكى، — ئاۋازىنى پەسەيتىپ، يېنىدىكى سادىر ئاڭلىغۇدەكلا ئېيتتى ياسىن مۇئەللىم، — ئەينى چاغدا ئۇلۇغ ھېسابلانغان ئەجدادلىرىمىزمۇ يىراق كەلگۈسىدە نادانلىقى بىلەن ئەسلىنىدۇ.

ياسىن مۇئەللىمنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەن بولۇپ، ئۆزىگە سىرـ. داش، سۆھبەتداش كىشىلەر بىلەن خالىي جايدا ئۇچراشقاندا نېمىلەر ئۇستىدىدۇر قايناپ سۆزلەپ، بىر پىغاندىن چىققۇسى كەلگەندەك كۆرۈنەتتى. لېكىن، ئادەملەرگە ئىشەنگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭغا ئەڭ ئۇزاق ھەمراھ بولغان ئىشەنچلىك ئۇلپەت پەقەت كۆك تاماكا ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ شۇنچە يوللۇق تەلەپ - تەكلىپلىرى نەچچە قېتىم رەھبەرلىك تەرىپىدىن رەت قىلىنغانىدى. ئۇ بۇگۈنمۇ ئادىتى بويىچە

بولۇق تۇتۇن چىقىرىپ، تاماكا چېكىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ تەپەككۇر-
لىرى شۇ كۆك تاماكىنىڭ تۇرۇم - تۇرۇم، قويۇق، چىگىش تۇتۇنى
ئىدى. ئەقىللىق، تەسەۋۋۇرغا باي ئادەملەر بۇ تۇتۇندىن تۈگىمەس-
پۈتمەس دەرد - ئەلەمنىڭ زارلىرىنى كۆرۈۋالالايتتى. ئۇ سادىر بىلەن
زورىغا ئانچە - مۇنچە پاراڭلاشقاندەك قىلغان بىلەن، دەردىنى پەقەت
ئۆزىلا بىلەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، ئۆزى بىلەن دەۋرداش ياشلارنىڭ
ئۆمرى مەنىسىز، بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇمىدلىك، كەلگۈسى-
نىڭ ئىگىلىرى بولغان ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش مەجبۇرىيە-
تىنى ئۈستىگە ئالغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋاقتى لاي سۇدەك ئۆتۈپ
كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئىچ - ئىچىدىن ئازابلىناتتى، يىتتۈرۈۋەتكەن ئېسىل
بىر نەرسىسىنى ئىزدەۋاتقاندەك تىت - تىت بولاتتى. ئەقىل يۈگۈرتۈپ
ھەممە مۇناسىۋەتلەردىن مەنە ئىزدەيتتى. ئىزدىگەن نەرسىسىنى مەز-
مۇن جەھەتتىن تاپقاندەك ھېسسىياتتا بولاتتىيۇ، چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا
ئامالسىز قالاتتى. نەتىجىدە ئىشەنچ ۋە ئۈمىدى چۈشكۈنلىشىش تەرەپكە
بۇرۇلاتتى. تۇرۇپلا قايسىدۇر بىر قىزنى كۆڭلى تارتىۋاتقاندەك تۇيغۇ-
غا كېلەتتى - دە، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇپ ھەممە دەردىنى
تۆكۈپ، «تاز بولساڭ گەدىنىڭگۈچە» دېگەندەك بېشىغا كەلگەننى
كۆرۈشنى ئويلايتتى. ئۇنىڭ ھېسسىياتى گىرەلىشىپ كەتكەنىدى.
ئىچى سىقىلغىنىدىن بىمەنە خىياللارنى قىلاتتى. ئۇنىڭ كۈتىدىغىنى
ياخشى شارائىت ئىدى. ئۇنىڭ ھېسسىي دۇنياسى شۇ دەرىجىدە مۇج-
مەللىشىپ كەتكەنىدىكى، گاھىدا ئۆيىگە بېكىنىۋېلىپ، كېسەلچان
ئايالىنى كۈتكۈسى، گاھىدا بۇقىدەك ھۆركىرەپ، كىملەرنىدۇر سۇر-
گۈسى، نەلەرگىدۇر ئۇسكۈسى كېلەتتى. ئۇنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىنى
ئوقۇغۇچىلىرى چۈشىنەتتى، بۇنداق بىنورمال چاغلاردا ئۇ بىرسىگە
قىرىچە تەگمەي قالمايتتى. شۇڭا، ئۇلار يېنىدىن دەرھال ئايرىلىپ،
ئىشقا چۈشۈپ كېتىشتى.

ئەتىگەن، ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، تەبىئەت خۇشال كۈلۈۋاتقان پەر-
زاتتەك گۈزەل ۋە يېقىملىق ئىدى. تاقىر شېغىللىقتا مەجبۇرىي

ئەمگەك قىلىپ ھېرىقىپ كەتكەچكە ئۇخلاپ، كۆزلىرى قىزارغان
ئوقۇغۇچىلار كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىشىپ، كەيپىياتى خىلمۇخىل ھالەتتە
ئۆستەڭ تەرەپكە كېتىشىۋاتاتتى. تۆت سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى يۈز-
كۆزىنى ئۆستەڭ سۈيىدە يۇياتتى. گەرچە بۇ سۇنى ئىككى يېزىنىڭ
ئادەملىرى ئىچسىمۇ، ئېقىننى بۇلغاشنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكى ھېچ-
قايسىسىنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى. ئازساندىكى بىر قىسىم
قىز ئوقۇغۇچىلار سۇنى كۆرۈشكىغا ئېلىپ، يۈزلېرىنى يۇيۇۋاتقاندى-
لىقلىرىنى باشقىلارغا كۆرسىتىشنى خالىمىغاندەك دالدىغا ئۆتۈپ پەر-
دازلىرىنى قىلىشاتتى. سادىر چوڭقۇر ئويغا پاتقان ھالدا، گويا تەبى-
ئەت دۇنياسىغا سىڭىپ كەتكەندەك ئۆزىنى ئۇنتۇپ شەرق تەرەپكە
قاراپ تۇراتتى. ئۇ ھەربىر كۈننىڭ سەھىرىنى كۆرمىسە، تاڭ شەپە-
قىگە ئۇزاق - ئۇزاق تەلمۈرۈپ تاماشا قىلمىسا، شۇ بىر كۈنى
كۆڭۈلسىز ئۆتەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە سۈبھى سۆيگەن ئۇپۇق ئىككى
دۇنيانىڭ — قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇقنىڭ پاسىلى ئىدى. تاڭ
سىزغان رەڭدار سۈرەتلەر جىلۋىلىنىپ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى يېڭى-
يېڭى ھۇزۇرلارنى بەخش ئېتەتتى. كەڭ سايەيۇپقا ھەم گۈزەل تاڭ
نۇرىغا ئورالغان بولۇپ، بۇلۇت چۇشۇرگەن سايىدەك كۆرۈنەتتى.
سادىر قىيا تاغ چوققىلىرىغا بىر ھازا قاراپ تۇردى. چوققىلار قۇياش
نۇرىدا پىچتا تاۋلانغان تۆمۈردەك چاقنايتتى. بىر جۈپ كۆك كەپتەر
جەنۇب تەرەپتىكى تاغ باغرىدىن ئۇچۇپ چىقىپ، مەيدان تەرەپكە ئەگى-
دى. تۇمشۇقلىرىنى پەسكە سوزۇپ بىرنەچچە قېتىم ئايلىنىپ، ئا-
دەملەر توپىدىن قورقتى بولغاي، يەنە تاغ تەرەپكە قاڭقىپ كۆزدىن
غايىب بولدى، بۇنى كۆزىتىپ تۇرغان سادىرنىڭمۇ ئۇچقۇسى كېلەت-
تى. ئۇنىڭ كۆڭۈل خاھىشى قانداقتۇر بىرخىل روھىي ئەركىنلىكنى
ئىزدەيتتى، ۋەھالەنكى ئۆزى تەلپۈنگەن ئەركىنلىك ئىچىدە يەنىلا
خاتىرجەم بولالمايدىغاندەك ھېس قىلىپ، بۇنىڭدىن ۋاز كېچەتتى.
ئۇنىڭ كۆڭۈل خاھىشىچە يالغۇز ئېرىشكەن بەخت يەنىلا بەختسىزلىك
بىلەن باراۋەر ئىدى. مەنىسىز كوللېكتىپ تۇرمۇشتىن ۋاز كېچەل-

مەسلىكنىڭ سەۋەبلىرىمۇ ئىشەنچسىز مەنىلىك يالغۇزلۇقنى مۇۋاپىق كۆرمەسلىك بولۇپ، يالغۇزلۇق پەقەت ۋاقىتلىق (ئۆتكۈنچى) ھادىسە ئىدى.

سادىر تەبىئەتتىن ئىبارەت ياراتقۇچى، باققۇچى، يەنە ئۆز مۆرد-ىىدە ھاياتلىقنى يوقاتقۇچىنىڭ سىرلىرى ھەققىدە ئۇزاق ئويلاندى. ئۇنىڭ بارلىق ئوي - خىيالىنىڭ نەتىجىسى تەبىئەت بىلەن جانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى قانۇنىيەتلىك مۇناسىۋەتلەردىن يەكۈنلىنەتتى. ئۇنىڭ كۆزى بىردىنلا شەھەر تەرەپتىن تاغ تەرەپكە سوزۇلغان، سامانيولى-دەك ئاقىرىپ كۆرۈنگەن شىغىللىق يولغا چۈشتى. بىر قارا كۆلەڭگە مەيدان تەرەپكە ئاستا - ئاستا يېقىنلاشماقتا ئىدى. بىردەمدىن كېيىن سادىر ئۇنى تونۇدى. كېلىۋاتقىنى ياسىن مۇئەللىم ئىدى. ئۇ ئەتىگەن-لىك قۇياشنىڭ يانتۇ چۈشكەن نۇرىدا ئۆز سايىسىنى ئۆزى قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. ئەتىگەندىكى ھاۋانىڭ سالقىن بولۇشىغا قارىماي، ئىس-سىق - سوغۇقنى كۆپ كۆرگەن پېشانىسىدە شەبنەمدەك سۈزۈك تەر تامچىلىرى يالتىرايتتى. ئۇ ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ، يولنىڭ يان تەرىپىدىكى دۆڭدە شەرق تەرەپكە قاراپ تۇرغان سادىرنى كۆردى.

— رومانتىك ئادەم جۇمۇ سەن؟ خىيالغا پېتىپ تۇرۇپ كېتىپ-سەنغۇ؟

— ھاۋالىق، بەلەن يەركەن، بىردەم تۇردۇم. تۇنۇگۈن سەت كۆرۈنگەن بۇ يەر بۈگۈن ئۆز كۆرۈنۈۋاتىدۇ.

— ئىنسان ئۇچۇن پاناھلىنىشقا بولىدىغان يەرنىڭ ھەممىسى گۈزەل كۆرۈنىدۇ.

— قانغۇچە ئۇخلاپ، كېيىنرەك كەلسىڭىزمۇ بولاتتىغۇ؟

— بىر زات: «يېزا بىپايان زېمىن، ئۇ يەرلەردە نى - نى ئىشلار-نى قىلغىلى بولىدۇ» دەپتىكەن، قۇچىقى كەڭ، دالدىسى كۆپ مەيدان-دا نى - نى يېڭى ئىشلار چىقىپ قالمىسۇن دەپ خاتىرجەم بولالمايۋاتى-مەن. سەن بىلمەيسەن، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان يىلى ئاگاھ بولمىساق بولمايدۇ. ئۇلار ئۆزئارا سىر تۇتۇپ كېلىدىغان

ئىشلار دەل شۇ ئاخىرقى يىلنىڭ ئاخىرقى ئايلىرىدا ئېغىز ئالدۇ.

سادىر كۈلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ كۈلكىسىدە ياسىن مۇئەللىمنى
مەسخىرە قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. ياسىن مۇئەللىم بۇنى چۈشەن-
مەيتتى. چۈنكى، ئۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا يۈز بېرىپ، ئۆز ۋاقتىدى-
لا تونجۇقتۇرۇلغان نۇرغۇنلىغان ئىشلاردىن خەۋەرسىز بولغاچقا، ئۆز
خىيالىچە، چاتاق چىقىرىدۇ، دەپ ئويلىغان بەزى ئوقۇغۇچىلاردىن
ئېغىچە ئەنسىرەپ يۈرەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى كەسىپ ئەھلى، سەز-
گۈر، ئوقۇمۇشلۇق دەپ ھېسابلايدىغان ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن بۇ بىر
بىخۇدلۇق ئىدى. ئۇنىڭدىكى بۇخىل بىخۇدلۇق سادىردىكى سەزگۈر-
لۈكتىن كەلگەنىدى. چۈنكى، سادىر مەكتەپ چەكلەيدىغان كۆپلىگەن
ئىشلارنى ئۇنىڭغا دېمەيلا بىر تەرەپ قىلىۋەتكەنىدى. ئەگەر ئوقۇغۇ-
چىلار ئارىسىدىن چىققان ناشايان، ئەخلاقتا مۇخالىپ ئىشلارنى ئۇ
بىلىپ قالسا، بەزىلەر مەكتەپتىن قوغلىنىشى، ئۆزىمۇ نۇرغۇن كۆ-
ڭۈلسىزلىكلەرگە دۇچار بولۇشى مۇمكىن ئىدى. سادىر گەرچە ياسىن
مۇئەللىم بىلەن پات - پات پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ
كۆڭلى يېرىم بولىدىغان، ئارامى بۇزۇلىدىغان، يەنە كېلىپ ساۋاق-
داشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىشلارنى ياپسالاپ ئۆتۈپ كې-
تەتتى.

ۋاقىت كۆڭۈلسىز ئۆتمەكتە ئىدى. ئوقۇغۇچىلار بۇخىل بۇرۇق-
تۇرمىلىق ئىچىدىن كۆڭۈل ئارامىلىق ئىزدىشەتتى، نېمىلەرنىدۇر
خالايتتى. كىملەرنىدۇر سېغىنىشاتتى. كۈننىڭ بالدۇرراق كەچ بو-
لۇشىنى كۈتەتتى. كەچ كىرىشى بىلەن كەڭرى ساينى يورۇتقان ئاي،
دۆڭلۈكلەر پەيدا قىلغان دالدا قويىنىدا، شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن
ئوخشىمايدىغان نۇرغۇنلىغان ئىشلارنى سادىر قىلىش پۇرسىتى تۇغۇ-
لاتتى، باراقسان دەل - دەرەخلەر، ھەتتا تاڭ ئەلچىسى چولپان،
تۇرۇپلا چاقماق چېقىپ ياغىدىغان يامغۇر، غۇر - غۇر شاماللار كۆڭۈل
خاھىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان نۇرغۇن - نۇرغۇن گۇناھلارنىڭ شاھىدى
ئىدى. يەر ئاستىدا يىلان كۆشىگەننى سېزىدىغان سادىر بۇنى ئوقۇغۇ-

چىلارنىڭ ھەرخىل مۇناسىۋەتلىرىگە باغلاپ چۈشىنەتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش پەرقى ئوخشىمايتتى. بەزىلىرى توي قىلىپ، ھەتتا بىر-ئىككى بالىلىق بولۇپ، ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن، كەلگۈسى ئىستىقبالىنى ئىزدەپ مەكتەپكە كەلگەنلەر ئىدى. بۇنداقلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلەر ئەپلەپ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، پۇخادىن چىقىۋېلىش تەشنالىقىدا ھېچ نېمىگە قارىمايتتى. ئۇلار ھەدېسە ناتوغرا مۇناسىۋەتتە بولۇش پۇرسىتى ئىزدەيتتى.

سادىر ئۆزى بىلەن ئۆزى سىردىشاتتى. ۋاقىت تاپسىلا ئۇنى - بۇنى كۆرۈپ، جەمئىيەتنى، تۇرمۇشنى، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى چۈشىنىش قىزغىنلىقى بىلەن كۆڭلىنى ئاۋۇندۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تام تۈۋىگە يىغىپ قويغان يوتقان - كۆرپىلىرىگە يۆلىنىپ كىتاب ئوقۇۋېتىپ، تۇرۇپ ئۆزى بىلەن ئۆزى كۈلسە، تۇرۇپ ئۆزىگە ئۆزى بىر نېمىلەرنى دەيتتى. ئۇ ئاساسلىقى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، تاشكەنت شەرق ھەقىقىتى نەشرىياتى نەشر قىلغان كىتابلارنى ئوقۇيتتى. بۇ ئومۇمەن ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن نەشر قىلىنغان ئەسەرلەر بولغاچقا، سەمىمىيەت، لەۋزىدە تۇرۇش، مۇھەببەتكە سادىق بولۇش، ۋاپادارلىق، ئۆزئارا كۆيۈنۈش تېمىسىدىكى ئىلغار ئەسەرلەر ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئىلغار ئىدىيىدىكى يازغۇچىلار تەرىپىدىن يېزىلغان بۇخىل تېمىدىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇغانسېرى، كەمتەر، كەم سۆز، ئادالەتپەرۋەر، ئېغىر بېسىق بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئەمما، ئۇنىڭ نۇرغۇن ساۋاقداشلىرى بولسا ھاكاۋۇر، مىجەزى سوغۇق، مەنمەنچى دەپ ئەيىبلەيتتى.

قادىرنىڭ سىنىپىدىكى نامانجان ئۇنى ئىزدەپ كىرىپ، شۇنداق بېرىلىپ كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىغا ھەۋەسلىنىپ بىردەم قاراپ تۇردى. نامانجاننى قادىر ئەۋەتكەن بولۇپ، سادىر ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى. ئۇ كىتاب ئوقۇۋاتقاندا ياتاققا كىرىپ - چىقىۋاتقانلارغا زادىلا پەرۋا قىلمايتتى.

— بۇنداق خۇدۇڭنى يوقىتىپ ئوقۇۋەرسەڭ بولمايدۇ، ئانچە -

مۇنچە ئۇيناپ قوي، باللارغا كۆپرەك ئارىلاشقاننىڭ يامىنى يوق. ئادەم دېگەن ئادەم بىلەن ئادەم، تۇرە، قادىر بىلەن ئەركىن قاراپ قالدى.

— ئادەم ئادەم بىلەن ئەمەس، بەلكى ئادىمىيلىك سۈپىتى بىلەن ئادەم. ئۇلار نەدە قالدى؟

— ئۆستەڭ بويىدا، دوستلىرىڭىزدىن تەسەللى تاپىسەن. كۆڭلۈڭ سۇ ئىچىدۇ، تۇرە دەيمەن.

ئۆستەڭ بويى تولىمۇ ھاۋالىق بولۇپ، سۈپسۈزۈك سۇ راھەت-بەخش سالقىن چىقىرىپ جانغا ھۇزۇر بېغىشلايتتى. قادىر ئاددىيغىنە داستىخان راسلىدى. ئۇنىڭ قولىمۇ تىلىدەكلا چاققان ئىدى. بىر پارچە گېزىتنى سېلىپ، ئىككى ئاق ناننى قەلەمتىراشتا كەستى.

— بۈگۈن ئىش باشقىچىغۇ؟ — دېدى سادىر.

— بۈگۈن ياشايمىز، — قادىر ئالدىدىكى ماش رەڭ سومكىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ ئىنكاس قايتۇردى.

— ئازراقتىن ئىچىمىز، ئىشلەشنىلا بىلىپ، كۆڭۈل ئېچىشنى بىلمىگەن ئادەم چۈشكىنلىشىپ كېتىدۇ، — ئەركىنمۇ بۇرنىدىنى يېنىك تارتىپ قويۇپ، بىرمۇنچە بىلەرمەنلىك قىلدى، — بۇرۇقتۇرمىلىق، ئۇنۇمسىز جىسمانىي ئەمگەك، مەقسەتسىز كۈن ئۆتكۈزۈش، كاللىدىن ئۆتمىگەن ئىشلارنى ئىلاجسىزلىقتىن قىلىش، يەنە كېلىپ ئۇزاق مۇددەت سۈكۈت قىلىش روھنى ئۆلتۈرىدۇ. شاراب روھنىڭ ئەڭ ياخشى دورىسى. تۇمان باسقان كۆڭۈللەرنى ئېچىش ئۈچۈن ئازراقتىن ئىچىپ قويىمىز. كۆڭلىمىزدىكىنى دېيىشىپ روھي بېسىمنى يەڭگىللىتىمىز...

قادىر سومكىدىكى «ۋوتكا» نى ئېلىپ، ۋېلىسىپىتنىڭ قوڭغۇرىقىغا ئازراق قۇيۇپ، قەدەھ سۆزى قىلدى:

— ئالتۇندەك ۋاقتىمىز بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. قىسمىتىمىز تەتۈر ئىكەن، مۇنتىزىم تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىدۇق. ئوغرىلىقچە كىتاب ئوقۇپ، مەلۇم مەسىلىلەرگە قارىتا مۇۋاپىق گەپ

قىلالايدىغان، بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ توغرا - خاتاسىنى پەرق ئېتەلەيدىغان بولغان بولساقمۇ، جەمئىيەتكە ياراملىق ئادەملەردىن بولالمىغۇدەكمىز. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ باشلىنىشى بىلەن مائارىپ مائارىپقا، مەكتەپ مەكتەپكە، ئوقۇغۇچى ئوقۇغۇچىغا ئوخشىماي قالدى. كۆڭۈل غەشلىكىدىن قۇتۇلۇش مەقسىتىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرايلى دەپ، بۇ غورىگىل داستىخاننى تەييارلىدۇق، ھەممىمىز بىربىرىمىزنى ئوبدان چۈشىنىدىغان ئاغىنىلەر، نېمىلا بولمىسۇن ئوقۇغۇچى بولغاندىكىن، مەكتەپ تۈزۈمىدە چەكلىنىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقىمىز كېرەك. لېكىن، مۆرىتىدە قىلماسلىققا تېگىشلىك ئىشلارنىمۇ ئىرادىگە خىلاپ ھالدا قىلىشقا توغرا كېلىپ قالىدىكەن.

— كۆپلىگەن بەختسىزلەر ئۆزلىرىنىڭ بەختسىزلىكىنى بىلمەي، بەختلىك ھېس قىلىدۇ. ھەقىقىي بەختسىزلىك ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىنى چۈشىنىشتە، — سادىر قادىرنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا ئېغىز ئاچتى، — كۆڭۈللۈك ئولتۇرايلى!

— خوشە ئەمىسە!

ساقىيلىقنى ئۈستىگە ئالغان قادىر كۆتۈرۈۋەتتى. كۆزلىرى پارقىراپ، لەۋلىرىنى قاتتىق بىر شورىۋالغاندىن كېيىن، ھاراقنى قۇيۇپ ئوڭ يېنىدىكى سادىرغا تەڭلىدى. سادىر كەينىگە داجىپ، ئىككى قولى بىلەن «قەدەھ» نى توستى. سادىر شۇ كۈنگىچە ھاراقنى ئاغزىغا ئېلىپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ بولۇشىغا بىر ئىچىپ، بىردەملىككە بولسىمۇ بۇ دۇنيانى، كۆڭۈلسىز مۇھىتنى، ئەتراپتىكى بارلىق مۇناسىۋەتلەرنى ئۇنتۇغۇسى كېلەتتىيۇ، جۈرئەت قىلالمايتتى. قەتئىي نىيەتكە كەلگەندە پۇرسەت يوق ئىدى، بۈگۈن پۇرسەت كەلگەندە يەنە جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى.

— سېنى دېدۇق، سېنى دېدۇق كەچتۇق بۇ جاندىن، — قادىر ھاراقنى سادىرغا ناخشا بىلەن تەڭلەپ گەپ باشلىدى، — سېنى دېدۇق، جىمىغۇرلىشىپ، ئۇنۇڭ ئىچىشكە چۈشۈپلا كەتتى. يا بىر ئېغىز گېپىڭ يوق، يا چاقچاقتا كۆلكەڭ، ئاغىنىلەر بۈگۈن سېنى

بىر خۇشال قىلايلى دەپ بۇنى نە ـ نەلەردىن تېپىپ كەلدۇق، تېتىپ
باق، سىڭىپ قالسا ئىچەرسەن، ئوغۇل بالا دېگەن ھەممىنى كۆرۈپ
باققۇلۇق. ئادەم بىر تۆشۈكتىن چىقىپ، يەنە بىر تۆشۈككە كىرگۈچە
كۆرمىگەننى كۆرىدۇ، ئىلاجىسىزلىقتىن قىلمىغاننى قىلىدۇ. جاھان
كەڭرى، قىسمەتلەر ھەرخىل، گاھى خۇشال بولۇپ كۈلسەن، گاھى
دەرد ـ ئەلەمدە يىغلايسەن. نېمىدىن سەۋر تاپىسەن؟ بۇ جەريانمۇ
ئوخشىمايدۇ. بەزىلەر ئەخلاقسىزلىق قىلىپ خۇشال بولىدۇ. بەزىلەر
گۇناھلىق ئىشلارنى قىلىپ بەختىيار ياشايدۇ. بەزىلەر ھەققانىيەت
يولىنى تاللاپ دەرد ـ ئەلەم تارتىدۇ. بەزىلەر ئىت بېقىپ تالاشقا
سالسا، بەزىلەر توخۇ بېقىپ سوقۇشقا سېلىپ دو تىكىدۇ. بەزىلەر
گۈزەل، ھالال ئايالى، ئوماق، چىرايلىق بالىلىرى تۇرۇپ، باشقىـ
لارنىڭ ئايال ـ بالىلىرىنى يولدىن ئازدۇرۇشنىڭ كويىدا يۈرىدۇ.
بەزىلەر ھالال ياشاپ خارلىقتا ئۆتسە، يەنە بەزىلەر ھالال ـ ھارامنى
ئايرىماي، پايدا ـ مەنپەئەت ئۈچۈن كۈندە نەچچە ئۆلۈپ ـ تىرىلىپ
باشقىلارنىڭ ئايىغىدا ئۆمىلەيدۇ. بۇ جاھاندا ئوڭغا تەتۈر، تەتۈرگە
ئوڭ ئىشلار ساماندەك.

سادىر قادىرنىڭ زورلىشى، ئۈلپەتلىرىنىڭ سالا قىلىشى بىلەن
«قەدەھ»نى قولىغا ئالدى. ئۇ مەست بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇۋاتاتـ
تى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، مەست بولۇپ قالسا، ئۆزىگە ماس كەلمەيدىـ
غان، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشكەن، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى يوقاتـ
قان باشقىلا بىر پەس ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.
ئۇنىڭ بىر تۇرۇپ شۇ ناتونۇش ئادەمگە ئايلىنىپ باققۇسى كېلەتتى.
لېكىن، ھەممىنىڭ نەزىرىدىن چۈشكەن، روھى ئۆلگەن بۇنداق پەسـ
لىك ئۇنى ساراسىمىگە سېلىۋاتاتتى. بىر تۇرۇپ غەيرەتكە كەلگەندەكـ
مۇ قىلاتتىيۇ، يەنە ئىككىلىنىپ قالاتتى.

—ھەر ئىشنىڭ باشلىنىشى قىيىن بولىدۇ. بىرنى ئىچىپ كۆـ
رۈپ باق. كېيىن ئەھۋالغا قارايسەن. بىزنىڭ مەقسىتىمىز سېنى تەڭـ
لىكتە قويۇپ قىيناش ئەمەس، ساڭا بولغان ياخشى كۆڭلىمىزنى ئىپاـ

دىلەش، خوشە! — نامانجانمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن سالاغا چۈشتى.
سادىر كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ كۆتۈرۈۋەتتى. قارىغاندا ئۇ غەي-رەتكە كەلگەنىدى. ئاچچىق هاراق ئۇنىڭ يۇمشاق قەلبىنى لەرزىگە سالدى. گويا بىر تال چوغنى يۇتۇۋەتكەندەك تولغىنىپ كەتتى. كەمە-دىن - كەم گەپ قىلىدىغان ئەركىن بۇرنىنى يەڭگىل تارتىپ قويۇپ دېدى:

— هاياتىڭدىكى لەززەتلىنىشنىڭ بىر تۈرى ئەمدى باشلاندى. ئىنسان بالىسى ئۆز هاياتىدا هۇزۇر ئېلىشقا تېگىشلىك بارلىق نازۇ-نېمەتلەردىن، تۈرلۈك ۋاستىلەردىن پايدىلىنىشنى بىلىشى كېرەك. بۇنى ساپا ۋە سۇپەت دەيمىز. هاراق دېگەن بىر تۈرلۈك دورا، يەنە كېلىپ روهنىڭ دورىسى، روهىي بىخۇدلۇق پەقەت مۇشۇ شاراب بىلەنلا ئويغىنىپ، جۇشقۇنلۇققا ئايلىنىدۇ. كۆپ يەپ، كۆپ ئىچىش بەدەنگە بېسىم پەيدا قىلىپ، روهنى چۈشكۈنلەشتۈرىدۇ، گەرچە ئۇ-مىدۋار بولىسىمۇ، سالامەتلىكى ناچار ئادەملەر ئاسانلىقچە بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ. ئادەم ئۆزىنى بىلىشى، ئۆزىگە ئىشىنىشى كېرەك. ئۆزىنىڭ بىر ئىشنى قىلالىشىغا ئىشەنچى يوق ئادەم، ئىگە-سىنىڭ يەم بېرىشىنى كۈتۈپ ياتقان هايۋانغا ئوخشايدۇ. ئۇنى كۈتىدى-غىنى هالاكەت ۋە پاجىئەلىك ئاقىۋەت. ئادەم مەيلى قانداقلا ئىش قىلسۇن، ئالدى بىلەن ئۆز سالامەتلىكىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى كېرەك. بۇمۇ ئۆزىنى دەڭسەپ، ئۆزىنى بىلىشنىڭ بىر تۈرى. ئۆزى-نى بىلمىگەن ئادەم ئۆزگىنىمۇ بىلمەيدۇ، ئۆزگىنى بىلمىگەن، ئۆز-گىنى نەزەرگە ئالمىغان ئادەم پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى، ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەت دۇنياسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، ئۆزى ياشاۋاتقان جەم-ئىيەتنى ئەسلا بىلمەيدۇ. بۇخىل بىخۇدلۇق، روهىي مەهكۇملۇق ئەمەلىيەتتە يوقلۇق بىلەن باراۋەر. سەنمۇ بىلىسەن، بىز ئۆزىمىزگە ئىشىنىمىز، گەرچە ياخشى تەربىيىلىنىش شارائىتىغا ئېرىشەلمىسەك-مۇ، يەنە نى - نى ئىشلارنى قىلالىشىمىزغا كۆزىمىز يېتىدۇ. گۈ-زەل، پارلاق كەلگۈسى بىزگە چوقۇم كۈلۈپ باقىدۇ. ئىللىق قۇچىقى-

نى كەڭرى ئاچىدۇ. خوشە.

ئەركىن كەمدىن ـ كەم گەپ قىلاتتى. ئاغزى ئىچىلسىلا سورۇن تاللىماي تۇرلۇك مەسىلىلەر ھەققىدە خېلى يۇقىرى سەۋىيىدە ئىلمىي تەپەككۇر قىلالايتتى. ئادەتتە تولىمۇ بىغەم كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭدىكى ئۆزگە بولغان ئىشەنچ ئۇزىنى تۇتۇۋېلىشىغا تۇرتكە بولاتتى. ئۇ رومـ كىنى بوشىتىپ قادىرغا بەرگەندىن كېيىن، سادىرغا قاراپ كۈلۈپ قويدى.

«قەدەھ» ئايلانماقتا ئىدى. بەزىلەر تاتىرىپ كەتكەن بولسا، بەزىلەر قىزىرىپ، ئىسىلىپ كەتكەنىدى. كەيپىياتمۇ ئوخشاشمايتتى. لېكىن، ھەممىسى بىرقەدەر چۈشىنىشىدىغان يېقىنلاردىن ياكى بىرـ قەدەر سەۋىيىلىك ياشلاردىن بولغاچقىمۇ، سورۇن يەنىلا تەرتىپلىك ئىدى. سادىر ئەمدى سورۇنغا خېلى ماسلىشىپ قالغان بولۇپ، بىرىنـ چى ـ ئىككىنچى رومكىنى سالا ـ سۇلھى بىلەن تەستە ئالغان بولسا، ئۈچىنچىسىنى گەپ ـ سۆزسىزلا ئىچىۋەتتى. ئۇ بارغانسېرى يەڭگىلـ لەپ، ھۇزۇر ھېس قىلماقتا ئىدى. گېلىنىڭ ئاز ـ تولا كۆيگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا روھى ئۇرغۇپ، نېمىلەرنىڭدۇر دېگۇسى، نەلەرگىـ دۇر بارغۇسى كېلەتتى. گاھ ـ گاھ مەغرۇر كۈلۈپ قوياتتى:

ئەركىن نۆۋەت ئاتلىتىپ ئىچكەچكە ھەممىسىدىن تەمكىن ئىدى. ئادىتى بويىچە بۇرنىنى يەڭگىل تارتىپ قويۇپ، سادىرغا چاقچاق قىلىپ قوياتتى:

— بولامدىكەن؟

— بولىدىكەن، بولىدىغان نېمىكەن. ئانچە ـ مۇنچە ئىچىپ قويسا بولغۇدەك.

— ھاياتتا ئانچە ـ مۇنچە قىلىپ قويسا بولىدىغان ئىشلار كۆپ، ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىپ قالىسەن، — قىزىقچىلىق قىلىپ ئېغىز ئاچتى قادىر، — تەبىئەتتە قۇشلار، گۈللەر، باغرى قارىغايلىق، چوققىسى قارلىق تاغلار، قۇچىقى كەڭرى يايلاقلار، زىلال سۇلار، گۈلدەك گۈزەل، تومۇچۇقتەك شوخ قىزلار، بەللىرى مەجنۇن تالـ

دەك، مېڭىشى كەكلىكتەك چىرايلىق جۇۋانلار ھاياتلىقنىڭ ھۇزۇرى. پانىي دۇنيادىكى مۇناسىۋەتلەرنى، جەمئىيەتنى توغرا چۈشىنىشلا راھەت ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن بەھرە ئېلىشنى بىلىش، سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش ھەقىقىي بەخت - سائادەت.

قادىر قوللىرىنى شىلتىپ سۆزلەيتتى، لېكىن باشقىلار ئۇنىڭ گەپلىرىنى چۈشىنىپ - چۈشەنمەيلا كۈلۈشەتتى. ئۇلار ئىككى سائەتچە سورۇن تۈزۈپ پەيز قىلىشتى، ئولتۇرۇش تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتتى. ئۇلار ئەمدى قەلب چۈشەندۈرۈش ھەلەكچىلىكىگە چۈشكەنىدى. سادىر پۈتلىرىنىڭ ئۆزىگە بويسۇنمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ كۈلەتتى. بۇنى پەقەت ئۆزىلا بىلەتتى. پۈتلىرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەقلى ئويغاق، روھى ئۈستۈن ئىدى. ئۇنىڭ خىيالى كىمنىدۇر ئىزدەيتتى، كۆڭلى كىمنىدۇر سېغىناتتى.

## 6

سادىر ئۇيقۇسىنى تەستە ئاچتى، پۇت - قوللىرىنىڭ تولىمۇ ماغدۇرسىز ئىكەنلىكىنى سەزدى. ئاخشام ھاراق ئىچكەنلىكىنى ياتاقداشلىرىغا تۇيدۇرماي يېتىۋالغان بولسىمۇ، ئارامسىزلىنىپ، بىر ھازاغىچە ئۇخلىيالمىدى. ھاراق دەسلەپتە ئىلھاملاندۇرغان بولسا، ياتقاندىن كېيىن كۆڭلى بىر قىسما بولماقتا ئىدى. سەيلە قىلغۇسى، نەمخۇش ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ، كىملەر بىلەندۇر پاراڭلاشقۇسى كېلەتتىيۇ، مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، بۇ ئويىدىن ۋاز كېچەتتى. چۈنكى، ئۇلار ئىشلەۋاتقان مەيدان ئەتراپى كېچىلىرى تولىمۇ سۈرلۈك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېچىدە نەدىنىمۇ ئۇلپەت تاپقىلى بولسۇن؟ سادىر ئاغىنە ۋە قىزلار بىلەن قانداق ئۆتۈش توغرۇلۇق ئۇزاق خىيال قىلدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە قىزلار بىلەن ئارىلىشىش كۆڭۈللۈك ھەم تولىمۇ نازۇك بىر ئىش ئىدى. سەللا ئېھتىياتسىزلىق قىلسا ئۆمۈرلۈك كۆڭۈلسىزلىك كېلىپ چىقاتتى. قىزلار بىلەن

يىگىتلەرنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتىدە ئۆتۈشى ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا باراۋەرلىك ئاساسىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش ئۈچۈن يىگىتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىكىنى، قىزلار ئايال زاتى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇش كېرەك. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قويۇقلاشقانسېرى ھامان بىر كۈنى چاتاق چىقاتتى. ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە ھاجىتى بولمىغاندا ياكى بىر - بىرىگە چۈشكەن ھاجەتنى بىخۇدلۇق بىلەن پۈتۈنلەي ئۇنتۇغاندا، دوستلۇق مەۋجۇت بولاتتى. بارلىق مۇناسىۋەتلەردە ئەڭ يېقىن ئۆتۈشنىڭ ئۆزى كەلگۈسىدە يىراقلىشىشنىڭ ئاساسى ئىدى. بىرسىنىڭ كۆڭلى يەنە بىرسىنىڭ ئەقلىنى ئوغرىلاپ، ئۆزىگە رام قىلىۋالاتتى، يات جىنسنى سۆيگۈسى، باغرىغا باسقۇسى، ئەركىلىتىپ كۈلدۈرگۈسى كېلەتتى. سادىرنىڭ كۆزى يۇمۇقلۇق بولغان بىلەن روھى ئويغاق، كۆڭلى سۆيگۈگە تەشنا ئىدى. ئۇنىڭ تەشنالىقى كىملەر بىلەندۇر خىيالەن يېقىنلىشاتتى. ئەمما، شۇ تاپتا ئەڭ خالايدىغىنى ئۇيقۇ ئىدى، لېكىن ئۇخلىيالمايۋاتاتتى، تاتلىق خىيال، يېقىمسىز ئۇيقۇسىزلىق تۈننى تاڭغا ئۇلاشقا سەۋەب بولۇۋاتاتتى. تورغايلار چۇۋ - چۇۋلاشقا باشلىدى، تورغاينىڭ مۇڭلۇق، قىسقا، ئۈزۈك - ئۈزۈك كۈيلىرىدىن كىچىككىنە بىر قۇشنىڭ ھاياتقا، تاڭغا، يېڭى بىر كۈنگە بولغان تەشنالىقى نامايان بولماقتا ئىدى.

جانلىقلارنىڭ ھاياتقا بولغان قىزغىنلىقى — ئۈزۈلمەس ۋە تۈگىمەس ھاياتلىق تەرەققىيات زەنجىرىنىڭ ئاساسى ئىدى. سادىر كەلگۈسى تۇرمۇشى ھەققىدە ئۇزاق ئويلاندى. ئۇ ئۆزى بىلىدىغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش يولىنى ياقتۇرمايتتى. ئۇنىڭ خالايدىغىنى چىن، سەممىي، گۈزەل، ئىشەنچلىك بىر ئائىلە ئىدى. بارلىق كىشىلەر بىلەن ياخشى ئۆتۈش، مۆرىتىدە ياخشىلىق قىلىش ئادىمىيلىك بۇرچى. ياخشىلىقنى قانداق قىلىدۇ؟ بىر ۋاخ ئاددىي تاماقمۇ مېھنەتسىز تەييار بولمايدىغان بۇ زاماندا ئەقىل ھېچ كىشىگە كېرەك ئەمەس ئىدى. قۇرۇق گەپ قۇرۇق قۇلاققا ياقمايتتى. باشقىلارغا

نەسىھەت قىلىش ئوخشاشلا نادانلىق بولاتتى.
سادىر چەكسىز ئوي - خىياللار قاينىمىغا كىرىپ كېتىۋاتاتتى. مەركەزلەشكەن خىيالىي لەززەت ئىسكەنجىسىدە كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىناشتى. بىرنەچچە رومكا هاراق تەسىرىدە پەيدا بولغان تەسەۋۋۇر ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان يېڭى - يېڭى قانۇنىيەتلىك مەنىلەرنى ئىزدىشىگە سەۋەب بولغانىدى.
سادىر خىجىللىق ۋە ئۆزىنى ئەيىبلەش تۇيغۇسى ئىچىدە ئورنىدىن تۇردى. كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەنىدى. ياتاقتا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئۇ سىرتقا چىقىپ، ئۆستەڭدىكى سۇدا يۈز - كۆزىنى يۇدى، پۇتلىرى تىترەپ، بېشى قېيىۋاتقانلىقىنى هېس قىلدى. ئۇ بارلىق پائالىيەتلەردە ساۋاقداشلىرىدىن ئايرىلمايتتى. مەيداندىكى ئىشنىڭ تەقەززاسى شۇنداق ئىدى. ئۇنىڭ ئىشقا بارغۇسى كەلدىيۇ، بارغۇدەك ئەھۋالى يوقلۇقىنى سېزىپ لاسسىدە بولدى. ئۇ ئۇسساپ قوپقاچقا، ياتاق ئالدىدىكى داش قازاندىن بىر قاچا چاينى ئۇسۇپ ئىچىۋەتتى.
— بۈگۈن ئىشقا بارالمىدىڭىزغۇ؟
بىر يىلدىن بېرى سادىرغا يەر تېگىدىن تەلمۈرۈپ كەلگەن سەييارنىڭ ئاۋازى قۇلىقىغا كىردى. سەييار سەل - پەل قارامتۇللۇقىنى هېسابقا ئالمىغاندا، خېلى گۈزەل هېسابلىناتتى. ئۇنىڭ بىر جۈپ ئوتلۇق كۆزلىرىدىن سەمىمىيلىك، سۆيگۈگە تەقەززالىق، ساداقەتمەنلىك بالقىپ تۇراتتى. ئۇ ئەسلىدە مەغرۇر ۋە خاتىرجەم بىر قىز ئىدى، مۇھەببەت يالقۇنى تۇتاشقان قەلبىدىكى دىشۋارچىلىق چىرايىغا تېپىپ، مۇلايىم ۋە دەردمەن كۆرۈنەتتى. قىز ساۋاقداشلىرىنىڭ سادىرنى ئورنېۋېلىپ، ئەركىلەشلىرىنى كۆرسە ئىچى ئېچىشاتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا، سادىرغا بىر ئۆزىلا ئەركىلىشى، يېقىن تۇرۇشى كېرەك ئىدى، ھەتتا سادىرنىڭ روھىغا، جىسمىغا سىڭىپ كېتىشنى ئارمان قىلاتتى، ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن بارلىقىنى ئۇنىڭغا بېغىشلىغۇسى كېلەتتى. ئەمما، بۇخىل قىزغىنلىقنى ئىپادىلەش ئۇياقتا تۇرسۇن، بۇرۇنقى نورمال مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قالالمايۋاتاتتى. پەقەت سادىرغا

تەلمۈرەتتى، يەنە شۇ تەلمۈرۈشلىرىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشاتتى. ئۇ ئىش مەيدانىدىن سىنچى كۆزلىرى بىلەن سادىرنى ئىزدەپ تاپالمىدى، بىرسىدىن سوراشقا جۇرئەت قىلالمىدى، كۆڭلى ئۈيۈپ خاتىرجەم بولالمىدى. «ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ رۇخسەت سورىغانمىدۇيا؟ ئاغ-رىپ قالغانمىدۇ؟ نېملا بولمىسۇن ياتاققا بېرىپ باقاي...»

سەيىيار ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەيتتى، يەنە ئۆتكۈر نەزەر بىلەن ئەت-راپنى كۆزىتىپ، سادىرنى ئىزدەيتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تەشنالىق-نىڭ يالقۇنى چاقنايتتى، شۇ تاپتا ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغانىدى. نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى تېخىمۇ بىل-مەيتتى. ئۇنىڭ ئەلەم ۋە ئىشتىياق ئوتى تەڭلا تۇتاشقان نازۇك قەلبى پەقەت سادىر ئۈچۈنلا كۆيۈپ، دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكى سادىر-نىڭ ياتاقتا ئىكەنلىكىنى سەزمەكتە ئىدى، سادىر قازان بېشىدا زوڭ-زىيىپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچىۋاتاتتى. سەيىيارنىڭ كۆزى سادىرغا چۈ-شۈشى بىلەن يۈرىكى گويا خۇشاللىقتا تەنتەنە قىلغاندەك دۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايلىق يۈزلىرى تارتىشىپ، لەۋلىرى تىت-رەيتتى.

— ئىشقا بارالمىدىڭىزغۇ؟

سەيىيارنىڭ ئاۋازى چاك كەتكەن ساپال تاۋاقتەك چىقتى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى ئوراپ تۇرغان نازۇك ۋۇجۇدى شامال سوققان كەچ كۈز ياپراقلىرىدەك تىترەيتتى.

— بۈگۈن باشقىچە تۇرىمەن. پۇت - قولۇمنىڭ تازا جېنى يوق، — پەرۋاسىزلا جاۋاب بەردى سادىر.

— ئاغرىپ قالمىغانسىز؟

سادىر كۈلدى. ئۇنىڭ كۈلكىسىدە خىجىللىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. چۈنكى، ئاخشام قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن خىجىل بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى.

— قايتىپ كەپسىزغۇ؟

— مۇئەللىم مېنى سىزنى كۈتۈشكە ئەۋەتتى، — سەيىيار چاقچاق

قىلغانلىقىنى ئىپادىلەپ نازلاندى. ئۇنىڭ يېقىملىق، تىترەڭگۈ، ھەسرەتلىك ئاۋازىدىن قەلب سىرلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

سادىر سەييارغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى. سەييار ئۆزىنىڭ روھىي ئاجىزلىقىغا تەن بېرىپ، قىزىرىپ يەرگە قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىرى يالتىرايتتى، ئەھۋالى ئەجەبلىنەرلىك ئىدى. سادىر مۇلايىملىق بىلەن سورىدى:

— سىزگە نېمە بولدى؟ بىرسى بىلەن خاپىلىشىپ قالدىڭىزمۇ؟! — ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى مەزمۇن ۋە دەرىجىسى ئوخشاشمىغان ماجىرالارنى سادىر بىر تەرەپ قىلاتتى، ھەممە ئىشتا ئۆزىنى سوراش ۋە تۇتۇشنى بىلمىدىغان بۇ قىزنىڭ كۆز يېشى سادىرنى ھېسداشلىق قىلىشقا ئۈندەيتتى. سەييارنىڭ ياشلىرى تاراملاپ ئېقىشقا باشلىدى، يۈزلىرى ئوتقاشتەك قىزاردى. سادىر ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — دەڭە، بۇنچە قىلىپ كەتكۈدەك زادى نېمە ئىش بولدى؟ سىزدەك ياخشى قىزغا كىم ئۇۋال قىلدى؟

— سادىر، مەن··· مەن···

— قېنى ئېيتىڭە، زادى نېمە ئىش؟

— بۇ بىر قىز ئۈچۈن ئېغىزدىن چىقىرىش تەس ئىشكەن، پەقەتلا بولالمىدىم···

سەييارنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، لەۋلىرى تىترەشكە باشلىدى، چوڭ - چوڭ كۆزلىرى ياشقا تولغانىدى. سادىر چوڭ بىر تەشۋىش، ئارامسىزلىقنىڭ بىشارىتىنى سەزدى. سادىرنىڭ نەزىرىدە بۇ مۇھەببەت، ۋىسال ئىزدەش جەريانىدىكى روھىي كۈرەش بولۇپ، غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىلمىسا، جىسمانىي زەئىپلىكنى، ئىقتىسادىي ئەبگارلىقنى، ئۆمۈرلۈك مەنىۋى سەرسانلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. سادىرنىڭ قەلبى ۋىژژىدە كۆيۈپ، ۋۇجۇدىدا سەييارغا نىسبەتەن ھېسداشلىق قىلىش تۇيغۇسى ئويغاندى. سەييارنىڭ يۇلتۇزدەك چاقناپ كەتكەن كۆزلىرىگە ئۇزاق تەلمۈردى. سەييارنى باغرىغا باسقۇسى، يۈزىگە يۈزىنى ياققۇسى، لەۋلىرىنى قېنىپ - قېنىپ شورىغۇسى

كەلدى. لېكىن، جۇرئەت قىلالمايۋاتقانلىقىدىن ئۆكۈندى. يەنە كېـ
لىپ سەييارنىڭ قىزغىنلىقى پەيدا قىلغان قىزغىنلىقىنىڭ مەلۇم تەـ
سىرىگە ئۇچرىشىدىن ئېھتىيات قىلماي بولمايتتى. ئارىنى بىر پەس
جىمجىتلىق باستى. ئىككى ۋۇجۇد تەڭلا تىترەيتتى، ئۆزئارا تەشناـ
لىق ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ بىر - بىرىگە ئىنتىلەتتى. ئىككى كۆڭۈل
بىر - بىرىنى قۇچاقلايتتى. پەقەت جىسمانىي جەھەتتىن يېقىنلىشىش
قىيىنغا چۈشمەكتە ئىدى. سادىر ئاستا - ئاستا ئېسىنى تاپتى،
ئۇچۇرۇشقا باشلىغان مۇھەببەت بورىنى ئاستا - ئاستا پەسلىگەندەك
قىلاتتى. ئەقلى ھېسسىياتىنى تىزگىنلەپ، ئەخلاق قامچىسى كۆڭۈل
شوخلۇقىنى قامچىلايتتى. ئۇنىڭ ساددا ئېتىقادى بويىچە، قانداقلىكى
ئىش قىلسا ئويلاپ قىلىش، باشقىلارغا زىيانلىق ئىشلارنى قەتئىي
قىلماسلىق، سۆيگۈسى كەلگەننىلا سۆيۈۋەرمەسلىك، ھەتتا ئۆزىگە
ھالال نېسىپ بولمايدىغان سۆيدۈرگۈسى كەلگەننىمۇ سۆيمەسلىك،
پاكلىقنى ساقلاشلا ئۆزىنى بىرقەدەر چۈشەنگەنلىك ھېسابلىناتتى. ئۇ،
ئادەم ھەرقانداق شارائىتتا ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىشى، ئاقىۋىتىنى
چوڭقۇر ئويلاپ ئىش قىلىشى، ئۆزىگە تەئەللۇق بولمىغان، كەلگۈسىـ
دە ئېھتىماللىقى تېخىمۇ يوق نەرسىلەرگە ئىنتىلمەسلىك كېرەك
دەيتتى. شۇڭا، سەييارغا تەسكىن بېرىش مۇددىئاسى بىلەن سىلىق
تەلەپپۇزدا سورىدى:

— سىزگە نېمە بولدى، نېمىشقا يىغلايسىز؟

— ئانام، بۇ يىل ئوقۇشۇڭ پۈتىدۇ، كۈزدە تويۇڭنى قىلىمىز
دەيدۇ، — ئېسەدەپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى سەييار.

سەييار ئۆلۈم بىلەن كۆرۈم پاسىلىدا ئىدى. سادىر ئۇنى سۆيسە
ياكى سۆيمىگانلىقىنى بىلدۈرسە، ئارمان گۈللىرى ئېچىلىپ، مەنـ
زىل ۋە مەقسەت يوللىرى راۋانلاشقان بولاتتى. ئەكسىچە ئەھۋالدا
ئۇنىڭغا ئۆلۈم بىلەن باراۋەر ئەلەم بولاتتى. شۇڭا، ئۇ سادىرنىڭ
ئاغزىغا ئانىسىغا تەلمۈرگەن بالا قۇشتەك تەلمۈرەتتى.

— توي قىلىش، تۇرمۇشلۇق بولۇش ھەممە ئادەمنىڭ بېشىدا!

بار ئىش، ھەتتا جان - جانىۋارلارمۇ يەككە - يېگانە ياشىمايدۇ. ياشلىقتا تەلپۈنۈش، تەلمۈرۈش ھەممە ئادەمدە بولىدىغان ھېسسىيات. لېكىن، ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ نىكاھ ئىشلىرى كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ. مېنىڭچە، بۇ ئىشتا تەۋەككۈل قىلىۋەرگەن ياخشى. كۆڭۈل دېگەن ھامان يۈكسەكلىك قوغلىشىدۇ. لېكىن، نېمىنىڭ يۈكسەكلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەك تەس.

— مەن ئۆيدىكىلەر دېگەن يەرگە قوشۇلمايمەن.

— نېمىشقا؟

— قىلچە مۇھەببىتىم يوق.

— مەلۇم مەقسەتتىكى قىزغىنلىق مۇھەببەت ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشتىكى ھاجەت ئۈچۈن ئىزدىنىش. مۇناسىۋەتتىكى مېھرىبانلىق، سەممىيلىكمۇ مۇھەببەت ئەمەس، بەلكى ئەخلاق - پەزىلەت. ئۇيغۇرلاردا مۇھەببەت ئاساسىدا قۇرۇلغان ئائىلىلەر ناھايىتى ئاز. ۋاپادارلىق، سادىقلىق، ساداقەتمەنلىك مۇھەببەت گۈلىنى ئايىنىتىپ باراقسانلىتىدۇ، لېكىن بەرداشلىق بېرىش كۆرگەنلا ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. مېنىڭچە، مۇھەببەتلىشىپ توي قىلغاندىن كۆرە، توي قىلغاندىن كېيىن مۇھەببەتلىك ئۆتسە تېخىمۇ ياخشى.

— مەن توي قىلماستىن بۇرۇن ئارىلاشقان، ئۆزۈم چۈشىنىدىغان، ياخشى كۆرىدىغان يىگىت بىلەن توي قىلىمەن.

سەييار سادىرغا گويا قامىلىپ قالغان كېيىكتەك بىچارىلەرچە تەلمۈردى. شۇ تاپتا سادىرنىڭ قوللىرىنى يۈزلىرىگە سۈرگۈسى، باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپ قاردەك ئېرىپ، سۆيەك سىڭىپ كەتكۈسى كېلەتتى.

— مېنىڭچە، ئادەملەر بىر - بىرىگە سەممىي بولۇشى كېرەك. سەممىيلىكى يوق ئادەمدە ۋىجدان - غۇرۇرمۇ بولمايدۇ. كىشىلىك مۇناسىۋەتتە بىر - بىرىنى ئالداپ، نەتىجىدە لەنەتكە قېلىپ ئېرىشكەن مەنپەئەتنىڭ قانچىلىك قىممىتى بولسۇن؟! شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بەدىلىگە كەلگەن بىردەملىك لەززەت ياكى نەپ روھنى مەڭگۈلۈك بۇلغايدۇ. ياشلىقتىكى چاكىنا ھېس - تۇيغۇلارغا يۈگەن سالالىغان ئەر ھەقىقىي ئەر ھېسابلىنىدۇ. سىزنى مەن بىرقەدەر چۈشىنىمەن. سىز ئەقىللىق، ۋىجدانلىق ھەم گۈزەل قىز. سىزدەك مەردانە، ئاق

كۆڭۈل قىزغا سەمىمىي بولماسلىق ئىرادەمگە خىلاپ. كۆڭلىڭىزنى چۈشەندىم. سىزگە ۋىجدانىم بىلەن ھەق گەپنى قىلمىسام بولمايدۇ، مەن بىرسىنى ياخشى كۆرىمەن.

سەييارنىڭ قۇلاقلىرى غوڭۇلداپ كەتتى. كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. ئۇ ئۆزىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويغان بولۇپ، تۇيغۇسىز جىسمى چەكسىز قاراڭغۇلۇق كارىدورىدا قالغانىدى. ئارىنى بىر پەس جىمجىتلىق قاپلىدى. ئەلەم چەككەن روھىنىڭ سۈكۈتى ئۇنىڭ ۋىجدانىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزاتماقتا ئىدى.

— ئۇ نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ئىسمى نېمە؟ — سورىدى سەييار جۆيلۈگەندەكلا.

— بىر قىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بۈگۈن سىزگىلا دېدىم. سىزدەك جاسارەتلىك قىزنىڭ ئالدىدا راست گەپنى قىلمىسام ئۆزۈمگىمۇ يۈز كېلەلمەيمەن. ئۇ بار بىلەن يوقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر غايىۋى نۇر، بۇ نۇر گاھى تاڭدەك جىلۋە قىلىپ چاقنىسا، گاھى ئۈمىدسىزلىك قاراڭغۇلۇقىغا سىڭىپ كېتىدۇ.

چۈشلۈك ئارامغا قايتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرى يېقىنلىشىشقا باشلىدى. سادىر بىلەن سەييار خېلى بۇرۇنلا ياتاققا كىرىپ كېتىشكەنىدى. سادىر ھويلىغا چىقتى. سەييار ساۋاقداشلىرىنىڭ يۈزىگە قاراشنى نومۇس بىلگەندەك ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى توسۇپ، ئۆزىنى يوتقان ئۈستىگە تاشلىدى.

*          *          *

ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئويغا پاتقان سادىرنىڭ ۋۇجۇدىنى سەييارنىڭ يالقۇنلۇق سۆيگۈ ئىزھارى كۆيدۈرمەكتە ئىدى. قىزنىڭ گۈل بەرگىدەك نېپىز ۋە يۇمران لەۋلىرىدىن ئېغىر تىنىقتا ئايرىلىشىپ چىققان پاك لەۋزى سادىرنىڭ باغرىنى لەرزىگە سېلىپ، خىيالىدىن قايتا - قايتا ئۆتەتتى، ئېچىنىشلىق قىياپىتى كۆز ئالدىدا پەيدا بولاتتى. سادىرنىڭ كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى، قۇلىقىغا غوڭۇلداشتىن باشقا ئاۋاز كىرمەيتتى. پەقەت سەييار تاشلىغان بىر پارچە چوغ قەلب ئاسمىنىدا سەھەردىكى چولپاندەك چاقنايتتى. ئۇ تەشۋىش-

لىرىنى يەڭگىللىتىشنى ئويلىدى بولغاي، ئۈستەلگ تەرەپكە ماڭدى. يېنىك دولقۇن هاسىل قىلىپ، تەبىئەتكە بولغان ئۆزگىچە سۆيگۈ كۈيىنى ئېيتىپ، جەنۇبقا قاراپ ئېقىۋاتقان سۇغا قارىغىنىچە ئۆزىگە ئۆزى ئىدا قىلىۋاتقاندەك شىۋىرلىدى:

«ئاھ، تەڭشەلمىگەن جاھان، بىۋاپا دۇنيا، باغرى قاتتىق ۋاپا-سىزلىق. مەنپەئەتكە بېقىنغان ۋاقىتلىق (ئۆتكۈنچى) ساختا مۇناسىۋەتلەر، نادانلىقنىڭ ئاساسى بولغان تارتىنىش ۋە تەلۋىلىك! ئىنسانلار شۇ يوسۇندا ئۆزىنى ئالدايدۇ ياكى ئالدىنىدۇ. سۆيەت ۋە ساپانىڭ تۈۋەنلىكىدىن كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ يۈكسەك مەزمۇنى بولغان سۆيگۈ-مۇھەببەتتىنمۇ تەشۋىشلىك ۋە ئەلەملىك مۇناسىۋەتكە ئايلاندۇرۇۋالىدۇ. مۇھەببەت دىشۋارچىلىقىدا گاڭگىراپ، تەشنالىق ئىشتىياقى جانغا ياققان ئەلەم ئوتىدا كۆيۈپ، نېمىگە ئېرىشەرمەن؟ ئەدەپ-ئەخلاقلىق گۈزەل ئايال ئەر زاتىنىڭ پانىي دۇنيادىكى ھەقىقىي جەننىتى. ئۇنىڭ ۋەسلىدىن جۇدا بولۇش دوزاخ ئازابى بىلەن ئوخشاش. مەن ۋىسال ئەييامىغا ئېرىشەلەمدىمەن ياكى پىراق ئوتىدا كۆيەمدىمەن؟ سەييار ماڭا كۆيسە ئۇنى سۆيەلىسەم، مارىيەگە يوشۇرۇن كۆيسەم، دېيەلىسەم، بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ سەييارنىڭ مارىيەدىن نەرى كەم؟ مارىيەنىڭ سەيياردىن نەرى ئارتۇق؟ مەن مارىيەنى زادى قانچىلىك چۈشىنىمەن؟! سەييار گەرچە بىر قىز بولسىمۇ، دادىللىق بىلەن كۆڭلىنى ئىزھار قىلالىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ مېنى ساراسىمىگە سالالىدى. مەن ئەقىل - پاراسەت، كۈچ - قۇۋۋەت جەھەتتىن ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرۇپ، جۈرئەتسىزلىك قىلىۋاتىمەن. نېمىلا بولمىسۇن ئادەم ئۆزىنىڭ توغرا، يوللۇق بولغان خاھىشى بويىچە ياشىشى كېرەك. باشقىلارنىڭ كۆڭۈل خاھىشى بويىچە ياشاش ئۆزىنى شۇ كىشى ئۈچۈن قۇربان قىلىش بىلەن ئوخشاش بىر ئىش. باشقىلارغا قۇربانلىق بولۇش ئۆزىنى ئۇنتۇغانلىق، ئۆزىنى ئۇنتۇش بىر ئەقىل ئىگىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا بىخۇدلۇق...»

سادىر ئۇزاق ئويلىنىپ سەييارنى ياخشى كۆرۈش مۇمكىنچىلىكى-

نىڭ بار ـ يوقلۇقىنى ئەقلىدىن ئۆتكۈزدى، مۇھەببەتنىڭمۇ بىر تەرەپ-
نىڭ تەسىرى ۋە تەشەببۇسكارلىقى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدىغان-
لىقىنى جەزملەشتۈردى. ئۇ مارىيەگە ئۆز كۆڭلىنى ئىپادىلەش نىيە-
تىگە كەلگەنىدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىنتىلىش، ياشلىقتىكى سۆيگۈ
ھېسسىياتى مارىيە تەرەپكە مايىل بولماقتا ئىدى.

سادىر تەكرار ـ تەكرار ئويلىنىپ ئارقىلىق سەييارنىڭ مۇھەببەت
تەلىپىگە يەنىلا سۈكۈت قىلىش پوزىتسىيىسى تۇتۇشنى، مارىيە بىلەن
كۆرۈشۈپ، كۆڭلىنى ئىزھارلاشنى مۇقىملاشتۇرۇپ ئورنىدىن تۇر-
دى.

ئوقۇغۇچىلار توپ ـ توپ بولۇشۇپ مەيداندىن قايتىش ھەققىدە
غۇلغۇلا قىلىشىۋاتاتتى. ياسىن مۇئەللىم بىر چەتتە خىيالغا پېتىپ
يالغۇز تۇراتتى. تاماكىنى كەينى ـ كەينىدىن قاتتىق ـ قاتتىق شوراية-
تى. سادىر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ سورىدى:

— يېڭى گەپ ـ سۆز بارمۇ، مۇئەللىم؟

— بۇگۈن قايتىدىكەنمىز. ئىشچىلار ۋەكىلى چۈشتىن كېيىن
چوڭ يىغىن ئېچىپ ئۇقتۇرىدىكەن. باللار تاماق يەپ بولغاندىن
كېيىن، بىر تەرەپكە كېتىپ قالمىسۇن، — ياسىن مۇئەللىم سادىر-
نىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ، ئالدىراپ سورىدى، — چىرايىڭ بۆلەكچە-
لىغۇ؟ نېمە بولدۇڭ؟

— ھېچ نەرسە بولمىدىم، — سادىر زورىغا كۈلدى.

— روھىي كەيپىياتىڭ باشقىچە تۇرىدۇ، بۇ يەردىن ئايرىلغۇڭ
كەلمەيۋاتامدۇيا؟ — چاقچاق قىلدى ياسىن مۇئەللىم، — ئىنسان
ئۈچۈن ياشلىقنىڭ ئىزى قالغان ھەرقانداق يەر قەدىرلىك. قىزغىن
ئۆتكەن كۈنلەر، ئۇيقۇسىز كۈنلەرنىڭ ھەممىسى ياشلىقتىكى ئىشتى-
ياقنىڭ مەھسۇلى. بەخت شەھەردە، زىلچا سېلىنغان ئايۋان ـ سارايى-
دىلا ئەمەس، بەلكى كەڭرى دالىدىمۇ قۇچاق ئاچىدۇ. بۇمۇ ھاياتتىكى
غەنىيمەت بىر پۇرسەت، — ياسىن مۇئەللىم دېمەكچى بولغانلىرىنى
رەتكە تۇرغۇزۇۋاتقاندەك كەيپىياتتا تاماكا ئوراپ تۇتاشتۇرۇۋېلىپ،

گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ۋاقىت تۇيدۇرماي ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھەش-
پەش دېگۈچە يېشىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالىدۇ. ئارزۇ - ئارمان،
ھەۋەس - ئىشتىياقلارمۇ يېڭىلىنىدۇ. ياشلىقىڭدا دۇچ كەلگەن ھەر-
خىل مەسىلە - زىددىيەتلەرگە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن جاۋاب تاپى-
سەن. ئادەم ھەرقانداق ئەھۋالدا چىداملىق بولۇشى كېرەك. ئادەم
ئۈچۈن كۈلىدىغان پەيتلەر تولىمۇ قىسقا بولىدۇ. ئويلىنىدىغان،
ئىزدىنىدىغان، قايغۇرىدىغان، باش چۆكۈرۈپ ئىشلەيدىغان ۋاقىت
ھاياتنىڭ ئاساسىي سالمىقىنى ئىگىلەيدۇ. ئۆتكۈنچى كۈلكە ئۇزاق
مۇددەتلىك بەدەل تەلەپ قىلىدۇ. ئەقىدەڭنىڭ چېچەكلىرى مېۋە بەرگەندە
كۈلىسەن، ھايات دەرىخىڭ مېۋىلىگۈچە نەچچە ئۆلۈپ تىرىلىسەن.
مېۋە شىرنە باغلاپ پىشقۇچە يېشىڭمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالىدۇ. بىر
قارىساڭ ئادەم بۇ دۇنياغا جاپا تارتىش ئۈچۈنلا كەلگەندەك تۇيۇلىدۇ.
ئەقىل كۆزى بىلەن باقساڭ، ھاياتنى چۈشەنگەنلەر، ئۆزىنى قەدىرلەش
تۇيغۇسى ئويغانغانلار ئۆمۈر مۇساپىسىنى مەنە چېچەكلىرىگە ئورايدۇ.
شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، گۈزەللىك يارىتىش جەريانى ھەمىشە گۈ-
زەل بولۇۋەرمەيدۇ. ساختىلىققا قارشى مەردانە روھ بولغاندىلا ھەقى-
قىي گۈزەللىكنى ياراتقىلى بولىدۇ. گۈزەللىك ماھىيەتتە پۈتكۈل
ئىنسانىيەت ئورتاق سۆيىدىغان ۋە مەڭگۈلۈك مەنىگە ئىگە ھەقىقەت-
تۇر.

ئوقۇغۇچىلار ھويلىنىڭ سايە چۈشىدىغان يېرىنى ئاساس قىلىپ
يىغىلغان بولۇپ، يىغىننىڭ باشلىنىشىنى كۈتۈۋاتاتتى. ھەممەيلەن-
نىڭ چىرايىدىن بىرخىل تەشۋىش چىقىپ تۇراتتى. ئىشچىلار ۋەكىلى
بىلەن مەكتەپ مۇدىرى ياتاقتىن چىقىپ، ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈشكە
باشلىدى. ئۇلارنىڭ كەيپىياتىدىن يىغىننىڭ قىسقا ئېچىلىدىغانلىقىنى
بىلگىلى بولاتتى. ئىككىيلەن بىر - بىرىگە قارىشىۋالغاندىن كېيىن،
ئىشچىلار ۋەكىلى قولاشمىغان تەلەپپۇزدا گەپ باشلىدى:

— يولداشلار! بۈگۈن مەيداندىكى ئەمگەك ئاخىرلاشتى. پرولې-
تارىيات دىكتاتۇرىسى شارائىتىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىشتا چىڭ

تۇرۇپ، سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىپ، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق، مانا بۇ ئىنقىلابنىڭ، يېڭى شەيئىنىڭ نەتىجىسى. يۇقىرىدىن يولىيورۇق كەلدى. بۈگۈن قايتىمىز، مەكتەپكە ئەمەس ئائىلىمىزگە قايتىمىز.

— تەقسىمات توغرۇلۇق گەپ قىلمىدىڭىزغۇ؟ — سورىدى قادىر يېنىدا ئولتۇرغان ئەركىندىن.

— بۇ تەلۋە يىغىن ئاچسا ئۆزىنى تۇتالماي قالىدۇ. داۋامىنى رېشىت كېكەچتىن ئاڭلايمىز.

ئەركىننىڭ «رېشىت كېكەچ» دېگىنى مەكتەپ مۇدىرى رېشىت ئابلا ئىدى. ئۇ گەرچە مىجەزى ئىتتىك، ئالدىراڭغۇ ئادەم بولسىمۇ، كۆڭلى تۈز، ئوقۇغۇچىلارغا كۆيۈنىدىغان، دۇرۇس كىشى ئىدى. ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز پەرزەنتلىرىدەكلا كۆرگەچكە، بىرەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپلا يۈرەتتى. كۆڭلىدە ئوقۇغۇچىلارغا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرى بولسىمۇ، سۈكۈت قىلىپ، ئىچىگە تىنىپ ۋاقىت كۈتمەكتە ئىدى.

سادىر ئائىلىسىگە قايتسا نېمە ئىش قىلىش، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە ئويلىنىۋاتاتتى، رېشىت ئابلانىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلدى:

— ئىشچىلار ۋەكىللى داۋۇتجان يۇقىرىنىڭ يولىيورۇقىنى يەتكۈزدى. بىر ئېغىز گەپ قايتىمىز. لېكىن، دېھقان بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئائىلىمىزدە تۇرۇپ تەقسىمات كۈتىمىز. ھەرقانداق ئىشنىڭ باش ـ ئاخىرى بولغاندەك، سىلەرنىڭمۇ ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىڭلار ئاخىرلاشتى. ئەپسۇس، بەزى ئىشلارنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇش، تۈزۈكرەك خوشلىشىش ئۈچۈن، شارائىت يارىتالمىدۇق. گەپنىڭ پوسكاللىسى سىلەرنى سىستېمىلىق تەربىيىلەلمىدۇق، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىستىقباللىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ سۈبيېكتىپ تىرىشچانلىقىڭلارغا باغلىق. مەن ئىشىنىمەنكى، سىلەر يېقىن كەلگۈسىدە ئوبلاستىمىز مائارىپىنىڭ غوللۇق تايانچلىرىدىن بولۇپ قالىسىلەر.

خوش، سىلەرگە بەخت - ئامەت تىلەيمەن.

ئوقۇغۇچىلار قايتىشتىكى سەۋەبلەر ئۈستىدە ئۆزئارا پىكىر ئال- ماشتۇرۇشۇپ، مەسئۇل ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىشقا باشلىدى. ياسىن مۇئەللىم ئۇزۇلدۇرمەي تاماكا چېكەتتى. قالدۇقىنى تاشلاپلا يەنە يېڭىدىن ئورايتتى، نېمىگىدۇر تارتىنىشۋاتقاندەك، نېمى- نىدۇر توغرا تاپمايۋاتقاندەك ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى. ئۇ مېھرىبان ئانا پەرزەنتلىرىنى سەپەرگە ئۇزاتقاندا ئايرىلىشقا قىيماۋاتقاندەك، ئىشچان باغۋەن تۇنجى يىلى چېچەكلىگەن كۆچەتلىرىگە تەلمۈرگەندەك ھەربىر ئوقۇغۇچىسىغا بىر - بىرلەپ كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كې- يىن، جىددىي تەلەپپۇزدا سورىدى:

— سەييار كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— مىجەزى يوقكەن، ئىسمائىل دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتتى.

— نېمە بوپتىكەن؟

— چىرايى تاتىرىپ كېتىپتۇ، مۇزلاپ كېتىۋاتىمەن دەيدۇ.

ياسىن مۇئەللىمنىڭ ئائىلىسى دوختۇرخانا ئائىلىلىكلەر قورۇ- سىدا ئىدى، قايتقاندىن كېيىن، سەييارنى يوقلاپ، نېمە بولغىنىنى سۈرۈشتۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئېيتتى:

— ۋاقىت ئېقىن سۇدەك ئۆتۈپ كېتىدۇ. ۋاقىت ھەممىگە قا- دىر. ۋاقىتنىڭ ھەرقانداق ئادەم ئۇچۇن بېرىدىغىنىدىن ئېلىپ كېتى- دىغىنى كۆپ. چۈنكى، ۋاقىتنى ئالتۇنغىمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. بەزىلەر پەقەت بىر قېتىملا نېسىپ بولىدىغان قىممەتلىك ھاياتىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتسە، بەزىلەر تىرىشىپ - تىرمىشىپ، ئىلىمنىڭ يۈكسەك چوققىلىرىغا ئۆرلەپ، ئاجايىپ مەنىلەرگە ئورايدۇ. ئەقىل- لىق ئادەم ۋاقىت بىلەن ھايات ئوتتۇرىسىدىكى ئىلمىي مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە چوڭقۇر ئويلانمىسا بولمايدۇ. ئىنسان ئادەملىك سۈپىتى بىلەن گۈزەل تۇرمۇش يارىتىپ بەختىيار ياشىشى كېرەك. بەختلىك ياشاش ئۇچۇن نۇرغۇنلىغان جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتىشقا، قىيىنچى- لىقنى يېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش دەپ،

غايىبتىن ئامەت تىلەپ ياشاش ئىنسان روھىنى زەئىپلەشتۈرۈپ، ئادەمنى قەدىر - قىممەتسىز مەخلۇققا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. بايا ئېيتقىنىمدەك، سىلەر كەلگۈسىدە ئوقۇتقۇچى بولىسىلەر، بۇ كەسپچانلىقى كۈچلۈك، ئەستايىدىللىقنى تەلەپ قىلىدىغان شەرەپلىك خىزمەت. «ئوقۇتقۇچى» چىن مەنىسىدىن ئېيتقاندا ئويغاتقۇچى، يېتەكلىگۈچى دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەن سىلەرنى ياخشى كۆرىمەن. ھەرقانداق ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئادەم ئۆزىنى ھەم باشقىلارنى سۆيۈشنى بىلىشى كېرەك. ئۆزىنى سۆيمىگەن ئادەمنىڭ باشقىلارنى سۆيۈشى مۇمكىن ئەمەس. ئۆزۈڭلارنى قەدىرلەڭلار، ياشلىقىڭلارنى قەدىرلەڭلار، ۋاقىتنى قەدىرلەڭلار، ھەممىڭلارغا ئامەت، بەخت - سائادەت تىلەيمەن.

ياسىن مۇئەللىمنىڭ كۆزلىرىدىن ئەلەملىك نۇر چاقناپ، ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنىۋاتقانلىقى چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. قارىغاندا ھېچ كىشىگە ئېيتىمىغان ھەم ئېيتالمايدىغان نۇرغۇن ئارزۇ - ئارمانلىرى، يۈرەك سۆزلىرى باردەك قىلاتتى.

## 7

سادىر شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلىنغانىدى. ئاتا - ئانىسى بۇنىڭدىن قەۋەتلا خۇشال بولدى. ئۇ ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان، ئەخلاقلىق، زېھنى ئوچۇق ئادەم بولغانىدى. ئاتا- ئانىسى يالغۇز قالسىلا ئوغلىنىڭ بېشىنى ئوڭلاش ئۈستىدە باش قاتۇراتتى. كىملەر بىلەندۇر قۇدا بولۇپ، قىزىنى كېلىن قىلىۋالغۇسى كېلەتتى. سادىرنىڭ بولسا پۈتۈن ئەس - يادى خىزمەتتىلا ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنى كەسىپ جەھەتتىن ئاجىز ھېسابلايتتى. ھەربىر سائەتلىك دەرسنى قانداق ئۆتۈش ئۈستىدە ئىزدىنەتتى. ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالمىغاندا، پېشقەدەملەردىن سورايتتى. سىنىپقا پىسخىك تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ، مەغرۇر كىرەتتى. پۇرسەت تاپسىلا ئۆگىنەتتى.

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تالاش - تارتىشىغا ئارىلاشمايتتى، ئۆز كۆڭلىدە بولسا كىمنىڭ توغرىلىقىنى دەلىللەشكە تىرىشاتتى. خىزمەتداشلىرى توي ھەققىدە چاقچاق قىلسا، قىزارغىنىچە كۈلۈپ قوياتتى.

بىر كۈنى سادىر ئىشخانىدا ئېگىزكىنى يۆلەپ ئالدىدىكى دەرسلىك كىتابقا قارىغىنىچە ئويغا پېتىپ ئولتۇراتتى، ھەنىپە مۇئەللىم كىرىپ، ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلدى:

— ئېغىر ئولتۇرۇپ كېتىپسىز، قاچان قارىسا كىتابتىن باش كۆتۈرمەيدىكەنسىز، ياشلىق دېگەننىڭ ئويۇن - كۈلكىسى بولىدۇ. ئۇنى «ئېرىقتىكى لاي سۇ» دەك ئۆتكۈزۈۋېتمىگۈلۈك.

ھەنىپە مۇئەللىمنىڭ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېگۈسى بولسىمۇ، سادىرنىڭ يېڭى خىزمەتكە چىققانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ خېلى گەپتان، شامىلى چىققان ئايال ئىكەنلىكىنى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكى ئوبدان بىلەتتى.

— ۋاقىتلا چىقسا ئۆگەنمىسەك بولمايدۇ، ھەنىپە خانىم، قورساقتا ئۇماچىنىڭ تايىنى يوق ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالدۇق، خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشتا ياخشى نىيەت ۋە ئىرادىنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ. مول بىلىم، ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن تەجرىبە، شۇنداقلا مىللەتكە، ئەۋلادقا، دەۋرگە چىن ئىخلاس، ئەقىدە بولۇش كېرەك.

ھەنىپە مۇئەللىم ئىشخانىغا كىرگەن چاغدىكىدەك بىرخىل شاللاقلىق بىلەن ھجىيىپ تۇراتتى. ئۇ سادىرنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىغا ئەمەس، بەلكى قاملاشقان قەددى - قامىتىگە ھەۋەس قىلماقتا ئىدى. ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، سادىرنىڭ باغرىغا باغرىنى يېقىپ، لېۋىگە لېۋىنى باسقۇسى، ياشلىق ئۇرغۇپ تۇرغان ۋۇجۇدىدىن لەززەت ئېلىپ تەشنالىقىنى قاندۇرغۇسى كېلىۋاتاتتى. ئەمما، روھىي جەھەتتىكى ناتونۇشلۇق، ياش جەھەتتىكى چوڭ پەرق بۇنىڭغا توسالغۇ بولۇۋاتاتتى. ھەنىپە چىراي ۋە فىگۇرا جەھەتتە ئوتتۇراھال ئايال ئىدى. لېكىن، كۆڭلى چۈشكەن ئەرلەرنى ھەرنېمە

قىلىپ بولمىسۇن ئۆزىگە قارىتىۋالاتتى. بۇ جەھەتتە پىشقان «كەسىپ ئەھلى» ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئەرلەر ئايالللىرىنى پەقەتلا چۈشەنمەيتتى، چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈنلا بىر ئۆمۈر بىللە ئۆتەتتى.

سادىر ھەنىپەنى بىر پىشقەدەم ئوقۇتقۇچى سۈپىتىدە ھۆرمەتلەيتتى. ھەنىپە يېڭىدىن نەزىرى چۈشكە بۇ كەسىپدىشى بىلەن قايسى مەزمۇندا بولمىسۇن بىردەم گەپلىشىشنى ئويلىدى بولغاي، كۆزلىرىنى ئوينىتىپ دېدى:

— سىزگە ھەممىمىز قايىل، ھەم ئەقىللىق، ھەم قەددى - قامەتتە قاملاشقان يىگىتكەنسىز. تونۇگۇن چوڭ يىغىندا، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى قانداق ئۆستۈرۈش ھەققىدە قىلغان پىكرىڭىز ھەممىمىزنى قايىل قىلدى. مەكتىپىمىزدە ھازىرغىچە ھېچكىم تېخى بۇنداق كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، مەسىلىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويمىغان.

— ئۇنچىۋالا ماختاپ ئۇچۇرماڭ، بۇ بىرخىل يۈزەكى قاراش، ئوچۇقراق ئېيتساق مۆرىتى كېلىپ قېلىپ شۇنداقلا دېيىلگەن گەپ. مۇھىمى ئوقۇتۇش جەريانىدىكى ئەمەلىي نەتىجە.

— باشقىلار قانداق قارىسۇن، مەن چىن دىلىمدىن قايىل، ھەقىقەتەنمۇ غايىلىك يىگىتكەنسىز، لايىقىڭىز قايسى مەكتەپتە؟

بۇ سوئال تولىمۇ تاسادىپىي تۇيۇلغاچقا سادىر نېمە دېيىشنى بىلمەي بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى، ئەمدىلا تونۇشۇۋاتقان بىر ئايالنىڭ ئۇنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە ئۈستىدە ئېغىز ئېچىسى ھەقىقەتەن گاڭگىرىتىپ قويغانىدى.

— لايىق توغرۇلۇق تېخى ئويلاشمىدىم.

— سىزگە مەن - مەن دېگەن قىزلارمۇ تىرنىقىنى چىشلىمەيلا تېگىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۆمۈرلۈك ئىشنى ئويلىشىپ قىلغان ياخشى. لايىقنى ئالدىرىماي، چېكىپ تاللاڭ، — ھەنىپە كالپۇكىنى ھىمىرىپ قويۇپ ئېيتتى، — بىزنىڭ مارىيە ئاجايىپ سۆلكەتلىك، مىجەزى ئوڭلۇق قىز بولدى. چىرايىلا ئەمەس، قولى گۈلدە ئۇنىڭ.

— قايسى مارىيە ئۇ؟ — ئالدىراپ سورىدى سادىر.

— ئاچامنىڭ قىزى، ئۆتكەن يىلى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈز-
گەن، خىزمەتكمۇ ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدۇق.
— ئاچىڭىزنىڭ ئۆيى نەدە؟
— 1 - يولدىن 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە قايرىلىدىغان دوقمۇشتا.
سادىرنىڭ يۈرەك سوقۇشى ئىتتىكلەپ، ئۆزىگە ئاڭلانغۇدەك دۇ-
پۇلدەشكە باشلىدى، يۈزىگە قىزىللىق تەپچىدى. چۈنكى، ھەنىپە تىلغا
ئالغان مارىيە دەل ئۇ ئوتىدا كۆيۈۋاتقان قىز ئىدى. شۇڭا، ئۆزىنى
تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ سورىدى:
— قەيەرگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرەۇڭلار؟
— شەھەرلىك تەمىنلەش كوپېراتىپقا.
— نېمىشقا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتمىدىڭلار؟
— ۋاقتىدا ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ، خاتىرجەم بولايلى، دەپ بول-
مامدۇ. ئۇنى ئاكام بالا قىلىۋالىمەن دەيدۇ، بىزنىڭ جەمەتتە قىزبالى-
نى ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ خالىغان ئادىمىگە ياتلىق
قىلىدىغان ئىش يوق.
سادىرنىڭ قۇلاقلىرى غوڭۇلداپ كەتتى. ۋۇجۇدىغا ئولاشقان تىت-
رەك ئۇششۇك تەگكەن ياپراقتەك تىترىتىۋەتتى، ئاغزىغا گەپ كەلمەي-
لا قالدى. شۇ ئەسنادا، ئىشخانىغا گېزىت - ژۇرنال تارقىتىدىغان
ئايال كىرىپ، سادىرغا بىر پارچە خەتنى بېرىپلا ھەنىپە بىلەن بىللە
چىقىپ كەتتى. خەت سادىرنى تېخىمۇ ساراسىمىگە سېلىۋەتتى. چۈن-
كى، سادىرغا بىر يەردىن خەت كېلىش ئېھتىمالى بولمىغاچقا، ئۇ
ئۆزىنى ئىلاجسىز ئەھۋالدا قالغاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى.
سەييار بالىنىستتا ئىككى ھەپتە ياتقاندىن كېيىن، كۆڭلى خېلى
جايىغا چۈشكەندەك تۇزۇلۇپ قالدى. دوختۇر روھىي جەھەتتىن جىد-
دىيلەشمەسلىك ھەققىدە مەسلىھەت بېرىۋىدى، مىيىقىدا كۈلۈپ قوي-
دى. ئۇنىڭ ئەمدى ھېچ كىشى بىلەن كۆرۈشكۈسى، ھېچكىمنىڭ
نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىغۇسى يوق ئىدى. بولۇپمۇ سادىر بىلەن ئۇچرى-
شىپ قېلىشتىن بەك قورقاتتى، ھەتتا بۇنى خىيالىغا كەلتۈرسىمۇ،

يۈرىكى دۈپۈلدەپ سېلىپ كېتەتتى. ئەمما، پۈتۈن ئوي - خىيالى سادىرغا بەند ئىدى. يوقلاپ كەلگەن ساۋاقداشلىرىدىن سادىر توغرۇلۇق بىرەر ئۇچۇر ئاڭلىغۇسى كەلسىمۇ، بىر قىسمىلا بولاتتى. ئۇنىڭ روھىدىكى جەزبدارلىق ئۆچكەن بولۇپ، چىرايى سولغۇن كۆرۈنەتتى. قەلبىدىكى ئەلەم تۇمانلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، بۇرۇنقىدەك مەغرۇر، ئەركىن، ئازادە ئۆتۈشنى ئىستىسىمۇ، كۆڭلىدىكى بىئاراملىق چىرايىغا تېپەتتى. تۇرۇپلا كۆڭلىنى سادىرغا ئىزھارلاشنى نومۇسلۇق ئىش ھېسابلىسا، تۇرۇپلا قەلب باغچىسىدا ئاستا - ئاستا يېتىلىپ ئېچىلغان مۇھەببەت گۈلىنى سادىرغا سۇنغانلىقىدىن كۆڭلىنىڭ يىراق ئۇپۇقىدا ئۈمىد نۇرى پارلىغاندەك بولاتتىيۇ، قوبۇل قىلىشقا ئېرىشەلمىگەنلىكىنى ئويلاپ ئەلەملىك ئىڭرايتتى.

گۈزەللىكنىڭ ئۆزى بىر ئىلاھىي مۆجىزە، ئۇنىڭدىكى سېھرىي قۇدرەتنى پەقەت شولىسىدىن بەھرلەنگەن كۆڭۈل بىلىدۇ. ئۇنىڭغا ھەممە كۆزلەر تەلمۈرىدۇ، ئۇ ھەممىنىڭ زوقىنى قوزغايدۇ. سەييار گۈزەللەر دۇنياسىدىكى ئۆزگىچە ئېچىلغان گۈلدەك جەلپكار بىر قىز ئىدى. يېقىندىن بۇيان ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن بىلەن مەھبۇبلۇققا تاللاش مۇددىئاسىدا پايپېتەك بولۇپ ئەگىيدىغانلار ئاز ئەمەس ئىدى. خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن، ئۇنى بالا قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئەلچىلىككە كىرگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي ئاتا - ئانىسىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭمۇ ئارزۇسى كۆڭلىدىكىدەك بىرسىگە ياتلىق قىلىپ، خاتىرجەم بولۇش ئىدى. ئەمما، سەييار ھەممىسىنى بىردەك رەت قىلاتتى.

سەييار دوختۇرخانىدىن چىقىپ، بىر ئاي دەم ئالغاندىن كېيىن، ئىشقا چۈشتى. ئۇ ئۆز كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە تەقسىم قىلىنغانىدى. بىر مەكتەپكە تەقسىم قىلىنغان خىزمەتدىشى روشەنگۈلدىن ساۋاقداشلىرىنىڭ تەقسىمات ئەھۋالىنى بىر - بىرلەپ سورىدى. ئىچى كۈچلۈك بۇ قىزغا بۇنداق كۈچ - قۇدرەتنى مۇھەببەت ئاتا قىلغان بولۇپ، خالىمىغان ئىشقا سۈكۈت قىلىش ئادىتى ئىدى. شۇڭا، ئۇ

سادىرنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمىدى. گەرچە ھەممىدىن بەكرەك بىلگۈسى بار ئىش پەقەت شۇ بولسىمۇ، نازۇك، سەزگۈر، سەبىي، تۇيغۇن قەلبى ئەقلىگە ئەندىش سېلىپ، ئۈنچىقمىدى. پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى، ئەقىل - پاراسىتىنى ئۆزىگە ئىقتىدا قىلدۇرۇۋالغان سادىرنى ئويلاش ئۇنىڭغا كونا - يېڭى ئەلەملىرىنى ئەسلىتەتتى. ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارمىنىمۇ دەرد - ئەلەملىرىنى مەڭگۈلۈك تۈگىتىش ئۈچۈن، ئۈمىدۋارلىق ئوتلىرىدا كۆيۈش ئىدى.

سەييار ئىشىك - دېرىزىلىرىنىڭ سىرلىرى ئۆچكەن كونا ئىشخانىدا يالغۇز ئولتۇراتتى، ئىشىكنى ئېچىپلا كىرگەن روشەنگۈل خىيالىنى بۆلدى:

— نېمىلا دېگەنبىلەن بىلىملىكنىڭ ئىشى ئوڭ بولىدىكەن. چوڭچىلىقنىڭ چوڭلۇقى كارغا يارىمايدىكەن. سادىرنى شەھەرلىك 2-ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىپتۇ.

سەييارنىڭ يۈرىكى سېلىپ، چىرايى ئاناردەك قىزىرىپ كەتتى، تىنىقى ئىچىگە چۈشۈپ، پۇت - قوللىرىدا جان قالمىدى. ئىپادە بىلدۇرگۇسى بولمىسىمۇ ئىختىيارسىزلا دېدى:

— ئۇنىڭ يارامىلىق، قابىل ئادەملىكىنى تەشكىل بىلىدىكەن.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈپەت، ساپادا بىرىنچى، — تولۇقلىدى روشەنگۈل.

سەييار روشەنگۈلگە ئەلەملىك قاراپ قويدى. كۆڭلى گويا يېتىم كەتكەن نەرسىسىنى تاپقاندەك سۆيۈنۈپ كەتتى. سەييارنىڭ سادىر بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشۈش ئارزۇسى بار بولسىمۇ، ئۇنىڭ نەگە تەقسىم قىلىنغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى. روشەنگۈلنىڭ ئۇچۇرى سەيياردا يېڭى ئۈمىد پەيدا قىلدى. ئۇ ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن، كۆرۈشۈش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى جەزملەشتۈردى. چۈنكى، بۇرۇنقى ئەھۋال يەنە تەكرارلىنىپ قالسا كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز دەرىجىدە ئېغىر كېلىدىغانلىقى ئۆزىگە ئايان ئىدى. كۆپ باش قاتۇرۇپ ئاخىر ئىككى خىل مەزمۇندا، ئىككى بىسلىق بىر پارچە

خەت يېزىش نىيىتىگە كەلدى. سادىرنى ساراسىمىگە سالغان خەت شۇ
ئىدى.

سادىر خەتنى ئۆرۈپ قاراپ سەيياردىن كەلگەنلىكىنى بىلدى. قىزنىڭ يېقىملىق، نازۇك، لەۋەن ئاۋازى سادىرنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە ئاڭلانغاندەك بولدى. قەغەزنىڭ ئەتىرگۈلنىڭكىدەك خۇش ھىدى دىماغقا ئۇرۇلدى، خەت ئىگىسىنىڭ زۇلۇۋا، خۇشپىچىم قەددى - قامىتى كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندى. سادىرنىڭ ياخشى كۆرۈش، مۇھەببەت، ئاشىقلىق، قىز - يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدىكى چىن سۆيگۈ ھەققىدىكى ئوي - پىكىرلىرى ھەربىر مەزمۇن ئۈستىدە ھەرخىل يەكۈن چىقىرىشقا ئۈندەيتتى. سادىر يۈرەك سوقۇشىنى تىڭشاپ، بىر مەھەل سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن، خەتنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇدى. خەت مۇنداق يېزىلغانىدى:

«سالام:

ساۋاقداش سادىر، بۈگۈن سىزنىڭ نەگە تەقسىم بولغانلىقىڭىزدىن خەۋەر تېپىپ، خۇشال بولدۇم. ھەر نېمە بولسا شەھەردە قاپسىز. چەت سەھرادىكى تەلەيسىز بىر ناتىۋانلىقىمغا قارىماي، يەنە سىزگە بەخت تىلەش ئىستىكىدە مەن. ئۆزىنى بەختلىك قىلىشقا كۆزى يەتمەي، ئۈمىدسىزلىك غېمىگە پاتقان بىر بىچارە قىزنىڭ باشقىلارغا بەخت تىلىشى مىسكىنىنىڭ ساخاۋەتچىدىن ئالماقچى بولغان ئازغىنە سەدىقىسى بەدىلىگە قىلغان دۇئا - تىلاۋەتلىرىدەك بىر ئىش بولسا كېرەك.

سادىر، مەلۇم بىر قىز سىزنى ئۆمۈرلۈك بەختكە ئېرىشتۈرۈپ، بەخت قۇچىقىدا كۆلدۈرەلىسىمۇ، مېنىڭچە ئۇ قىزنىڭ مېنىڭدىن پەرقى چوڭ بولمىسا كېرەك. پەرقى بار دېگەندىمۇ، بۇ پەقەت بىلىپ-بىلمەي تاللايدىغان، چۈشىنىپ - چۈشەنمەي قىزىقىدىغان كۆڭۈلنىڭ خاھىشىدا بولسا كېرەك. مۇھەببەتنىڭ كۈچ - قۇدرىتىمۇ، كۆڭۈل خاھىشى بويىچە تاللاشنىڭ مۇۋاپىق بولغان ياكى بولمىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولمىسا كېرەك. ئىشق بىلەن چىن سۆيگۈنىڭ ھالاللىق

دەرىجىسىنى بىكىتمەك تەس. چۈنكى، ئۇنىڭ يېتەكچىسى ئەقىل ۋە ئەمەلىيەت ئاساسىدىكى چۈشىنىش بولماستىن، بەلكى قىزغىنلىق بىلەن ھېسسىياتتۇر. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، چىن يۈرەكتىن سۆيۈشلا ئادەمگە ئۈمىد، ئىرادە بەخش ئېتىپ، ۋىسالغا يېتىش ئۈچۈن ئىزدىنىش يوللىرىنى ئاچىدۇ. مېنىڭ كۆڭلۈم ئۇۋىسىدا ئۇچۇرما بولغان مۇھەببەت قۇشۇم ئۈمىد بىلەن قانات قېقىپ، بېشىڭىزدا ئەگىيدۇ، سىزنىڭ سۆيگۈ ئىنتىزارلىقىڭىز بولسا باشقا بىرسىنى تىلەيدۇ. ئۇنىڭ ياشلىق ئارمانلىرى يەنە باشقا بىرسىنى كۈتۈشى مۇمكىن. مېنىڭچە، مۇھەببەتتىكى بەختسىزلىك ئەنە شۇ يەردە. ئازغۇن كۆڭۈلنىڭ خاھىشى بويىچە بىراۋنى سۆيۈش قىزغىنلىقىدا بولۇش ئەڭ بەختسىز، نادان ئىشتىياق بولۇشى مۇمكىن. سىزگە بەخت تىلەيمەن. بۇ ئارزۇلىرىمنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۆزۈممۇ روشەن چۈشەنمەيمەن. بۇنى سىز ئەلۋەتتە چۈشىنەلەيسىز.

خوش

«197× - يىل 11 - ئاينىڭ × - كۈنى.»

سادىرنىڭ قەلبى ئەلەمگە تولدى، دېمىسىمۇ سادىر مارىيەنى زادىلا چۈشەنمەيتتى. ئەگەر ئۇ ئاللىبۇرۇن بىرسىگە كۆڭۈل بېرىپ بولغان ياكى تاغىسىنىڭ ئوغلى بىلەن بىر - بىرىنى ياقتۇرۇپ، توي قىلىشقا پۈتۈشكەن بولسىچۇ ۋە ياكى سادىر مۇھەببەت ئىزھار قىلغاندا مېيىقىدا كۈلۈپ، پەرۋا قىلماي كېتىپ قالسىچۇ؟

سادىر بىرھازا سۈكۈتكە چۆمۈپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ رايىچە بولغاندا ئۆزىنىمۇ، سەييارىنىمۇ ئازابلىغۇسى يوق ئىدى، ئەمما كۆڭلى جايىغا چۈشمەيۋاتاتتى. قارىشىمۇ مۈجمەل ئىدى. ئۇ تەستە ئېسىنى يىغىپ، ئۆزىنى تەكرار - تەكرار دەڭسەش ئارقىلىق كۆڭلى يەنىلا سەييارغا مايىل ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. ئەمما، سەۋەبىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. سەييار خېتىدە بېشارەت بەرگەندەك، مارىيە باشقا بىرسىگە تەئەللۇق بولۇپ بولغان بولسىچۇ؟ ئۇ ئەقلىي خاھىشى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يەنە ئۆزىنىڭ تاللىشىنى مۇۋاپىق كۆردى - دە،

تاللىنىشنى بولسا بىرخىل ئاجىزلىق ھېسابلىنىدى.

* * *

ھەپتە - ئايلارنىڭ كەچمىشلەرگە باي قەدىمى سادىرنىڭ غۇبارسىز قەلبىدىكى مۇھەببەت ئىشتىياقى سىڭگەن تۇرمۇش كۈيلىرىنى يېڭىلاپ، ھەش - پەش دېگۈچە ئىككى يىل تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. سادىرنىڭ ئارزۇسى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا بېرىپ ئوقۇش ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭغا ئىشەنچ تۇرغۇزغان مەكتەپ مۇدىرى ۋاقىتلىق پايدىلىنىشنىلا كۆزلىدى بولغاي، ئىلتىماسىنى رەت قىلدى. بۇخىل ئەھۋال بىرنەچچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، سادىر باشلىقنىڭ مۇددىئاسىنى تەشكىلنىڭ قارارى دەپ بىلىپ، باش چۆكۈرۈپ ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتى. باشلىق نېمە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرسا شەرتسىز ئورۇندىدى. ئەمەلىيەتتە باشلىقنىڭ بۇيرۇغانلىرىمۇ خاتا ئەمەس ئىدى. سادىر جاپالىق ئۆگىنىش، خىزمەتنى ئەستايىدىل ئىشلەش نەتىجىسىدە ئۆزىنى خېلى تاكامۇللىشىپ، روھىي دۇنياسى بېيىغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىغانىدى.

زىمىستان قىش كېتىپ، تەبىئەت ئويغاندى، قۇشلار سازىنى چېلىپ، مارت ئېيى يېتىپ كەلدى. يېزا سىياسەتلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، سادىر يېزا خىزمىتىگە تەيىنلىنىپ كاتتايلاق يېزىسىغا «لۇشيەن تەربىيىسى» گە چۈشۈرۈلدى.

ۋاقىت ئويلىنىش ئىچىدە نۇرغۇنلىغان نېمە ئۇچۇنلەرگە جاۋاب ئىزدەش تەشۋىشلىرىدە ئۆتەتتى. ئۇپۇققا تۇتاشقان چەكسىز دالىدىكى ئاندا - مۇندا كۆزگە چېلىقىپ قالىدىغان توغراقلار گويا دېڭىزدىكى كېمىلەرنىڭ يەلكەنلىرىگە ئوخشايتتى. تەكشى قار قاپلىغاندەك ئاپئاق شورلۇق بۇ زېمىن تولىمۇ سىرلىق ۋە گۈزەل ئىدى. تېرىلغۇ يەرلەرمۇ شۇ چەكسىز شورلۇقنىڭ ئۇيەر - بۇيەرلىرىدە كۆزگە تاشلىناتتى. ئاھالىنىڭ ئولتۇراقلىشىشىمۇ تارقاق ئىدى. ئەمما، ئادەملىرى كۆ-

يۇمچان، بىر - بىرىگە سەممىمىي بولۇپ، كۈندە نەچچە قېتىم ئۇچراش-
سا شۇنچە قېتىم قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشەتتى، تۇرمۇش
ئەھۋالى تۆۋەن، ياشاش شارائىتى ناچار بولسىمۇ، شوخ، مەردانە،
غەزەلخان ئىدى. سادىر بۇ شورلۇق زېمىندا غەمسىز كۈن ئۆتكۈزۈۋات-
قان نامرات دېھقانلار ئارىسىدا ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، باش كۆتۈر-
مەي ئىشلەيتتى. «زۇجاڭ» نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە يىغىنىنىڭ
روھىنى ئەزالارغا ئىخچام يەتكۈزۈپ قويغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا،
خۇددى ئانىسىنىڭ ئورنىغا ئەمگەككە چىققان ياۋاش ئوقۇغۇچىغا ئوخ-
شاپ قالغانىدى. گەپنى پەقەت مۆرىتى كەلگەندىلا قىلاتتى، كۆپ
چاغلاردا ئۆزى ۋە ئۆزىنىڭ كەلگۈسى توغرۇلۇق خىيال سۈرەتتى.
«مېنىڭ بۇ يەردىكى رولۇم نېمە؟ قانداق قىلغاندا رولۇمنى جارى
قىلدۇرالايمەن؟ مېنى بۇ يەرگە ئەۋەتكەن تەشكىلنىڭ تەلىپى نېمە؟
ئەگەر ئەمگەك قىلىش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلگەن بولسام، نېمىدەپ بىر نەچچە
يىل ئوقۇدۇم؟ مېنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىم ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش
ئىدى. ئەپسۇس، 〈ياخشى〉 ئىكەنلىكىم تۈپەيلى يول چىقمىدى. ئاقى-
ۋەتتە قانداق بولدى؟ كەلگۈسىدە نېمە بولىدۇ؟...»

سادىر يىراقلارغا كۆز تىكەتتى. لېكىن، كۆزىتىۋاتقىنى ئۆزى-
نىڭ روھىي دۇنياسى ئىدى. ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى بوش-
لۇق ئەقىل تىزگىنى ئاستىدىكى ۋىجداننى چەكسىز ئەلەم قايىنىمىغا
تاشلايتتى. ئۇ روھىيىتىدىكى شۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇشنى ۋە مەنىۋى
گۈل - چېچەككە ئوراشنى ئىستەيتتى. لېكىن، ئۈمىد ۋە ئىشەنچ
نىشانىنى تاپالماي، ئۈچۈپلا يىراقلارغا كەتكۈسى كېلەتتىيۇ، نېمىشقى-
دۇر قولىدىكى كەتمەننى تاشلاشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. گاھىدا كۆز
چاناقلىرى ياشقا تولاتتى. كۆڭلىگە پۈككەن گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلى-
رىنىڭ ھايات مۇساپىسىدىكى ئىزدىنىش پۈرسىتىدىن ئاستا - ئاستا
يىراقلىشىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى. ئۇ شۇنداق ئۈمىدسىز دەقىقىلەردە
ئىچىگە يۇتقان كۆز ياشلار قايىنىغان چۆگۈندەك تېشىپ، ئۆزىمۇ بىلمى-
گەن ھالدا جاۋغايلىرىغىچە ئاقاتتى. ئۇنىڭ جىسمى ئېتىزدا— ئەزالار

ئارىسىدا بولسىمۇ، خىيالى گويا ياۋا كەپتەردەك قاڭقىپ، ئىلىم گۈلشەنلىرىنى ئىزدەيتتى.

— كادىر چۈشىدىكەن دېسە يۈرەك ئاسقاتتى. ئۇلاردىكى چوڭ-چىلىق، يولسىزلىق دېھقانلارنى يۈرەكئالدى قىلىۋەتكەن. سىز باشقا كادىرلارغا ئوخشىمايدىكەنسىز، بالام.

ھېلىمئاخۇننىڭ گېپى سادىرنىڭ خىيالىنى بۆلدى. ھېلىمئاخۇن پاكىز قىرىغان، ۋىجىككىنە بوۋاي بولۇپ، سادىر مەسئۇل بولۇپ چۈشكەن مەھەللىدە ھەممىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر كىشى ئىدى. سادىر ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ دېدى:

— ئادەمنىڭ ئادەمگە چوڭچىلىق قىلىشى يولسىزلىق. ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئەخلاق ھەممىدىن مۇھىم. ئادەم تەربىيە كۆرمىسە ئەخلاقسىز، يولسىز بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، بالىلارنى ئوقۇتۇش كې-رەك. دېھقانلارمۇ كادىرلاردىن قورقماسلىقى كېرەك. «يولدىن چىق-ما، خاندىن قورقما» دېگەن گەپ بارغۇ. لېكىن، قورقمىدىم دەپ يولسىزلىق قىلىشقا بولمايدۇ. يۇقىرا دېگەن سىياسەتكە بويسۇنمىسا خاپىلىقتا قالىدۇ، كادىرلارمۇ سىياسەتنى چۈشەنمەي تۇرۇپ ئىجرا قىلىشقا ئالدىرىماسلىق كېرەك. دېھقانلارنى قورقۇتۇش ئارقىلىق نو-پۇز تىكلەشكە ئۇرۇنۇشقا بولمايدۇ. ھازىر دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش كە-چۈرۈشى تەس، قىيىنچىلىق ئېغىر. شۇنچە جاپاغا چىداپ پەقەت بىر ئىسسىق جاننى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنلا تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان دېھ-قانلارغا يولسىزلىق قىلىش ماھىيەتتە ئۆزىنى، ئۆزى يەۋاتقان ناننىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى بىلمىگەنلىك، ھۆكۈمەت خىزمەتكە ئەۋەتكەن ھۆكۈمەت كادىرلىرى ھۆكۈمەتنىڭ يۇقراسىغا يولسىزلىق قىلسا قان-داق بولىدۇ!؟

— ھازىردىن باشلاپ ئۇماچ بىلەن يوبدانغا قالدۇق، — گەپكە ئارىلاشتى مەھەللە باشلىقى سىپە.

— يوبدان دېگەن قانداق نېمە ئۇ؟— سورىدى سادىر.

— قازانغا مۇشت ئېتىپ ئېتىدىغان تاماق، — قىزىقچىلىق

قىلدى ئۇ.

— قوناق ئۇنىنى قىزىقراق سۇدا يۇغۇرۇپ، قازانغا قول بىلەن سىقىمىز، ئىچىشلىك بولىدۇ، — چۈشەندۇردى ھېلىم بوۋاي.

— قازانغا مۇشت ئاتماي، باشقا ئۇسۇل بىلەن ئەتكىلى بولمامدۇ؟

— باشقىلار پوزىدا يېيىپ پىچاقتا كېسىپ ئېتىدۇ، مانا بىز شۇنداق قىلىمىز. قولنىڭ كىرى ئارىلاشسا تاماق تاتلىق بولىدىغان ئوخشايدۇ، — سىپە قىزىقچىلىق قىلىپ قوشۇپ قويدى، — بۈگۈن بىزنىڭكىگە بېرىپ تېتىپ باقامسىز؟

— قوناق خېمىرىنى سىقىپ، قازانغا مۇشت ئېتىپ يوبدان ئەتكۈچە، بۇغداي ئۇنىدىن ئالمىدەك خېمىر يۇغۇرۇپ، نېپىز يېيىپ چاچتەك كېسىپ، ئۇگرە ئەتسەڭلار بولمامدۇ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ! — كۈلۈپ قويدى سىپە.

— ئاق ئاشلىقىمىز ئۈچ - تۆت ئايدىلا تۈگەيدۇ. يەتتە - سەككىز ئاي قارا ئاشلىق بىلەن جان ساقلايمىز. بۇنىمۇ دۆلەت سېتىپ بېرىدۇ تېخى، — گەپكە ئارىلاشتى مەھەممەت شاھ.

— ئاشلىق سېتىۋالىدىغان پۇلنى نەدىن تاپىسىلەر؟ — سورىدى سادىر.

— بۇنىڭ يولى ئوخشىمايدۇ، بالام، — ھېلىمئاخۇن بوۋاي چۈشەنچە بەردى، — بەزىلىرىمىز ئوتۇنچىلىق قىلىمىز، بەزىلىرىمىز مال ساتىمىز، بەزىلىرىمىز كۆزدە قوغۇن سېتىپ جايلاپ قويغان پۇلنى ئاشلىق سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىمىز. مېنىڭ ئىككى ساغلىقىم بار، جانابىي ئاللا سالامەت قىلسا ئىككىلىسى تۇغدى. قوزىدىن بىرىنى سېتىپ ئاشلىق سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىمەن، يەنە بىرىنى سېتىپ پارچە خىراجەت قىلىمەن. ئىككى ساغلىق تۇرۇۋېرىدۇ.

— ئوتۇننى نەدىن ئەكېلىپ، نەدە ساتىسىلەر؟ — سورىدى سادىر.

— قاراجۇلنىڭ جاڭگىلىدىن ئەكېلىمىز. كېچىدە كادىرلاردىن

يوشۇرۇنچە ئۆيدىن چىقىپ، بىر ھەپتىدە بېرىپ كېلىمىز، 40 — 50 نان كېتىدۇ. بۇ جەرياندا تارتىدىغان جاپايىمىز ئېشەك بىلەن ئوخشاش، تېخى بىز ئوتۇننى چاپقۇچە ئېشەك ئارام ئالىدۇ، يول بويى ئېشەككە ياندىشىپ ھارۋا سۆرەپ كېلىمىز. ئوتۇننى نەچچە پۇلغا ساتىسەن دېمەمسىز؟ يەنە بىر كېچە - كۈندۈز مېڭىپ بازارغا ئاپىرىپ، 30 — 40 يۈەنگە ساتىدىغان گەپ. ئەسلىدە بىز يېگەن نانلا شۇنچىلىك پۇلغا يارايدۇ، — چۈشەندۈردى سىپە،

— بىر ھارۋا ئوتۇننىڭ پۇلى بىلەن، بىر قوزىنىڭ پۇلى ئالتە ئاي ئاشلىق سېتىۋېلىشقا يېتەمدۇ؟

— گۆش - ياغ يېمىگەندىكىن يېتىدۇ. ئوتۇنغا ئۈچ - تۆت قېتىم بارىمىز.

— بىزگە ئاپتاپ گۆش - ياغدىنمۇ بەكرەك ياقىدۇ، — قىزنىقچىلىقنى يەنە باشلىدى سىپە، — يىل بويى گۆش - ياغ يېمىسەكمۇ يەنە غولاچلاپ كەتمەن چېپىپ، گۇسۇلدەپ مېڭىپ، جاراڭلىق ناخشا توۋلاپ ياشاۋېرىمىز، كۈن نۇرى دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىگە بىزنىڭ يۇرتقا چۈشكەندەك تولۇق چۈشمەيدۇ.

— كۆپرەك كۆچەت قويۇپ، باغ - ۋاران قىلساڭلار بولمامدۇ؟

— توغراق بىلەن جىگدىدىن باشقىسى تۇتقىلى ئۇنمايدۇ. بۇمۇ بىر ھېسابتا ياخشىكەن، — قىزنىقچىلىق قىلىپ ئېيتتى سىپە، — ئۆگزىگە چىقساقلا ھەممە يەرنى كۆرەلەيدىكەنمىز.

سىپە مۇشۇ مەھەللىنىڭ ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان چاقچاقچىسى بولۇپ، شوخ، ھازىر جاۋاب، كۆزلىرىدىن ئەقىل نۇرى چاقناپ تۇرىدىغان، مىجەزى ئوڭلۇق ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ قەدىمى يەتكەنلا يەردە كۈلكە ئەۋجىگە چىقاتتى. خاپىلىق خۇشاللىققا ئورۇن بوشىتاتتى. مەھەللە باشلىقلىقىنى ئادىل يۈرگۈزۈپ، ئەزالارنى ھالىغا يارىشا ئىشقا بەلگىلەيتتى. ئۇنىڭ بىر ئىشقا خاپا بولغانلىقىنى، ئاچچىقلاپ بىركىمگە ئازار بەرگىنىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇ ئۆزىنى كەينىگە تاشلاپ، ھۇزۇرلىنىپ بىر كۈلۈۋالغاندىن كېيىن دېدى:

— بىز گول خەق بولغاچقا سودىگەرچىلىك قىلالمايمىز. خۇدانى
شېپى كەلتۈرۈپ يالغان گەپ قىلىشنى بىلمەيمىز، باشقىلار بىزنى
ئالداپ كېتىشى تۇرغان گەپ، بۇرۇن بىزنىڭ مۇشۇ مەھەللىدىن
ئەمەتهاجىم دېگەن بىر سودىگەر ئەنجانغا چىقىپ، ئۇ يەردە بىر مەھەل
تۇرغاندىن كېيىن، بىر ئۆزبېك خوتۇننى ئەمرىگە ئېلىپ، ئەكەپتى-
كەن، ئۇلار بۇ يەرگە كېچىدە كەلگەچكە ئۇ ئايال ئەتىگەندە ئىشىك
ئالدىغا چىقىپ، مەشرىق بىلەن مەغرىبنى تەڭ كۆرۈپتۇ - دە، پېشانى-
سىنى تۇتۇپ، يائاللا بۇيەرنىڭ ئاسمىنى قانداق تۇرغاندۇ، دەپ ھەي-
ران بوپتۇ. بىزنىڭ يۇرت كۆرمىگەنلەرنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان،
كەلگەنلەرنى ئۆزىنىڭ شاپتۇل - توغاچلىرىدىن بەھرىمەن قىلىدىغان
گۈزەل يەر، — سىپە ئۆزى بىلەن ئۆزى بىر كۈلۈۋالغاندىن كېيىن،
قىزىقچىلىقىنى داۋام قىلدى، — بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى بىر ئايال
بىلەن تۇتۇۋاپتۇ. ئايالنى قويۇۋېتىپ، ئەرنى بولسا باغلاپ رايونغا
ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئاتلىق كېلىۋاتقان ھاكىم ئۇلارنى كۆرۈپ، نېمە
ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سوراپتىكەن، ھېلىقى ئادەم بولغان ئەھۋالنى
ھاكىمغا ئېيتىپ، ھاكىمنىڭ ماختىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندا، ئەكسىچە
ھاكىم ئاتتىن چۈشۈپ ئاچچىقلاپ، ھېلىقى ئادەمنى ئۆز قولى بىلەن
باغلاقتىن بوشىتىپ قويۇۋېتىپتۇ. ئۇ ئادەم كەتكەندىن كېيىن، شۇن-
داق كايىپتۇ: سەن ئىش ئۇقمايدىغان كالۋا بىر نېمىكەنسەن، گۇنا-
ھىڭنى بىلەمسەن؟ سەن بىر ئۆينى بۇزۇپ، بىرنەچچە بالىنى يېتىم
قىلماقچىمۇ؟ بىلىپ قالكى، بۇ يۇرتنىڭ يا سەيلى - ساياھەت قىلىدى-
غان يېرى، يا يەيدىغان شاپتۇل - توغاچلىرى بولمىسا كىشىلەرنىڭ
كۆڭلى نېمىدىن خۇش بولاتتى؟ ئايالـلار بۇ يۇرتنىڭ شاپتۇل -
توغاچلىـرى، ئۇنى كىم يېمەيدۇ. خەقنىڭ رىزقىدا سېنىڭ نېمە
ھەققىڭ؟... ئەنە شۇنىڭدىن بۇيان، بۇ يۇرتتا ئاياللار شاپتۇل - توغاچ
مەنىسىدە ماڭىدۇ.

سىپە كۈلگىنىچە كېتىپ قالدى. ئۇ مەھەللە باشلىقى بولغاچقا
ئەزالار قىلىدىغان ئىشلىرى توغرۇلۇق مەسلىھەت سوراپ تۇراتتى.

خاپىلىقتىن يىراق بۇ ئادەم نەگىلا بارسا كۆلكە بىللە ئىدى. سادىر سىپەنىڭ قىزىقارلىق گەپلىرىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، بىر چەتتە ئىشلەۋاتقان ھېلىمئاخون بوۋايدىن سورىدى:

— شارائىتىڭلار بىر قەدەر ناچاركەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە شورلۇق كۆپرەك ئىكەن. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇقلۇق بۇ يەر نېمىشقا كاتتايلاق دەپ ئاتىلىپ قالغان بولغىدى؟

— چوڭلارنىڭ دېيىشىچە، بۇيەر تۇپرىقى مۇنبەت، ئەتراپى توغ-راق، يۇلغۇنلار بىلەن قاپلانغان گۈزەل لايلاق ئىكەن، كىشىلەر بۇ يەرنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىگە قىزىقىپ، كەينى - كەينىدىن كۆچۈپ كەلگەنىكەن. تېخى ئون يىلنىڭ ئالدىدىمۇ زەي، شور بۇ دەرىجىدە ئەمەس ئىدى.

— بۇنىڭدىن قارىغاندا زېمىننىڭ شورلىششى يىلدىن - يىلغا ئېغىرلىشىپ كەتكۈدەك، ۋاقتىدا كۆچۈپ كەتسەڭلار بولماسمۇ؟

— كۆچۈپ كەتكەنلەرمۇ بولدى، يەنە كۆچۈپ بارغان يەرگە كۆنەلمەي، قايتىپ كەلگەنلەرمۇ بار. ئاتا - بوۋىلىرىمىز مۇشۇ تۇپ-راقتا ئۆزلىشىپ كەتكەن، ئامال يوق، ھازىر ئىچىدىغان سۈيىمىزمۇ تۇزلۇق بولۇپ كەتتى.

— ئاشقا تۇز قويۇپ ئاۋارە بولمايمىز، — گەپكە ئارىلاشتى سىپە قاياقتىندۇر پەيدا بولۇپ، — يۇرتىمىزنىڭ ئەۋزەللىكى كۆپ، قويلى-رىمىزنىڭ گۆشى تاتلىق تۇز يالىغاچقا، توخۇلىرىمىزنىڭ تۇخۇمى دورا، تاشلىقىدا شور، قوڭغۇز بىلەن دۈدۈننى كۆپ يېگەچكە، قوغۇنلىرىمىز داڭلىق زېمىن شورلۇق بولغاچقا، ئۇزاق ئۆمۈر چول-پانلىرى كۆپ كۈن تولۇق چۈشكەچكە، بىر - بىرىمىزگە كۆيۈنۈپ سىنىڭ - مېنىڭ دېمەيمىز نامرات بولغاچقا، جاپايىمىز ئاز، ئىشىمىز كۆپ بولمىغاچقا، گېپىمىز تاتلىق، ئۆيلىرىمىز تارقاق، بىر- بىرى-مىزنى خۇماردىغاچقا، ھەممىمىز غەزەلچى ئاتالغان، كۈندۈزى زېرى-كىپ، كېچىسى قورقۇپ ناخشا توۋلىغاچقا، كۈندە نەچچە قېتىم ئۇچراشساق شۇنچە قېتىم كۆرۈشىمىز، ئايرىلساقلا يالغۇز قالغاچقا،

چوكانلارغا بەك ئامراق بىز، ۋاقتىدا ئۆيلىنەلمەي قېرىپ كەتكەچكە، ئۆي ئاۋات، نەچچە بالا بىر يوتقاننى پاناھ ئەتكەچكە.

سادىر ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ كەتتى. كۆز چاناقلىرى ياشقا تولۇپ، قارىچۇقىنى توسۇۋالدى. سىپە يوتىسىنى چاۋاكلاپ ئىككى يانغا ئېغىناپ، تازا بىر كۈلۈۋالغاندىن كېيىن، خۇشاللىق ياشلىرىنى سۈرتكەچ سادىرغا يۈزلىنىپ دېدى:

— زېرىكىپ قالغاندەك قىلىسىز، ئاستا - ئاستا ڭۈنۈپ قالىسىز. كۆرمىگەننى كۆرۈپ، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلايسىز. ۋاقىتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بۇ يەرنىڭ شارائىتىغا مۇناسىپ كەلگۈدەك بىرنەرسىگە مىلىك بولۇڭ.

— كۆپرەك ئەھۋاللاشساق بولغۇدەك، كۆرمىگەننى كۆرەلمىسەمۇ، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلاپ تۇرغۇدەكمەن.

— كۆنۈپ قالغانسېرى تارتىنىشمايدىغان بولىمىز. بىز خەقنىڭ ئاغزىدىن چىقىدىغىنى كۈلكە - چاقچاق بىلەن ھېكمەت. خاپىلىقتىن بىز يىراق، خاپىلىق بىزدىن يىراق. كۆڭۈل - كۆكسىمىز يۇرتىمىزنىڭ ئاسمىنىدەك كەڭ. يەنە بىر يېرى بىلەك كۈچلۈك بولغان بىلەن قول قىسقا.

سىپە كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئېقى قىزىلراق كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن سۆزلەپ، بىر تەرەپتىن كۈلەتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ قاراتمىلىقى كۈچلۈك بولۇپ، ئاڭلىغان كىشىنى ئويغا سالسا، كۈلكىسى كۈلدۈرەتتى.

* * *

دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقتا ئۆتەتتى، ئولتۇراق ئۆيلەرمۇ ناچار بولۇپ، كونا قەبرىدەك ئەسكى تاملىق، كونا كىگىز بىلەن، نىمكەش كىر يوتقان - كۆرپىلەر بىردىنبىر بىسات ئىدى. سىرىقتال كۈنلەرنىڭ كېلىشىگە ئەگىشىپ قورساقنىڭ غېمى

ھەممە ئائىلىنىڭ بېشىغا چۈشەتتى. دېھقانلارنىڭ ئويلايدىغىنى پەقەت ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالماسلىقلا ئىدى. تۇرمۇشنىڭ، كىشىلىك ھاياتنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈشتىن ئېغىز ئېچىشقا بولمايتتى.

ئەتىياز كېلىشى ھامان دېھقانلارنىڭ غېمى كۆپىيەتتى. قۇشلار بولسا شاشلىشىپ، قانات تاراپ ئەۋلاد قالدۇرۇش ئۈچۈن ئۇۋا ياساشقا ئالدىرايتتى. مەھەللىنىڭ خورازلىرى قانات سۆرەپ مېكىيانلارغا شوخلۇق قىلاتتى. مېكىيانلار بولسا مەقسەتلىك سايراپ، خوراز تەرەپكە چاپاتتى. خورازلار «كوكۇك - كوكۇك» قىلىپ قېشىغا چاقىراتتى. يوغان بىر قىزىل خوراز ھىدايەت شۇجىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بېشىنى سىڭايان قىلىپ قاراپ قويغاندىن كېيىن، بىرتال سېرىق كۆممىنى چوقۇلىغىنىچە كوكۇكلاپ كەتتى. ئۇ نېرىدىكى مېكىياننى چاقىرىۋاتاتتى. ھەممە يېرى قارا بولغاچقا تاجىسى چوغدەك كۆرۈنىدىغان چوڭ مېكىيان قاناتلىرىنى كېرىپ، كەكلىكتەك يورغىلاپ خورازنىڭ ئالدىغا كەلدى. سېخىي خوراز داننى ئۇنىڭغا بەردى - دە، مەغرۇر قانات قاقتى. مېكىيان قوناقنى يۇتۇۋېتىپ، خورازغا رازىمەنلىك بىلەن قاراپ قويدى.

ھىدايەت شۇجى كۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىچە بۇنى ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك مۇناسىۋەتكە تەتبىقلاپ ئۈلگۈرگەنىدى. ئۇنىڭ كۆپ ۋاقتى خىزمەت بىلەن ئاساسەن تۆۋەندە ئۆتەتتى. بىر يىلى مەلۇم يېزىغا مۇئاۋىن يېزا باشلىقى بولسا، يەنە بىر يىلى باشقا بىر يېزىغا مۇئاۋىن شۇجى بولاتتى. نامرات، شارائىتى ناچار، قاتناش قۇلايسىز بۇ يېزىغا كەلگەندىن كېيىن، تەشكىل يەنە يۆتكەۋېرىشنى توغرا تاپمىدىمۇ، ئەيتاۋۇر، بىرنەچچە يىلدىن بېرى كۆڭۈل توختىتىپ ئىشلەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنى بۇ يېزىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممىسى دېگۈدەك تونۇيتتى. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىمۇ يەرلىك شېۋىگە ماسلىشىپ كەتكەنىدى.

تەبىئەت دۇنياسىدىكى كىچىككىنە بىر ئىشمۇ ئەقىللىق كىشىلەر ئۈچۈن چوڭ - چوڭ ئىشلاردىن بېشارەت بېرەلەيدۇ، ھەتتا ئادەتتىكى نەرسىلەرنىڭ نورمال ھەرىكەتلىرىمۇ شارائىتقا بېقىپ ئوخشاشمىغان

تەسىراتلارنى پەيدا قىلىدۇ.

ھىدايەت 40 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان تەمبەل كىشى بولۇپ، ئېسىگە ئايالى كېلىپ قالدى. بىر ئائىلىنىڭ ئېغىر ـ يېنىك ھەممە ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالغان بۇ ئايال ئالدىراش ئۆتەتتى. ھىدايەت خىيالەن ئۆزىنى قورۇسىدا كۆردى. ئۆزىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاي-دىغان ئوماق، زېرەك، چىرايلىق قىزى ئۆيدىن يۈگۈرگىنىچە چىقىپ بويىنىغا ئېسىلدى. ھىدايەت ئامراق قىزىنى تاتلىق ـ تاتلىق سۆيدى. ئايالىغا ئوخشايدىغان ئوغلى دادىسىغا پەرۋامۇ قىلماي، ئۆز ئىشىغا بەند ئىدى. ھىدايەت سېغىنغان ئايالىنى ئۆيىگە شەرەت قىلدى…

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھىدايەت زۇجاڭ، ئېغىر سوكۇتتە تۇ-رۇپ كېتىپسىز؟ — سادىر ئۇنى خىيالدىن سەگىتتى.

ھىدايەت سادىرنى كۆرۈپلا، لاپپىدە قىزاردى. ئۇ تۇيۇقسىز تۇرغاندا ھەرقانداق ئادەمگە يۈزلەنسە، ۋىللىدە قىزىرىپ كېتەتتى. گەپ ـ سۆزدە تولىمۇ ئەستايىدىل ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە گەپ ـ سۆزمۇ گەپ قىلغۇچىنىڭ بىر قىسمى ئىدى.

— بىر يەرگە كېتىپ قاپتىمەن، سىز كەلمىگەن بولسىڭىز كەلمىكىم تەس بولاتتى. تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەربىر نەرسىنىڭ ھەرىكەت مۇناسىۋىتى جانغا، جان ساقلاشنىڭ ۋاسىتىسى بولغان گال-غىمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. ئاۋۇ «يىگىت» ئاۋۇ «جانان» نىڭ ۋىسالىغا، — ھىدايەت قولىنى سوزۇپ قىزىل خوراز بىلەن، تامغا چىقىش ئۈچۈن بويىنىنى سوزۇپ ـ سوزۇپ ئىنتىلىۋاتقان قارا مېكى-ياننى كۆرسەتتى، — بىر تال سېرىق قوناق ئارقىلىق ئېرىشتى. ئاشۇ بىر تال دان خورازغا ئۇچرىمىغان بولسا ئىككىسىنىڭ شۇ دەقىقىدە ئۇچرىشىشى ناتايىن ئىدى. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى خوراز بولۇپ قالسا، قان تۆكۈپ سوقۇشقان بولاتتى. كىشىلىك مۇناسىۋەتتىمۇ ئاشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار بولۇپ تۇرىدىكەن، بىر ـ بىرىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان ئادەملەر مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ئارىلى-شىپ، ئۆمۈرلۈك بۇرادەر، ھەتتا مەڭگۈلۈك ئەر ـ خوتۇنلاردىن

بولۇپ قالىدىكەن. كىچىككىنە سەۋەنلىك تۈپەيلىدىن دۈشمەنلىشىپ قالىدىغان ئىشلارنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدىكەن. شۇڭا، «يەتتە ئۆيلاپ بىر كەس» دېگەندەك، باش - ئاخىرىنى ئويلىشىپ بىر ئىش قىلغان ياخشىكەن.

سادىر يېڭى باشلىقنىڭ گەپلىرىدىن تەسىرلەندى بولغاي كۈلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ كۈلكىسى مەنىلىك بولۇپ، يېڭى بىر چۈشەنچىگە ئېرىشكەن ئىدى. ئادەتتە ئۇ ھىدايەتتىن ئېھتىيات قىلاتتى. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ مەسىلىلەرگە بولغان قارىشى بىلەن نۆۋەتتىكى سىياسەت-نىڭ تەشەببۇسلىرى ئوخشاشمايتتى. ئىككى توخۇنىڭ ھاياتلىق ھەر-كىتىنى كۆزىتىپ «ئاقىلانە» پىكىر يۈرگۈزگەن ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئاددىي چاغلىغىلى بولمايتتى. سادىرنىڭ قەلبىدە بىر نۇر چاقناپ، كۆڭلى يورۇپ كەتتى، بىر يىللىق خىزمەتدىشى ئۇنىڭغا ياراپ قالغا-نىدى. ئىچكى دۇنياسى ئانچە تونۇش بولمىغاننىڭ ئۈستىگە، مىجەز-مۇ كېلىشمەيدىغان ئىككى ئادەمنىڭ بىرگە خىزمەت قىلىشى تولىمۇ زېرىكەرلىك ئىدى.

ھىدايەت بىلەن سادىر ئۇچرىشىپلا قالسا ناھايىتى مەنىلىك پاراڭ-لىشاتتى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ھەر ئىككىلىسى بىر - بىرىنى سېغىنىشاتتى. بۇنداق سېغىنىش ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇ-رۇشنى تەقەززا قىلاتتى. تەبىئىتىدىن خىيالچان بۇ ئىككىيلەننىڭ ياش قۇرامىدىكى پەرق ئارىدىكى پەردىشەپنى ساقلاشنىڭ توسىقى ئى-دى. ئۇلار جەمئىيەت ۋە كىشىلىك ئەخلاق جەھەتلەردىكى كۆز قاراش-لىرىنىڭ ئوخشاشلىقى تۈپەيلىدىن بىر - بىرىنىڭ چۈشەنچىلىرىنى تولۇقلايتتى. سادىرنىڭ ئويلايدىغانلىرى ھازىرقى مەۋجۇت مەسىلىلەر دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقالماي، ھەرقانچە چوڭقۇرلىسىمۇ بىر ئىزدا چۆرگىلەيتتى. ئۇ ئۆزىنى ئەركىن، ئازادە، خۇشال تۇتۇشقا تىرىش-سىمۇ، «غەمسىز» ياشلارنىڭ كەلگۈسىدىكى غەم - قايغۇلىرى ھەققى-دە تەگسىز ئوي - خىياللارغا پاتاتتى. ئويلىرى يەنىلا چۈشكۈن ئۈمىدسىزلىك بىلەن نەتىجىلىنەتتى. ئۇنىڭچە، ياشلارنىڭ ھايات رې-

تىمى شۇ يوسۇندا كېتىۋەرسە، دەۋر ئۇلارنى غەپلەتتىن ئويغىتىپ،
تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرمىسە، ھازىرقىدەك موھتاجلىق تۇرمۇش-
نىڭ ئەلەملىك ۋارىسلىرىدىن بولۇپ قېلىۋېرەتتى.

سادىر غەمكىن ئىدى. كۆك يانتاقلىقتا ئورۇق قوي - ئۆچكىلەر-
نى توسۇپ، شوخىدەك شورلۇق ئۈستىدە يالاڭ ئاياغ يۈگۈرگەن پادىچى
قىزنى كۆرگەندە، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ئۇھ تارتاتتى. سالپاڭ
قۇلاق قېرى ئېشەكنى جۇلىقى چىقىپ كەتكەن كونا ھارۋىغا قېتىپ،
ناخشىنى بولۇشىغا توۋلىغىنىچە، قاياققىدۇر ماڭغان دېھقاننىڭ كەي-
نىدىن قارىسى يىتكۈچە كۆز ئۈزمەيتتى. كەڭ دالىدىكى بىر قارىسا
يېڭى چېچەك ئاچقان شاپتۇللۇقنى، بىر قارىسا يالقۇنلاپ كۆيۈۋاتقان
گۈلخاننى ئەسلىتىدىغان خىسلەتلىك يۇلغۇن دەرەخلىرىگە ئۇزاق -
ئۇزاق تەلمۈرۈپ، ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلايتتى. ئۇ يۇلغۇن بىلەن
ئىنسانىيەتنىڭ روھى ۋە جىسمانىيىتى ئۆزئارا باغلىنىشلىق دەپ قارى-
غاچقا، بۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرىدىكى چىدامچانلىقنى يۇلغۇندىكى مەردا-
نىلىك بىلەن باغلايتتى. يۇلغۇن باراقسانلىشىپ چوغ رەڭگىنى ئالغان-
دا، ئاللىقاچان باقىيغا كۆچكەن بىر مەردانە جاننىڭ روھى تەبىئەت
دۇنياسىدا سېخىي قۇياشنىڭ ئەركىلىتىپ سۆيۈشى بىلەن، باشقىچە
شەكىلدە نامايان بولغاندەك تۇيغۇدا بولاتتى. كۆرگەنلا ئادەم بۇ شور-
لۇق زېمىنغا دەماللىقتا كۆنەلمىگەندەك، يۇلغۇن بەھرە ئېلىپ ئاينى-
غان بۇنداق ئاچچىق شور ئۆرلەپ تۇرىدىغان قارا زەيلىككە باشقا
ھەرقانداق خىسلەتلىك دەرەخمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. ناچار شارا-
ئىتنى پىسەنتىگە ئالماي، غەمسىز ھالدا بىر - بىرىگە يار - يۆلەك
بولۇپ، جەسۇر، مەردانە، تەمەسىز روھتا ھالال ياشاۋاتقان كىشىلەر-
نىڭ ئىرادىسى شۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە مۇھىتتىن كەلگەن بولۇشى
مۇمكىن ئىدى. ئۇلار شورلۇق ئەمما ساپ ھاۋالىق ئانا يۇرتىنى
يۇلغۇندەك چىداملىقلىق، توغراقتەك مەزمۇت جاسارەت بىلەن سۆيەت-
تى. يۇرت چىن مەنىسىدىن ھەقىقىي ئانا ئىدى. ئانىنى تاشلاپ
كېتىش، ئانىغا ۋاپاسىزلىق قىلىش پەرزەنت ئۈچۈن، بەلكى پۈتكۈل

ئادەمزات ئۈچۈن تەڭداشسىز نومۇسسىزلىق، تۈز كورلۇق بولاتتى. شۇڭا، كاتتايلاقلىقلار ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئىزدەپ، ۋاقىتنى قەدىرلەپ، مۇھەببەت غەزەللىرىنى بىرىنى بىرىگە ئۇلاپ ياڭرىتىپ، چاقچاقلىرىدىن مەنە تېپىپ جاپالىق شارائىتتا كۈلۈپ ياشايتتى.

سادىر ئۆزىچە كۈلۈپ كەتتى. ئۇ دېھقانلار كۆڭلىنى ئاۋۇندۇر-غان خۇشاللىق، مەغرۇر كۈلكىلەرنىڭ مەنبەسىنى تاپقانىدى. نامرات بولسىمۇ ئۈمىدۋار ياشاش، قولىدىن كەلمەيدىغانغا ھەسرەت چەكمەس-لىك. شارائىتى ناچار بولسىمۇ خۇشال ئۆتۈش بۇ دۇنيانى بىر قەدەر چۈشەنگەنلىك، ھاياتلىق پائالىيەتلىرىنى زامان - ماكانغا ماسلاشتۇرا-لىغانلىق ھېسابلىناتتى. كىتاب كۆرمەي، لېكسىيە ئاڭلىماي ئۇلاردا بۇنداق كۆزقاراشنىڭ تىكلىنىشى جاپالىق سەرگۈزەشتىگە ئىگە ئەجدا-دىدىن قالغان مەنىۋى مىراس ئىدى.

سادىر بۇ زېمىننى، بۇ زېمىننى ماكان تۇتقان كەڭ قورساق ئادەملەرنى، تەبىئىي شارائىت بىلەن ھاياتلىق مۇناسىۋەتلىرىنى تەدرى-جىي چۈشىنىشكە باشلىدى. چۈشىنىش جانغا جان قاتاتتى، روھنى جانغا قانات قىلاتتى. ئەقلىنى ۋىجدانغا يېتەكچى، ۋىجداننى ھەرىكەتكە قوماندانلىق قىلدۇراتتى. سادىر بۇ زېمىنغا كۆنگەنسېرى ئادەملەرگە كۆيۈنۈشكە، كۈندىلىك تۇرمۇشقا مەنە بېرىشكە باشلىدى.

سەككىزىنچى مەھەللە دوقمۇشىغا يىغىلغان بىرنەچچە ئادەم سا-دىرنىڭ تەرىپىنى قىلىشىۋاتاتتى، مەكتەپتىن قايتقان مارىگۈل قەدە-مىنى ئاستىلىتىپ گەپكە قۇلاق سالدى.

— ياشلا تۇرۇپ ئۆزىنى بۇنداق تۇتۇۋالغان كادىرنى كۆرمەپتىد-كەنمەن. ھەرقانداق ئادەمنى قايىل قىلىدىكەن، — دېدى ئابدۇراخمان چوڭ.

— ئەقىل - پاراسەت، گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەت ئىنساننىڭ كۆركى - زىننىتى، ئەسلىي نەسەبى ئادىمى - دە، — گەپكە قىزغىن-لىق بىلەن ئارىلاشتى ئىسمائىل قارى.

— بۇرۇن خىزمەتكە چۈشكەنلەر ئۆزىنى تۇتالماي، ھە دېسە

يۈندىسىنى چاپاتتى، ئالدىنقى يىلى كەلگەن ئەلا شاتىراق روزىچوڭ-نىڭ ئۆيىنى بۇزۇپ، رەسۋايى ئالەم بولۇپ كەتتى. مېزى چىقمىغان بىلەن دوپپىنىڭ ئىچىدە تېزى چىقىپ كەتكەنلەرمۇ ئاز ئەمەس.

— بىرمۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى چەكمەي خىزمەت قىلماق كۆرگەنلا ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.

ئابدۇراخمان چولڭ ئۆزى بىلەن ئۆزى كۈلۈپ كەتتى، يېنىدىكى ئىسمائىل قارى ئۇنىڭغا ھەيران بولغاندەك قارىدى.

— سىلىگە نېمە دېگەن؟ — سورىدى ئۇ ئىسمائىل قارىدىن.

ئىسمائىل قارى كۈلۈپ قويدى، — قارىكام كۆچەت قويۇۋېتىپتىكەن، تەرەپپاللا كېلىپ قالغان سادىر كۆچەتنى تۇتۇپ بېرىپتۇ. قارىكام كۆرمەي ئايەت ئوقۇپ كۆمەۋېرىپتۇ. سادىر «قارىكا، ۋاقتىدا سۇ قويمىسىڭىز، تۇپرىقى ماس كەلمىسە، ھېلىغۇ ئايەت ئوقۇيدىكەنسىز، قۇرئاننى ئېسىپ قويسىڭىزمۇ تۇتمايدۇ» دەپتۇ.

ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈپ كەتتى. ئىسمائىل قارى قولاقلىرى-غىچە قىزىرىپ دېدى:

— توغرا، ھەر نەرسىنىڭ ئۆزىگە يارىشا پەرۋىشى، سەۋەبى بولىدۇ. سەۋەبىنى قىلماي، قۇرئان كەرىمنى ئەمەس، مۇقەددەس تۆت كىتابنىڭ ھەممىسىنى ئېسىپ قويسىمۇ ئاقمايدۇ.

— مەتياباقى سەمەت ئۇستام كادىرلارغا ئەتكەن لەگمەننىڭ ئاش سۈيىدىن بالىلىرىغا ئاچىقىپ بېرىپتىكەن، بىر كادىر ئۇنى تىللاپ كېتىپتۇ. سادىر ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇ كادىرغا: ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭمۇ سەن ـ مەندەك لەگمەن يېگۈسى بار. ئامالسىزلىقتىن ئاشنىڭ سۈيىنى ئىچىپ جان ساقلىسا، سەن خەلقنىڭ كادىرى تۇرۇق-لۇق قىيىنچىلىقنى ھەل قىلماقتا يوق، «ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپ-مەك» دېگەندەك ھاقارەتلىسەڭ، ھەتتا ئېشىڭنىڭ سۈيىنىمۇ بەرگۈڭ كەلمىسە، دېھقاننىڭ سېرىق قوناقتا قورسىقى تويمىسا، يەنە بىز كادىر دەپ كېرىلىپ يۈرسەك بولامدۇ؟ دەپ، ھىدايەت شۇجىنىمۇ قايىل قىلىپ، بىر چارەك بۇغدايغا تەستىق ئېلىپ بېرىپتۇ.

— ئېغىر - بېسىق بولغان بىلەن، «گەپكە گەپ كەلسە ئاتاڭدىن قايتما» دېگەندەك مۆرىتىدە قالتىس ئورۇنلۇق سۆزلەيدىغان، يۈز-خا-تىرمۇ قىلمايدىغان يىگىتكەن، — گەپكە ئارىلاشتى ئەكبەر كۆزىنى قىسىپ، ئەمدى گەپتىن توختىغان توختىچوڭغا قاراپ قويۇپ، — ئەزالار ئېتىزلىقتا قاتار تۇرۇپ چالما چوقۇۋېتىپتىكەن، ئەيسا سوقۇر مەريەم كاككۇكنىڭ كاسىسىنى پاتّ - پات چىمدىپ قويغۇدەك، سادىر-نىڭ بۇنىڭغا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. شۇئارلىقتا كەنت بوغالتىرى كېلىپ، كاللىلارغا يەم قالدۇرىمىز، سىلىدە نەچچە كالا بار دېسە، ئەزالار: يەتتىسى بار دېيىشىگە، سادىر: ياق، سەككىزى بار، يەنە بىر يەكچەشمە سوقۇر بۇقىمۇ بار دەپتۇ. ئەيسا سوقۇر شۇنىڭدىن باشلاپ تالاغا چىقالمىغان گەپ.

ھەممەيلەن تەڭلا كۇلۇشۇپ كەتتى.

غۇنچە بوي، بۇغداي ئۆڭ، 17 — 18 ياشلاردىكى بىر قىز دوقمۇشتىن ئۆيى تەرەپكە قايرىلدى. بۇ شۇ مەھەللىلىك مارىگۇل ئىدى. ھازىرغىچە كۆڭلىدە ھېچقانداق شەپە بولمىغان قىزنىڭ، بايا دوقمۇشتا بولۇۋاتقان گەپلەرنىڭ تەسىرىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر، يۈرەك تارى ئاستا - ئاستا چېكىلىشكە باشلىدى. تەبىئىي ھالدا، سادىرنى كۆرۈپ باققۇسى كەلگەن بولسا كېرەك، بىرخىل يېڭىچە قىزغىنلىق بىلەن ئۆيىگە بېرىپ، ئانىسىدىن سورىدى:

— دوقمۇشتىكىلەر ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي بىرسىنى ماختىشى-ۋاتىدۇ. كىم ئۇ شۇنچە ماختاپ كەتكۈدەك؟

— سادىردۇ ھەرقاچان، سىلىق، مۇلايىم، قوزىدەك ياۋاش، يېقىملىق بالىكەن، خىزمەتكە چۈشۈپتۇ، ئەسلىدە مۇئەللىملىك قىلى-دىكەن.

مارىگۇل قىزىرىپ كەتتى، ۋۇجۇدىنى غەيرىي بىر ھاياجان تىت-رىكى بېسىپ كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ياشلىق-نىڭ سۆيگۈ قىزغىنلىقى ئۇنى ۋىسال ئىشتىياقىدا تەشۋىشكە سالماقتا ئىدى، ئانىسىغا كۆڭۈل سىرىنى دېگۈسى، يىگىتكە ئاتاپ نېمىلەرنى

قىلغۇسى كېلەتتى. ئۇنىڭ كۆڭۈل خاھىشى قۇشلاردەك مەقسەت شىر-
خىغا قونۇشنى ئىستىسە، پۇت - قوللىرى چاققان ھەرىكەتلىنىپ
قويلارغا ئوت - چۆپ، توخۇلارغا دان بېرەتتى. پات - پات ئىشىك
ئالدىغا چىقىپ، كەنت مەركىزى تەرەپكە قارايتتى.

سادىر ئادىتى بويىچە شەرققە كۆز تىكىپ، سۇبھى جىلۋىسىدىن
ھۇزۇرلانماقتا ئىدى. كۇمۇشتەك ئاقلىق ئۇستىگە نېپىز شەپەق نۇرى
سىۋىت بېرەتتى. بىردەمدىن كېيىن، غايەت زور ئوت شارى ئوتقاش-
تەك چوغلۇق ئىچىدىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. مەيىن شىمال شامى-
لى كىشىگە ھۇزۇر بەخش ئېتەتتى. سادىر ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلاپ،
نېمىنىلەرنىدۇر دەيتتى، مارىگۈل سادىرنى بىر كۆرۈش ئىشتىياقىدا
كەنت مەركىزى تەرەپكە يول ئالدى. ئۇ بۈگۈن تولىمۇ چىرايلىق
بولۇپ كەتكەنىدى. پاك، تىنچ، سەبىي كۆڭلى تۇرۇپ - تۇرۇپ
ئالاڭغۇيتتى. سادىر ئادەتتە كەنت مەركىزىنىڭ ھويلىسىدا كۆپ تۇر-
مايتتى، كۆڭلى كەڭرى دالىنى، بۇ كەڭرى زېمىنىنىڭ سەمىمىي،
ئىشچان ئادەملىرىنى تارتىپ تۇراتتى. ئېتىزلىقلارنى ئايلىنىپ ئۆزى
بىلەن ئۆزى پىكىر تولپارىنى چاپتۇرۇش بىلەن تەپەككۇرىنى چوڭقۇر-
لاشتۇرۇپ، مەنتىقىلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشاتتى. كىشىلەر
بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشىپ، سۆھبەتدىشىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى ۋە
تىرىكچىلىك يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرى ھەققىدە قارشى تەرەپنىڭ
خاراكتېرىگە ھۆرمەت قىلغان ئاساستا پاراڭلىشىپ، مۇناسىپ بىلىم
ۋە مەنىۋى ھۇزۇر ئالاتتى. قارشى تەرەپنىڭ چىرايىغا مېھرىبانلىق
بىلەن بېقىپ، سەمىمىي ئەھۋال سورايتتى، گەپتە چېقىۋالىدىغان
قىلىقلارنى زىنھار قىلمايتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدىكى كىشىلىك ئەخلاق
ئۆلچەملىرى زىناخورلۇق قىلىش، ئاممىۋى سورۇنلاردا مەست بولۇپ،
جەمئىيەت ئامانلىقىغا، ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق سۈپىتىگە نۇقسان يەتكۈ-
زۈش، كۆرۈشكەندە قولىنىڭ ئۇچىنى بېرىپ تەتۈر قاراش، چوڭچى-
لىق قىلىش بولماستىن، بەلكى گەپ - سۆزدە مۇلايىم، كەيپىياتتا
قىزغىن بولۇشتا ئىپادىلىنەتتى. ئۇ مەلۇم بىر ئۆيگە كىرىپ - چى-

قىشتىمۇ ئۆزىنى ئەخلاق جەھەتتىن تىزگىنلەشكە ئەھمىيەت بېرەتتى.
ئۇنىڭ قارىشىچە، بىراۋغا مېھمان بولۇشمۇ بىراۋنى مېھمان قىلىپ
كۈتۈشتىن ئاسان ئەمەس ئىدى. چۈنكى، مېھمان بولغۇچى ساھىبخا-
نىنىڭ ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە ھۆرمەت قىلىشى، داستىخاندا رۇس
ئولتۇرۇشى، مۇۋاپىق بولمىسىمۇ گەپلىرىنى قىزغىن كەيپىياتتا ئاڭ-
لاش، داستىخانغا سوغۇق نەزەر تاشلىماسلىق، نېمە كەلتۈرسە رەھ-
مەت بىلدۈرۈش، گەپ - سۆزدە ئەستايىدىل بولۇش كېرەك ئىدى.
ئۇ ھەممىنىڭ نەزىرىدە ھۆرمەتلىك بولغاچقا، كۆپچىلىك پارىڭىنى
سېغىناتتى، ئوبدانراق تاماق ئەتكەندە تۇگۇنەتتى. بۇ جەھەتتە گويا
ئامراق بالىسىدەكلا ئىدى. بۈگۈن بازار كۈنى بولۇپ، ئەزالار ئاسا-
سەن ئۆيلىرىدە تۇرمايتتى، سادىر بارىدىغان يەر تاپالماي ئېتىز چۆر-
گىلەپ يۈرەتتى، كەنت مەركىزىنىڭ كەينىدىكى ئۆستەڭ بويىدا بىر-
دەم ئالدىغا، بىردەم كەينىگە ماڭاتتى، يىراق - يىراقلارغا كۆز
تىكەتتى. گويا ئۆزىنىڭ روھىي ئالىمى بىلەن سىردىشىۋاتقاندەك،
تەبىئەت دۇنياسىنىڭ يىراق بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن كېلىۋاتقان قان-
داقتۇر ئاۋازنى تىڭشاۋاتقاندەك قىلاتتى. ئوبرازلىق تەپەككۇرى قارا
بۇلۇتنى يېرىپ، زېمىنغا تۆكۈلگەن قۇياش نۇرىدەك خىيالىي مەقسەت
مەنزىلىگە يەتكەنىدى. شۇتاپتا ئۇ ئۆزىنى رايونىمىزنىڭ سىياسىي،
ئىقتىساد، مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا، تەرەققىيات مەركىزى، ئىلىم-
مەرىپەتنىڭ رەڭمۇرەڭ گۈللەرگە تولغان باغچىسى، پېشىۋالار روھى
كۆلگەن ماكان ئۈرۈمچىدە كۆردى. مۇددىئاسى ئۆزىدەك زېرەك، كۆز-
لىرى چولپاندەك نۇرلۇق، چىھرى ئايدەك، ئەقلى ھاياتلىق مەنىلىرىنى
ئىزدەشكە بېغىشلانغان، لەۋزى ھالاللىقنى مىزان قىلغان، سۆزى بى-
لەن ھەرىكىتى، روھى بىلەن جىسمانىيىتى بىرلەشكەن قىزلاردىن
ئۆزىگە سەممىمىي ساۋاقداش، ۋاپادار دوست، ئۆمۈرلۈك جان پىدا ھەم-
راھ تېپىش ئىدى. بۇنىڭدا، تاشقى قىياپىتى بىلەن روھىي دۇنياسى-
نى، كىشىلىك غايىسى بىلەن ئەخلاق قارىشىنى، مەنىۋىيىتى بىلەن
نەسەبىنى بىرلەشتۈرگەن ئاساستا كۆڭلىدىكىدەك مەھبۇب تاللاپ،

ياشلىق ئارمانىنىڭ قانىتى قىلاتتى - دە، ئۇنىڭ يۇمشاق، قاش
تېشىدەك سۇزۇك، تالدەك ئەۋرىشىم قولىدىن چىڭ تۇتقىنىچە يېتى-
لەپ، يۈزلىگەن ساختا ۋە ۋاقىتلىق چىن، ئۆتكۈنچى مۇھەببەتكە
گۇۋاھ قېرى قارىياغاچنىڭ تۈۋىگە ئېلىپ باراتتى. «ئاشىق - مە-
شۇق» لارنى كېچىسى ئاي بىلەن يۇلتۇزدىن، كۈندۈزى يامان كۆزدىن
يوشۇرۇش ئۈچۈنلا شۇنداق يوغىنىغان بۇ قېرى دەرەخ گويا يېڭىدىن
تېپىشقان ئىككى ياشنىڭ ھاياجانلىق سۆھبىتىنى تىڭشاۋاتقاندەك ئې-
غىر سۈكۈت ئىلكىدە تۇراتتى. ئىككى ياشنىڭ تىنىقى تېزلىشىپ،
كۆزلىرى چاقنىغاندا گويا ئۆزىنى تۇتالماي ھەسەت قىلىۋاتقاندەك ئەڭ
ئۈستىدىكى يۇمران شاخلىرى لەرزان ئىرغاڭلايتتى. سادىر تاتلىق
خىيال بۆشۈكىدە تەۋرىنەتتى. ئۇنىڭ شۇ مىنۇتلاردىكى تىلىكى مۇ-
ھەببەت رىشتىنى مەڭگۈ ئۈزۈلمەس قىلىپ چېتىپ، ساغلام داۋاملاش-
تۇرۇش ئىدى. ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ساداقەتمەنلىكنى جېكى-
لەيتتى. خۇشامەتكۈيلۈق بىلەن جانانىنىڭ روھىنى سۆيۈپ، ئۆزىنىڭ
كىشىلىك مۇناسىۋەت قارىشىنى، ئائىلە قۇرۇشتىكى غايىسىنى، پەر-
زەنت تەربىيىلەش بۇرچىنى چۈشەندۈرەتتى، ھاياتنى ۋاقىتنى قەدىر-
لەش، كىشىلىك قەدىر - قىممىتىنى تونۇش، بىر ئۆمۈر ئىناق،
بەختىيار ئۆتۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى يۈكسەك نىشانىنى ئىزھار-
لايتتى. ئىككى دۇنيالىق سۆيگىنىنىڭ يېڭى مەزمۇندىكى لەۋزىگە
قۇلاق سېلىپ، تال - تال قىياقتەك چاقماق كىرپىكلەر سايە تاشلاپ
تۇرغان تىنىق كۆزلىرىگە سىڭىپ كەتكۈدەك تەقەززالىق بىلەن تەلمۈ-
رەتتى. گۈزەل ئارزۇ - ئارمان، قاناتلىق، تاتلىق خىيال ئۇنى غايىبانە
مەقسەتلىرى بىلەن غايىبانە يېقىنلاشتۇرماقتا ئىدى. ئۇ ئۆزىنى تاما-
مەن ئۇنتۇغان ھالدا باشقا بىر دۇنياغا — تېخى بېرىپمۇ باقمىغان
يىراقتىكى ئىلىم - مەرىپەت شەھىرىگە كەتكەنىدى. ئالدىدىكى سۇغا
چۈشكەن چالما ئۇنى خىياللار قۇچىقىدىن تارتىۋالدى.

— ئوي - خىيال ئەقلىنىڭ بىلىمى، ئىزدىنىش كۆكىدە پەرۋاز
قىلىشنىڭ قانىتى. ئىجابىي تەپەككۇرنىڭ چىن يارى. شېرىن خىيال

تەسەۋۋۇرنى قاناتلاندۇرىدۇ. ئۇي - خىيالىڭىزنى بۆلۈۋەتتىم. قارىسام بۈگۈن ئۆزىڭىزگە كېلەلمىگۈدەكسىز، خېلى ئۇزاق تۇردۇم، — دېدى ھىدايەت چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

— تۇيمايلا قاپتىمەن، سىزگە ئوخشاش باشقا بىر دۇنياغا كېتىپ قاپتىمەن.

— روھ تەندىن يىراقلىشىپ تەپەككۇرنى يېتەكلىسە، ئادەم ئۆزىنى چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. تەن جاننى ساقلىسا، روھ جاننى ئىززەتكە، قەدىر - قىممەتكە ئىگە قىلىدۇ. روھى بىخۇد ئادەملەر ھەرقانچە سۆلەتلىك يارالغان بولسىمۇ، يەنىلا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. ئۇلار گەرچە ھەرخىل ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ پۇل تېپىپ بېيىغان بولسىمۇ، پەقەت سەمرىگەن ھايۋان بىلەن ئوخشاش، خالاس.

— ئەگەر سىز بىلەن ئۇچرىشىش نېسىپ بولمىغان بولسا، ئاللىبۇرۇن قايتىپ كەتكەن بولاتتىم. سۆھبەتلىرىڭىزدىن نۇرغۇن نەرسىنى ئۆگىنىۋالدىم. ئىنساننىڭ ئىززىتى شەرم - ھايا، ئەدەپ بىلەن ساقلىنىدۇ، يوللۇق، ھالال ئىقتىساد بىلەن ھۆرمىتى ئاشىدۇ. لېكىن، ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلمىسا يەنە بولمايدۇ. مېھرىبانلىق ھاياتلىقنىڭ ھاياتلىققا سۇنغان شېرىن مېۋىسى.

سادىرىنىڭ كۆڭلى بىر شەپىنى تۇيغاندەك كەينىگە قارىدى. 17 — 18 ياشلاردىكى خۇشپىچىم، بۇغداي ئۆڭ بىر قىز ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ تۇراتتى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، مارىگۈلنىڭ تەقەززالىق بىلەن باققان كۆزلىرى سادىرنى ئۆزى تەرەپكە تارتقانىدى. مارىگۈلنىڭ يۈرىكى گويا چوغنى تەنگە تەگكۈزگەندەك پىژژىدە قىلىپ كەتتى. باغرى سادىرنى تونۇغان بولسا كېرەك، پۈتۈن ۋۇجۇدى ياپراقتەك تىترەپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەيتتى. «كۆڭۈلنىڭ دېرىزىسى» ھېسابلانغان نۇرلۇق كۆزلىرى تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىپلا ياقتۇرغان سىرلىق يىگىتكە چۈشۈشى بىلەن يۇلتۇزدەك چاقناپ كەتتى، يۈزلىرى سانسىز چۈمۈلە ماڭغاندەك چىمىلدىدى، ئارقىدىن كۈچلۈك يال-

قۇنغا دۈچ كەلگەندەك كۆيدى. ئەمەلىيەتتە ئىككى مەڭزى ئوتقاشتەك قىزارغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى ياشلىق گۈلىنىڭ ئېچىلىپ پورەكلىگەن غۇنچىسىنى ئەسلىتەتتى. نازۇك تەندىكى يۇرەكنىڭ يېڭىچە بىر رىتىمدا تەشۋىشلىك سوقۇشى تولغان يۇمران يۈزلەردە ئەكس ئەتكەن ئىدى.

شۇ تاپتا ئۇ گاراڭ بولۇپ قالغان بولۇپ، ماڭسا پۇتلىرى قولاشمايتتى، سىرۇ ھېكمەتكە تولغان كەڭ دالىدا كۆزى ھېچ نەرسىنى كۆرمەيتتى. شۇنداقتىمۇ قەدەملىرىنى ئېگىز - پەس يۆتكەپ كېتىپ باراتتى. تارتىنىشۋاتقان كۆڭلىنىڭ مەيلىچە پات- پەت كەينىگە قاراپ قوياتتى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ تۇنجى سۆيگۈنىڭ ئىشەنچىسىز ئەسىرىگە ئايلانغانىدى.

سادىر پۇرسەت چىقسىلا كىتاب كۆرەتتى. ماڭسا - تۇرسا كىشىلىك مۇناسىۋەت قانۇنىيەتلىرى، تەبىئەت بىلەن ھاياتلىقنىڭ سىرلىق مۇناسىۋەتلىرى، ھايۋانلار بىلەن ئادەملەرنىڭ تۈپ پەرقى، ياشاشتىكى ئوخشاشلىق ۋە ئۆزگىچىلىكلىرى ھەققىدە چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزەتتى. قۇشلارنىڭ پەرۋازىغا ئۇزاق - ئۇزاق تەلمۈرەتتى. روھى بولسا ئۇلارغا ئەگىشىپ ئۇچاتتى. سايرىسا كۆڭلى يايرايتتى، قۇش ھەرقانچە ئېگىز ئۇچسىمۇ داننى يەردىن يەيتتى، بۇ زېمىنىنىڭ ئۇلۇغ ھەم سېخىيلىقى ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، پەقەت يەرلا ھەممىنى ياراتاتتى، سېخىيلىق بىلەن باقاتتى، يەنە ھەممىنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ، تەركىبىگە ئايلاندۇرۇۋېتەتتى. تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۈرلۈك - تۈمەن مەۋجۇداتلار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگەندە، مۇناسىۋەتلىك پەنلەرنىڭ نەزەرىيىسى بويىچە ئىلمىي ئۇقۇمغا ئېرىشىشكە تىرىشاتتى. ۋەھالەنكى، ئارمانغا تولۇق ئەقلىي دەرمان ۋە مەنىۋى كۈچ يوقلۇقىغا ئىچى پۇشاتتى. ئادەملەر ھەققىدىكى ئوي - خىياللىرى چىگىشلەشكەندە دىنغا بولغان قىزىقىشى باش كۆتۈرەتتى، ئىنسانىيەتنىڭ قاچاندىن باشلاپ قايسى زاتنىڭ يېتەكچىلىكىدە تەڭرىنى تونۇشقا باشلىغانلىقى، تەڭرى بىلەن كىشىلەر روھىي دۇنياسىنىڭ مۇناسىۋىتى، تونۇش

جەھەتلەردىكى پەرق، كىشىلەرنىڭ تەڭرىنى ئالداش جەھەتلەردىكى ساختا پائالىيەتلىرى، تەڭرى بىلەن تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھادىسىلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە ئويلىناتتى. قانداق ئادەمنىڭ دۇرۇس، ئاق كۆڭۈل، قانداق ئادەملەرنىڭ پەسكەش، چاكىنا، قارا نىيەت، ئىككى يۈزلىمچى بولىدىغانلىقى، ئۆزىنىڭ قايسى تىپقا مەنسۇپلىقى ھەققىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئادەم ئەقىللىق، بىلىملىك بولسىلا ياخشى ئادەم ھېسابلانمايتتى. چۈنكى، كۆپلىگەن ئادەملەر ئەقلىنى ساختىلىققا، بىلىمنى پەقەت جېنىنى ياخشى بېقىش ئۈچۈنلا ئىشلىتەتتى.

سادىر كىتاب ئوقۇيتتى، ئەسەردىكى مەزمۇنلارنى تۇرمۇشتىكى رېئاللىققا باغلايتتى. دالىنى ئايلىناتتى، كەڭرى كەتكەن ئېتىزلىق تەنھا، ئۆزىگىلا تەئەللۇق باغچىسى، ئۆزى بىلەن ئۆزى سىرداشىشىنىڭ ئوبدان پۇرسەتگاھى ئىدى. تاڭ ئېتىشىغىلا ھەممىدىن بۇرۇن تۇرۇپ كېتەتتى. ئاخشىمى كەچ ياتاتتى، ئۇ بۇگۇنمۇ ئادىتى بويىچە سەھەر تۇرۇپ، كەنت مەركىزىنىڭ ئارقىسىدىكى قوناقلىق تەرەپكە يول ئالدى. تەكشى ئۆسكەن بىر سىرىم قوناقلىق ئاڭنىڭ يانتۇ چۈشكەن جىلۋىسىدە ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى، قوناقلىقنىڭ كۆلىمى 20 موچە بولۇپ، نۇرغۇن مەخپىيەتلىكلەرنى سىڭدۈرۈپ تۇراتتى. بىر-بىرىگە كۆيۈشكەنلەر، ھاۋايى ھەۋەس شەيدالىرى بۇ پىنھاندا ئۇچرىشىپ، سۆيگۈ قىزغىنلىقىنى ئىپادىلەيتتى، كۆڭۈل خۇشى قىلاتتى…

قۇياش ئۇپۇق يېرىپ ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. كەنت مەركىزىنىڭ ھويلىسىدىكى ئېگىز مومىغا بېكىتىلگەن رادىئو كانىيىدىن ياڭرىغان مۇزىكا ئەتراپنى جانلاندۇرۇۋەتتى. بىردەمدىن كېيىن مۇزىكا توختاپ، ماۋجۇشى مەدھىيىلەنگەن بىر ناخشا ېيرىلدى. سادىر ئۆزىنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇغان ھالدا ناخشىنىڭ ئىچىگە كىرىپلا كەتتى. ئۇ ناخشىدىكى مەزمۇن بىلەن مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ ھاياتىي قىسمەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئويغا پاتقانىدى.

ئۇ ئويلايتتىكى، ماۋجۇشىنىڭ ئوبرازى جۇڭگودىكى نەچچە يۈز
مىليون ئادەمنىڭ قانۇنىيەتلىك ھەرىكەتلىرىگە سىڭىشىپ كەتكەندى.
ئىنسان بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ئەقىللىقى، ئەڭ گۈزەل، سىپىما-
سى، نۇرلۇق بەرناسى، تىلى دىلىغا تالىق ئۇلۇغى ئىدى. ئادالەتنى
ياقىلغۇچى يولباشچىلار، زۇلۇمغا قارشى كۈرەشكۈچى مەردانىلەر،
ئەقلى يېتۈك مەنىۋى يېتەكچىلەر، باۋاۋەرلىك يولىنى يورۇتقۇچى
مەشئەللەر، ئاجىز- مىسكىنلەرگە بارلىقىنى ئاتىغان ئوت يۈرەكلەر
تەڭرىنىڭ ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى بۈيۈك بەندىلىرى ھېسابلىناتتى.

سادىرنىڭ ئەقلى يەنىمۇ نۇرلىنىپ، دىل قەسرى ۋاللىدە يورۇ-
دى، داھىيلارنىڭ سىياسىي تەشەببۇسلىرى، دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ
غايىسى روھىي دۇنياسىدا ئايدىڭلاشقاندەك بولدى. كۆرۈش ھۇزۇرى
بىلەن چۈشىنىش ھۇزۇرى ئۇنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى چاقناتماقتا
ئىدى. ئۇ داۋاملىق كۆزىتىش ئارقىلىق تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر-
خىل رەڭلەرگە تويۇنغان تەبىئىي سۈرەتلەردىن ھۇزۇرلانسا، تونۇش،
چۈشىنىش، بىلىش ھۇزۇرىدىن كۆڭلى روشەنلىشىپ جانلىنىپ كې-
تەتتى. ئۇنىڭ خىيالى يىراق جايلاردا سەيلە قىلاتتى، ھالبۇكى نامى-
نى ئاڭلىغان بولسىمۇ ئۆزى بارمىغان يەرلەرگە بارالمىغانلىقىدىن
ئۆكۈنۈپ، كۆرۈش، چۈشىنىش ئىشتىياقىدا بولاتتى. ئۆزىنى ۋە
ئۆزى تۇرۇۋاتقان مۇھىتنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغانىدى. ئۇ ھېچ نەرسىنى
تۈيمىغۇدەك دەرىجىدە ساماۋى ئويلارغا پاتقىنى بىلەن، لېكىن قاناتلىق
بىر روھ، ئۆزىنى بېغىشلىغان بىر جان، سەۋر چەككە يەتكەن بىر
تەشنا قەلب، سۆيگۈدىن پۈتكەن ئەسەبىي يالقۇنلۇق ئىشتىياق ئىگىسى
ئۇنىڭغا يوشۇرۇن كۆيۈۋاتاتتى. ئۇ مارىگۈل بولۇپ، بارلىقى سادىرغا
بېغىشلانغانىدى. ئۇ ئۆرتىنىۋاتقان قەلبىگە تەسكىن ئىزدەپ، ئۆزىنى
تۇتۇۋالماقچى بولغاندەك ئېغىر تىندى. سادىر ھەممىدىن بىخەۋەر
سالماق قەدەم بىلەن، ئاستا - ئاستا ئۇنىڭغا يېقىنلاشماقتا ئىدى.
مارىگۈلنى ئىختىيارسىز تىترەك باستى، ۋۇجۇدىنى ھاياجان ئىگىلى-
دى. لېكىن، ئۇ ئىرادىلىك، قەيسەر، بۇ تۇپراقنىڭ يۇلغۇنلىرىدەك

مەردانە ئىدى. سادىر ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىپ، ئۇنىڭغا قارىماي ئۆتۈپ كەتتى. مارىگۇل سادىرنى ئۆزى تەرەپكە قارىتىشنى ئويلىدى بولغاي، قىردىكى ساپسېرىق ئېچىلغان ئاپتاپپەرەسنى ئاستا لىڭشى-تىپ قويدى. ئەمما، سادىر بۇنى تۇيمىدى. مارىگۇل ئاپتاپپەرەسنى قاتتىقراق سىلكىگەنىدى، سادىر كەينىگە قاراپ، ناتونۇش بىر قىزنى ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان ھالەتتە كۆردى. قىز ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئېڭىكىدىن چىگىۋالغان، سېرىق ھېلىلە ياغلىقى ئۇنى قۇياشقا بېقىپ ئېچىلغان ئاپتاپپەرەسكىلا ئوخشىتىپ قويغانىدى. سادىر ئۆزىنى ئۇ قىز بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق-تەك سېزىپ، مېڭىشقا تەمشەلدى. مارىگۇل ئۇنى ھاڭ - تاڭ قالدۇ-رۇپ ئېغىز ئاچتى:

— نېمىشقا بىكاردىن - بىكارغا چۆرگىلەپ يۈرىسىز؟ بىز سىز-دەك بىكارچى كادىرنى كۆرمىگەن.

— ئىچ پۇشۇقۇمغا تەسەللى تېپىپ، گۈزەللىكتىن بەھرە ئېلىۋا-تىمەن.

— بۇ يۇرتنىڭ نەرى گۈزەل؟ نەگە قارىسىڭىز شورلۇق، ھەممە يەر يانتاق، بېسلغاق بىلەن قاپلانغان تۇرسا.

— گۈزەللىكى كۆپ، لېكىن ئۇنى كۆرگەنلا ئادەم ھېس قىلال-مايدۇ.

— سىز ھېس قىلغان بولسىڭىز، قېنى ئېيتىڭە، زادى نېمىسى گۈزەل؟

—قولىڭىزدىكىمۇ بىر گۈل، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە خاس پۇرىقى، رەڭگى بار.

مارىگۇل قولىدىكى بىر تۇتام يۈگىمەچكە قاراپ قويۇپ ئاغزىنى پۇرۇشتۇرگىنىچە ئېيتتى:

— بۇنى بىز مالغا بېرىمىز.

— مەيلى نېمە قىلماڭ، ئۇمۇ تەبىئەتنىڭ بىر زىننىتى، بىلەل-سىڭىز تەبىئەت ھەممە يەردە رەڭگارەڭ، ھەرخىل مەزمۇندىكى گۈزەل

كۆرۈنۈشلەرنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.

— مەنمۇ ئۇنچىۋالا دۆت ئەمەس، — مارىگۇل سادىرغا جىلمىيىپ قارىدى، — مەن سىزنىڭ تەرىپىڭىزنى كۆپ ئاڭلىغان.

— قانداق تەرىپىمنى؟

— خەقلەرنىڭ ماختاشلىرىنى.

— مەن باشقىلارغا ياخشىلىق قىلالىشىمۇ يامانلىق قىلمايمەن، ئادەممۇ تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىگە مەنسۇپ بولغان ئالاھىدە، بىر قىسمى، لېكىن ئۇنىڭ روھى، سۆز- ھەرىكىتى گۈزەل بولمىسا ئەڭ قاباھەتلىك بىر مەخلۇق. پەقەت قەلبى گۈزەل بولغاندىلا ئەتراپىدىكى گۈزەللىكلەرنى بايقاپ، ئىنسانىي مۇھەببەتنى ئۇنىڭغا بېغىشلاپ، كىشىلىك تۇرمۇشىدىن مەنە تاپالايدۇ.

سادىر بۇ ساددا قىز بىلەن ئىچكىرىلەپ پاراڭلىشىشنى مۇۋاپىق كۆرمىگەندەك خوشلىشىپ يۈرۈپ كەتتى. مارىگۇل نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئۇ سادىرنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك گەپلىرىگە دەماللىققا ئىنكاس قايتۇرالمىغىنىغا ئۆكۈنۈپ، ئېغىر ئۇھ تارتتى. توغرىسىنى ئېيتقاندا ئۇ مۇھەببەتنىڭ تورىغا چۈشۈپ قالغانىدى. كۆڭلىنىڭ نازۇك بىر يەرلىرىدە بىخلاپ، كۈندىن - كۈنگە ئۇلغىيىۋاتقان ھېسسىياتىنى ئاشكارىلاش قىزغىنلىقىدا غەيرەتكە كەلگەن بولسىمۇ، سادىرنىڭ پەرۋاسىز كېتىپ قېلىشى بىلەن ئىچىگە تىنىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ سادىر توغرىسىدىكى تەرىپلەرنى ۋاستىلىك ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئىچ - ئىچىدىن قايىل بولغانىدى. مانا ئەمدى تۇرقىغا ماس كەلگەن رەڭگىروىي، يېقىملىق ئاۋازى، گەپ - سۆزلىرىنىڭ ئورۇنلۇقلۇقى پۇتۇنلەي ئۇنى ئەسىر قىلىۋالدى.

مارىگۇل بۇرۇنقىغا ئوخشىماي قېلىۋاتاتتى. ئۇ ئادەتتە ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپلا مەكتەپكە ماڭاتتى، كەچتە ئۆيگە كېلىپلا ھېچنېمىگە قارىماي تاپشۇرۇق ئىشلەيتتى. ئەمدىلىكتە مەكتەپ، ئوقۇش خىيالىغىمۇ كىرمەي، ئەتىگەن - كەچتە ئوتقا چىقىدىغان بولۇۋالدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ مەقسىتى ئوت ئېلىش ئەمەس، بەلكى سادىر بىلەن

ئۆچرىشىپ، قەلبىدە يانغان سۆيگۈ ئوتىنى بىلدۈرۈش ئىدى.

سادىر ئادىتى بويىچە كۈندە دېگۈدەك ئېتىز قىرلىرىنى ئايلىنىپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشەتتى. لېكىن، بارىدىغان مەنزىلى ئۆزگىرىپ تۇراتتى. بۈگۈنى بارغان يەرگە ئەتىسى بارمايتتى. ماردگۈل ئۆچرىشىپ قېلىش ئىستىكىدە قىزغىن ئىشتىياق بىلەن ئوتقا چىقىپ، مەقسەتكە يېتەلمەي ئۈمىدسىزلىنىپ قايتىپ كېلەتتى. بىر ئىشلارنى باھانە قىلىپ، كەنت مەركىزى تەرەپكە كۈندە نەچچە قېتىم بارسىمۇ، ئارزۇسى كۆپۈككە ئايلىناتتى. سادىر تەبىئەتكە ئاشىق ئىدى. ئۇنىڭچە، تەبىئەت گۈزەللىكىنىڭ ھۆزۈرىغا ھېچنېمە يەتمەيتتى؛ كۆرۈش ھۆزۈرى بىلەن بىلىش ھۆزۈرى يېيىش-ئىچىش ھۆزۈرىدىن ئۈستۈن تۇراتتى. پەقەت قورساقنىلا تويدۇرۇپ، جان ساقلاشنىلا مەقسەت قىلغان ھاياتلىق بۇخىل مەنىۋى لەززەتنى ھېس قىلالمايتتى. سادىر ھەر خىل مەزمۇندا چوڭقۇرلاپ پىكىر يۈرگۈزەتتى، كۆزىتەتتى. تەبىئەت ئۇنىڭ ئەجرىگە يارىشا قانائەتلەنگۈدەك مەنتىقىلىق جاۋابلارنى ئاتا قىلاتتى. ئېرىشكەن بۇخىل جاۋابلارنىڭ ھۆزۈرى ئالەمچە شادلىق بېغىشلايتتى، ئۆزى بىلەن ئۆزى كۈلەتتى، ئۇ ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشەتتى، ئۇنىڭ شادىيانە، مەغرۇر كۈلكىسىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم ئاڭلىمايتتى. پەقەت كۆك يانتاق ئاستىنى ماكان تۇتقان تورغايلارنىڭ ئۈركۈپ چۇۋ-چۇۋلىغىنىچە كۆككە كۆتۈرۈلۈشى ئۇنى مەھلىيا قىلاتتى. ئۇ گاھىدا ئىختىيارسىز شېئىر ئوقۇپ كېتەتتى. بۇ ئاساسەن ئۆزى يازغان شېئىرلار بولۇپ، مارىيەگىلا بېغىشلانغانىدى. خىيالىغا مارىيە كەلسىلا ئۆزىچە ھاياجانلىنىپ ناخشا ياكى شېئىر ئوقۇيتتى.

سادىر تاتلىق ئارمانلارغا بۆلىنىپ، سالماق قەدەم بىلەن كېتىۋاتاتتى. سۆيگۈ ئوتى تۇتاشقان بىر يۈرەك ئۇنىڭ كېلىشىنى زارىقىپ كۈتۈپ، تەشۋىشلىك سوقماقتا ئىدى. ئەمما، تەشنالىقنىڭ چېكىگە يەتكەنلىكىنى سادىر بىلمەيتتى. سادىر قىر بويلاپ ئۆسۈپ گويا سەبدەر گۈلدەك تەكشى ئېچىلغان ئاپتاپپەرەسلەردىن كۆز ئۈزمەي، بىر-

نەچچە كۈن ئاۋۋال يازغان بىر شېئىرىنى ئۈنلۈك ئوقۇدى. ئۇ ئۆزى-
نىڭ شېئىرلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى باشقا شائىرلارنىڭمۇ نۇرغۇن
شېئىرلىرىنى يادقا ئوقۇيالايتتى.

يارىم قۇياش، مەن گويا بىر ئاپتاپپەرەس،
قايسى قىسمەت ماڭا سالدى شۇنداق ھەۋەس؟

— توختىماي ئوقۇڭ!
سادىر چۆچۈپ قاراپ، يېنىدىلا مارىگۈلنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆر-
دى. قىز چوغدەك قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، لەۋلىرى تىترەۋاتاتتى.
— بەك قورقۇتۇۋەتتىڭىز جۇمۇ! بۇنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپ-
تىكەنمەن.
— شۇنچىلىك يۇرەك بىلەن شېئىر ئوقۇمىسىز تېخى؟ شېئىر
دېگەننى ئوت يۇرەك ئادەملەر توقۇيدۇ. قورقماس ئوغلانلار ئوقۇيدۇ.
— دەرۋەقە شېئىر مەردىمەيدانلارنىڭ جەڭ دۇمبىقى. شېئىر
بىلەن ئىنسانىيەت بىر- بىرىگە سىڭىشىپ كەتكەن بولىدۇ. بىر ياخشى
شېئىر بارلىقىنى خەلق ئىشلىرىغا ئاتىغان قەھرىمانغا ئوخشايدۇ.
قەيسەر، جاسارەتلىك، ھەققانىي ئادەممۇ كىشى قەلبىنى ھاياجانغا
سالغان ياخشى شېئىرغا ئوخشاش ئەل ئاغزىدىن چۈشمەيدۇ.
— ھېس قىلىشىمچە، شېئىر دېگەن ئەڭ تاتلىق ھەم ئاچچىق
گەپكەن. ئۇنى توقۇش كۆرگەنلا ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدىكەن.
مەن شېئىرنى چوڭقۇر چۈشىنىپ كەتمىسەممۇ، لېكىن ياخشى كۆرى-
مەن. سىز داۋاملىق شېئىر ئوقۇيدىكەنسىز. شېئىرنىلا ئوقۇۋەر-
مەي، ئابدۇلھېمىت غەزەل بىلەن جۇماخۇندەك ناخشا ئوقۇسىڭىز
يۇرىكىڭىز سەگىيدۇ، باشقىلارنىڭمۇ يۇرىكىگە تېگىدۇ، ناخشىڭىز
خەققە يارىسا كەڭ تارقايدۇ، نامىڭىز چىقىدۇ، ئۆلگەندىمۇ ئەل ياد
ئېتىدۇ.
— جۇماخۇن، ئابدۇلھېمىت غەزەل دېگەنلەر كىملەر ئۇ؟

— «روزىلەم» بىلەن «خالىدەم» نى بىلمەيدىغان ئۇيغۇر بولمىسا كېرەك، ئاشۇ ناخشىلارنىڭ ئىجادچىلىرى، ئوت يۈرەك ئاشىقلار، مۇھەببەتنىڭ پىداكار جەڭچىلىرى.

سادىر مارىگۇلگە زوقلانغاندەك قارىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە مارىگۇل بىر بالا ئىدى. شۇڭا، ئەستايىدىللىق بىلەن ئېيتتى:

— ھەقىقىي مۇھەببەت مەڭگۈلۈك، يارقىن ئابىدە تىكلىيەلەي-دۇ. مانا بۇ مەڭگۈلۈك مۇھەببەتنىڭ ئەبەدىيلىك كۈيى، لېكىن بۇنداق جاسارەتلىك، ئالىيجاناب مۇھەببەت ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ.

— قانداق ئادەملەردە مەڭگۈلۈك مۇھەببەت بولىدۇ؟

مارىگۇل بالا قۇشتەك ساددا ۋە ئوماقلىق بىلەن سادىرغا تەلمۈر-دى.

— روھى ئۈستۈن، ئىززىتىنى ساقلاشنى بىلىدىغان، تۇرمۇش-نىڭ ئېغىر سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، جاپا - مۇشەققەت ئالدىدا باش ئەگمەيدىغان، باشقىلارغا بېقىنماي، مۇستەقىل ياشاشنى بىلىدىغان ئادەملەردە بولۇشى مۇمكىن. قەلبى پاك بولمىغان ئادەمدە چىن مۇھەببەتنىڭ ئۇچقۇندىسىمۇ بولمايدۇ. يات جىنسقا ئىنتىلىدى-غان ۋاقىتلىق قىزغىنلىق ئادەمدىمۇ، ھايۋاندىمۇ ئوخشاش بولىدۇ.

مارىگۇل ئۆزىنى دەڭسەپ، قانداق يىگىتكە مۇناسىپ كېلىدىغان-لىقىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك بىردەم سۈكۈت قىلىپ، ئاندىن سورىدى:

— قەلب، كۆڭۈل، يۈرەك دېگەنلەرنى كۆرگىلى بولسا ئادەملەر-نى چۈشەنمەك تەسكە چۈشمەيتتى. كۆز كۆڭۈلنىڭ ئەينىكى دېگەنىدى-لەن، كۆزگە قارايدىغان ئادەم بولمىسا قانداق قىلغۇلۇق؟

سادىرنىڭ يۈزى لاپپىدە قىزاردى، ئۇ مارىگۇلنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەنىدى. مارىگۇل بولسا ئۈمىد، ئىشەنچكە تولغان ھالدا سادىر-غا تەلمۈرۈپ تۇراتتى. سادىر ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ، چۈشەن-دۈرۈش نىيىتىگە كەلدى. ئۇنىڭ غۇرۇرى ئاددىي بىر سەھرا قىز-

نىڭ سۆيگۈ تورىغا ئىلىنىپ قالماسلىقنى جېكىلىمەكتە ئىدى.

— ھەرقانداق ئادەم تۇرمۇشتىكى موھتاجلىقنىڭ، ھەرخىل مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ، بەزىلەر تىرىشىپ ھەر جەھەتتىن يۈكسىلىدۇ. بەزىلەر بەزىلەرنىڭ پەسكەشلىك تورىغا ئىلىنىپ قېلىپ، چىرىكلىشىپ چۈشكۈنلىشىدۇ. قەلبىنى، كۆڭۈلنى، يۈرەكنى كۆرگىلى بولمىغان بىلەن، ئەمەلىيەت يۈرەكنىڭ ئاق - قارىلىقىنى، كۆڭۈلنىڭ تۈز - ئەگرىلىكىنى ئاشكارىلاپ تۇرىدۇ. كۆز ئادەمنىڭ شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. لېكىن، كۆزگە قاراپلا ئادەمنىڭ ھاياتلىق، تۇرمۇش، كىشىلىك مۇناسىۋەت مەنتىقىسىنى تولۇق چۈشىنىش مۇمكىن بولمىسا كېرەك. شۇنىسى ئېنىقكى، كۆز — بىر جاننىڭ، بىر ھاياتلىقنىڭ چىرىغى، تەبىئەت دۇنياسى بىلەن روھنى ئۇچراشتۇرۇشنىڭ بىردىنبىر نۇرلۇق يولى.

— مېنىڭچە، كۆز ئادەمنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشىدىغان ئەڭ مۇھىم ئەزا، كىشىنىڭ كۆزىلا نۇرلۇق، چىرايلىق بولسا، جەلپكار كۆرۈنىدىكەن.

مارىگۈل سادىرنىڭ خۇمارلىق كۆزلىرىگە لاپپىدە قارىدى. سادىر مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. مارىگۈلنىڭ سادىرغا بولغان مايىللىقى ئىچ-ئىچىدىن ئۆرلەپ، تېشىش باسقۇچىغا يەتكەنىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى تىترەيتتى. روھى سادىرغا بولغان تەلپۈنۈش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشكە تىرىشىسمۇ، بۇنىڭ چارىسىنى تاپالمايۋاتاتتى. سان - ساناقسىز مەخلۇقاتنى ياشاش شارائىتى بىلەن تەمىن ئەتكەن كەڭ دالا ئۇنىڭ سەۋدايىلىق ئوتى كۆيگەن بېشىدا چۆرگىلەيتتى. ئالەم تىكىلىپ قارىغۇسىز دەرىجىدە نۇرلۇق ھەم قىزىق ئىدى، ئۇنىڭ ھېسسىيات نىشانى ئاشۇ نۇرلۇق ھەم قىزىق ئالەم قوينىدا چاقماقتەك ياناتتى. يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى ئەينەكتىن قايتقان قۇياش نۇرىدەك كۆزنى چاقاتتى. سادىر بۇ سەھرا قىزىنىڭ شۇ قەدەر ھېسسىياتقا باي، ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ «چاپاننىڭ

ئىچىدە ئادەم بار» دېگەن خەلق ھېكمىتىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆز يولىغا مېڭىشقا تەمشىلىۋاتقاندا، مارىگۇل توۋلىدى:

— سادىر!

سادىر مارىگۇلنىڭ قەلبىدە كېچە - كۈندۈز تەكرار ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ئوتلۇق بىر ناخشا ئىدى. بۇ ئىسىم — بۇ ناخشا ئىختىيارسىز جاراڭلىغانىدى. سادىر قەدەم يۆتكەشتىن توختاپ كەينىگە قارىدى. ئۆزىدىن ھەم كىچىك، ھەم ساددا، پەقەت ئېدەپ يۈزىسىدىن ئەھۋاللاشقان بۇ قىزنىڭ تۈلۈمدىن توقماق چىققاندەك تەرەپباللا ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرىشى سەل ھۆرمەتسىزلىكتەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدا بىرخىل بۇيرۇق، ئۆزىگە ئىشىنىش، قەتئىيلىك تۇسى كۈچلۈك ئىدى.

— سادىر، — بوشراق تەكرارلىدى ئۇ يەنە.

مارىگۇلنىڭ كۆزلىرىدىن چاقنىغان ئۆتكۈر بىر نۇر سادىرنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچراشتى. مارىگۇلنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەن سادىرنىڭ قەلب كۆلىگە يېڭىدىن بىر سۆيگۈ تېشى چۈشۈپ، يېنىككىنە بىر دولقۇن پەيدا قىلماقتا ئىدى. ۋۇجۇدىنى تەشۋىش ئىگىلەپ نېمە قىلىشىنى بىلمەيۋاتاتتى. سۆيگۈ قورقۇنچلۇق لەززەت، تەشۋىشلىك ئۈمىد، ئارامسىز بەخت ئىدى.

سادىر يېڭى سۆيگۈنىڭ تەشۋىشلىرىدىن بىئارام بولۇش باسقۇچىغا قەدەم قويۇشتىن بۇرۇن، ئۆزىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان، يەنە كېلىپ ئاخىرى چوقۇم نەتىجىسىز خۇلاسىلىنىدىغان ئۆتكۈنچى ئىشلار ئۈچۈن ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئاياشنى ئويلىدى. شۇنداقتىمۇ ھاۋانىڭ بارلىق جانلىقلار ھۇزۇرلانغۇدەك ساپ، سالقىن بولۇشىغا قارىماي نېمىشقىدۇر پۇتلىرى كۆيۈشكە، بېشى قېيىشقا، يۈرىكى رىتىمسىز سوقۇشقا باشلىدى. ئۇ بىردىنلا مارىگۇلدىكى ئارامسىزلىقنىڭ بىر قىسمى ئۆز ۋۇجۇدىغا كۆچكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئەخلاق قارىشىچە، ئادەم ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلىشى كېرەك ئىدى. خەلق نامرات، شەرت - شارائىت ناچار مۇشۇ پەيتتە كىشىلىك سۈپىتىگە مۇناسىپ

كەلمەيدىغان گەپ - سۆزلەرنىڭ تارقىلىپ يۇرۇشى قاتتىق ئەلەم ئېلىپ كېلەتتى. چۈنكى، يۈز بەرگەن ئىش ئاشكارە بولماي قالمايتتى. ئۇ تېڭىرقاپ تۇرغاندا، مارىگۈل ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزدى، ئۇ خېلىلا يېنىكلەپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى:

— ئەيىبكە بۇيرۇماڭ، نېمىشقىكىن سىزنى كۆرگۈم كېلىدىغان، سىزنىلا ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. سىزنى كۆرۈش ئىستىكىدە بۇ يەرگە قانچە قېتىم كەلگەنلىكىمنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن. ئۆتۈنۈپ قالاي، يەنە بىردەم كەتمەڭ...

سادىر بەدىنىنىڭ قەيىرىگىدۇر ئوق تەگكەندەك تولغىنىپ كەتتى. بۇ ئىشنى باشقىلار ئاڭلاپ قالسا، سەھرالىق بىر قىز بىلەن مۇھەببەتلىشىپ تۇرغانلىقىنى بىرسى كۆرسە، قانداق قىلىپمۇ چۈشەندۈرگىلى بولمايتتى. گەرچە مۇھەببەتلىشىش نومۇسلۇق ئىش بولمىسىمۇ، گەپ - سۆزلەرنىڭ شاخ - پۇتاق چىقىرىپ قۇلاقتىن قۇلاققا يېتىشى ئادەمنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزەتتى. جامائەت ئۇنداق ئادەمنى چاكىنا، شاللاق، پەس، ئەخلاقسىزلىقتا ئەيىبلەيتتى.

ئىككى تەن، ئىككى جان (روھ) تىكى نىشان، مەقسەت باشقا باشقا ئىدى. مارىگۈل ئىنتىلەتتى، يالقۇنغا ئۆزىنى ئېتىشقا تەييار ئىدى. ئۇ ساددا ۋە پاك قىز بولۇپ، ياشلىقتىكى ھېسسىياتنىڭ ئاڭلىق ئەسىرىگە ئايلانغانىدى. ئۇنىڭ روھىي قۇشى سادىرنىڭ كۆڭۈل بېغىغا ئۇۋا ياساشنى ئىستەيتتى، بوۋاق ئانىغا تەلپۈنگەندەك تەلپۈنەتتى. سادىرنىڭ ئىختىيار- رايى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىنىڭ تەلەپ، ھەرىكەتلىرىنى تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى دەپ تونۇيتتى. سادىر ئەستايىدىللىق بىلەن ئېيتتى:

— سىز بىر ئوقۇغۇچى، يەنە كېلىپ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى. كەلگۈسى ئىستىقبالىڭىز پەقەت ئوقۇشتىلا، مۇھەببەتكە تەمكىنرەك بولغان ياخشى. ئادەم جىسمانىي جەھەتتىن بالاغەتكە يەتكەندە ھەرخىل ئوي - خىياللاردا بولىدۇ. بۇ بىر خىل ئۆتكۈنچى ھېسسىيات، سىز چوقۇم تىرىشىپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشىڭىز كېرەك. شۇ

چاغدىلا تۇرمۇشنى، ھاياتنى، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى، ئەر- ئاياللىق مۇناسىۋەتنىڭ قانداق ئاساستا بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى، مۇھەببەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىسىز. ھازىر سىز تېخى كىچىك، نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىپ ئۈلگۈرەلمەيسىز. ئادەم نادانلىقتا قىلغان ئىشلىرىغا كېيىن پۇشايمان قىلماي قالمايدۇ، سىز نادانلىق قىلماڭ، بۈگۈنكى نادانلىق ئەتىلا نۇرغۇن كۆڭۈلسىز پۇشايمانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ. بىلسىڭىز، بۇ شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى، ئۆز بەختىڭىزنىڭ ئۆز ئىختىيارىڭىز بىلەن نابۇت بولۇشى. شۇتاپتىكى قىزغىنلىقىڭىزدا سىزگە ماسلاشمىسام مېنى يامان كۆرىسىز، ئەمەلدە يەتتە بۇ ھەر ئىككىمىز بىر- بىرىمىزگە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

— ئەمدى بۇنداق گەپلەر قۇلىقىمغا كىرمەيدۇ، سىز بىلەن بىرگە بولسام، بېشىمغا نېمە كۇن كەلسە مەن شۇنىڭغا رازى.

— يەنە ئېيتسام، بۇ بىرخىل ئۆتكۈنچى ھېسسىيات، ئۇكام، ياشلىقتىكى بەخۇشلىق، ھەرقانداق ئىشنى چوڭقۇر ئويلىنىپ قىلغان تۈزۈك، مەن بىرنەچچە ئايدىن كېيىن، بۇ يەردىن كېتىمەن. سىزمۇ مېنى قوغلاپ يېتەلمەيسىز. مېنىڭ نىشانىم پۇرسەت تېپىپ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇش.

— مەن كۆپ ئويلاندىم. بېشىمغا نېمە كەلسە تارتىشقا رازى مەن.

— سىڭلىم، گېپىمگە كىرىپ ئۈمىدۋار بولۇڭ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇسىڭىز، كەلگۈسىڭىز ئاجايىپ گۈزەل بولىدۇ، ئۆمۈر دەپتىرىڭىز يارقىن مەنىلەرگە تولىدۇ. بارلىق ئارزۇ- ئارمانىڭىزغا يېتەلەيسىز. بەخت- ئىقبال كۈلۈپ قۇچاق ئاچىدۇ. ھەۋەس- ئىشتىياقلار سىزنى ئالدىيالمايدۇ، بەلكى ھەممە ئىشلىرىڭىزنى ئۆز خاھىشىڭىز بويىچە بىر تەرەپ قىلالايسىز.

— بولدى، بولدى! ئاڭلىغۇم يوق!

مارىگۈل ھەممىنى ئۇنتۇپ، سادىرنىڭ بويىنىغا ئېسىلدى. شۇ

تاپتا ئۇ نورمال ئادەملەرگە ئوخشىماي قالغانىدى. سادىر ئىككىلە-
نىپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەيۋاتاتتى. كۆزنى يۇمۇپ -ئاچقۇچە ئارد-
لىقتا كۆڭلىنى ئۆتكۈنچى قارىلىق ئىگىلەپ، قىز- ئوغۇللار ئوتتۇرد-
سىدىكى نازۇك ھەم قوپال مۇناسىۋەتلەرنى ئۆتكۈزۈش قىزغىنلىقى
بىلەن مارىگۇلنىڭ يۈزلىرىنى ئالىقىنىغا ئالدى. مارىگۇل بارلىق
ئىختىيارىنى سادىرغا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈردى. نەم-
خۇش كۆزلەر سادىرنىڭ جەلپكار كۆزلىرىگە ئەلەم، تەشۋىشلىرىنى
ئېيتماقچىدەك بىچارىلەرچە مۆلدۈرلەيتتى. سادىر كۈچلۈك قوللىرى
بىلەن مارىگۇلنى باغرىغا تارتتى. ئۇ كۈندۈزى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ
سىپايە يۈرگەن بىلەن، ياشلىق ھەۋىسى ئۇرغىغان ئۇيقۇسىز كېچىلەر-
دە شېرىن ئوي - خىياللاردا بولاتتى. بولۇپمۇ ھېلىقى چاغدا بېلىقىز
بىلەن كۆڭۈل خۇشى قىلمىغىنىغا نەچچە قېتىم ئۆكۈنگەن ئىدى.
ئىنسان تەبىئىتى بويىچە، شۇ تاپتا ئۇنىڭمۇ ئۆزىنى سىناپ باققۇسى
كەلدى. مارىگۇل ئۇنىڭ باغرىنى يېرىپ، ئىچىگە كىرىپ كەتكۈدەك
تەشنالىقتا چاپلىشقىلىق ئىدى. ئىككى يۈرەك بىر- بىرىگە ئاڭلانغۇ-
دەك سوقاتتى، كىچىككىنە تەن تۇنجى قېتىم ھاياتلىقنىڭ ئەڭ ئالىي
مەنىۋى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندەك سادىرنىڭ ۋۇجۇد بۆشۈكىگە بۆلەنگە-
نىدى. يات جىنس ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولغان بىر جۈپ ئالمىدەك
يۇمران كۆكسى قاتتىق بېسىلىشتىن ئېزىلىپ تىل بىلەن ئىپادىلىگۈ-
سىز تاتلىق بىر سېزىمنى پۈتۈن بەدىنىگە تاراتتى. ياشلىقنىڭ ئۆزىنى
ئاشكارىلاش ۋە ئۇنىڭدىن بەھرە ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ئىككى
جان تەشۋىشلىك دەملەرنىڭ لەززەتلىك دېڭىزىغا غەرق بولغانىدى.
سادىرنىڭ پۈتلىرى تىترەپ نەپىسى تېزلەشتى. بۇ تىترەك بارا- بارا
بەدىنىنىڭ يۇقىرىسىغا ئۆرلەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۈلگۈردى.
ھاياجانلىق تىترەك ئۇنى ئېھتىياتچان بولۇشقا ئۈندەۋاتقاندەك تىنىقى
قىسىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزى بىر نەرسىنى كۆرەلمىگەن بىلەن،
روھى ئويغىنىپ يامان يولدىن ئاگاھلاندۇرۇۋاتاتتى. قىزنىڭ كىملى-
كى ئېنىق بولمىغان ئۆمۈرلۈك لايىقى ئۇنىڭغا نېرىدىن قاراۋاتقاندەك

تۆيۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ نىكاھتا ئارزۇ قىلىدىغىنى سەمىمىيلىك ئاسا-
سىدىكى پاك ئائىلە قۇرۇش ئىدى. نەزىرىدىكى پاكلىق ھەرقانداق بىر
ئەركىشىگە جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن يېقىنلاشمىغان ئاق كۆ-
ڭۈل، روھىي ئويغاق، گۈزەل، ئالىيجاناب قىز بولۇپ، ئۇ شۇنداق
مەھبۇبنى ئىزدەۋاتاتتى، نامەلۇم بىرسىنىڭ لايىقىغا ناپاكلىق شالىنى
چېچىش گۇناھ ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭغا ناھايىتى ئېنىق ئىدىكى، مارد-
ىگۈلنى ئەمرىگە ئالالمايتتى. ئەمما، بەڭۋاش كۆڭۈل تۇلپارىغا تىز-
گىن سالالماي سادا بىر قىزنىڭ ئىپپىتىنى بۇلغىسا، مەسئۇلىيەتتىن
قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۆزىنىڭ
لايىقىنى بىرسى بۇلغىسا تاقەت قىلىپ تۇرالامدۇ؟ ئۇنىڭ كاللىسىدا
چاقماق چاققاندەك دەھشەتلىك بىر سادا ئەكس ئەتتى. «ياق! — دەپ
خىتاب قىلدى ئۇ ئۆز- ئۆزىگە، — خۇدا سەگەك بەندىسىگە بۇخىل
پاسىقلىقنى نېسىپ قىلمىسۇن!» شەيتان بولسا ئۇنى ۋەسۋەسىگە
سېلىپ، كۆڭلىنىڭ قەيرىگىدۇر يوشۇرۇنغان پاسىقلىق گۇناھقا ئۈن-
دەيتتى. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، ئوغۇل بالا كۆڭۈل رايى بويىچە نېمە
ئىشلارنى قىلىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ پاكلىقى ساقلىنىپ قېلىۋې-
رىدۇ، مەڭگۈلۈك ئىنتىلىش مەڭگۈلۈك پاكلىقنىڭ نەتىجىسى.

ياق! سادىر ئۇنداق قارىمايتتى. ئۇنىڭ ئەخلاق كۆزقارىشى بۇن-
داق نائەھلىلىككە يول قويماي، ئاقىلانە جاۋاب قايتۇراتتى: «ئۇنداق
ئەمەس. دۇرۇس، ھەققانىي، ئىمانى كامىل ئادەملەر كۆڭلى تارت-
قان، شارائىت بىلەن توغرا كېلىپ قالغان، ئۆزىگە مۇناسىپ بولمى-
غان ناتوغرا ئىشلارنى قىلىشۋەرمەيدۇ. كۆڭۈلگە باشچىلىق قىلىدىغىنى
شەيتان، ئەقىلنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغىنى بىلىم، تەجرىبە، غۇ-
رۇر، ۋىجداننى پاك ساقلايدىغىنى پەرىشتە بولۇپ، شەيتان بىلەن
پەرىشتە ئىنسانلارنىڭ روھىي دۇنياسى تالىشىۋاتقان ياخشى- يامانلىق-
لارنىڭ بېشارەتلىرىدۇر، ھەرقانداق ئىشنى ئەقىل بىلەن قىلىپ،
ھەرقانداق شارائىتتا ۋىجدان بىلەن ياشىغان تۈزۈك...»

سادىر ئەقىلنىڭ بېشارىتى، ۋىجداننىڭ ئىدارە قىلىشى، روھىغا

سىڭگەن ئۆز- ئۆزىنى تەربىيىلەش ئىخلاسىنىڭ تۈرتكىسىدە، مارىگۈلدىن يىراقلاشتى، ئۆزىگە ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن ئىنتىلىۋاتقان روھى قۇشتەك پاك، تال چىۋىقتەك نازۇك ۋە گۈزەل بىر قىزدىن ئەمەس، بەلكى ۋۇجۇدىنى شامدەك ئېرىتكەن مۇھەببەت ئوتىدىن، ئۆزىگە ھالاللىق بىلەن مۇناسىپ بولمىسىمۇ، ئىگىلىۋېلىش ۋە خالىغانچە بەھرە ئېلىش مۇمكىنچىلىكى بولغان ھارام بايلىقتىن قول ئۈزۈپ، ئېغىر گۇناھقا ياتىدىغان بىر ئىشتىن خالاس بولغاندەك ھېسسىياتتا ئۇلۇغ - كىچىك تىندى. مارىگۈل ئەتراپقا تەشۋىشلىك نەزەردە قارىدى. ئۇ كۆڭلىدە، بىرسى كېلىپ قالدى دەپ پەرەز قىلغانىدى.

سادىر كەينىگە داجىپ، تىترەڭگۈ تەلەپپۇزدا ئەستايىدىللىق بىلەن دېدى:

— سىز چۈشەنمەيسىز، مېنىڭ بىلىدىغانلىرىمۇ چاغلىق، ئىنسان ئۈچۈن بىلىشتىن كاتتا ھۇزۇر- لەززەت يوق. سىز ئوقۇشىڭىزنى خاتىرجەم داۋاملاشتۇرۇڭ، ئالىي مەكتەپكە بېرىڭ، كەسىپ ئىگىلەڭ، شۇ چاغدىلا ئۆزىڭىزنىڭ قەدىر- قىممىتىنى چۈشىنەلەيسىز. ياشلىقىدا ھېسسىياتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان ئادەم يوق دېيەرلىك. لېكىن، نادانلىقنىڭ ھەممىگە ئورتاق نېسىپ قىلىدىغىنى ئاچچىق پۇشايمان. ئاياللارنىڭ بەختسىزلىكى تۇنجى مۇھەببەت تۇپەيلىدىن بولىدىكەن. تۇنجى مۇھەببەتنىڭ كۆپىنچىسى نەتىجىلىك بولمايدۇ. سىز ئالىي مەكتەپكە كەتسىڭىز، مەن قېلىشىم مۇمكىن، يېڭى مۇھىتقا ماسلىشىش ئۈچۈن تىرىشمىسىڭىز بولمايدۇ. مۇبادا ئالىي مەكتەپكە بارالمىسىڭىز، مەن كېتىمەن، سىز بۇ شورلۇق زېمىندا قالىسىز، چۈنكى مەن خىزمەت ئورنۇمغا، يۇرتۇمغا قايتىمەن. ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بارالىسىڭىزلا ياشاش، ھاياتقا بولغان قىزغىنلىق، مۇھەببەت، كىشىلىك تۇرمۇش ھەققىدىكى قاراشلىرىڭىز چوقۇم يېڭىلىنىدۇ، ئالىي مەكتەپ سىزگە ھەممىنى بېرەلەيدۇ. بەختلىك ياشىمەن دەيدىكەنسىز پۈتۈن ئوي - خىيالىڭىز، مەقسەت - مۇددىئايى-

ڭىمىز ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش بولسۇن. مېنىڭ يۈرىكىمدە پەقەت ئەڭ چوڭ بىر ئۆكۈنۈش بار. ئۇ بولسىمۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالمىغانلىق.

سادىر نېمىلا بولمىسۇن مارىگۇلنىڭ قىزغىنلىقىغا ماسلاشقاندى. ئەمدى ئارتۇقچە گەپ قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمىغان بولسىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، مارىگۇلنى بەختلىك بولۇش ئۈچۈن ئوقۇشقا ئۈندەۋاتاتتى، لېكىن مارىگۇل يەنىلا ھاياجىنىنى باسالمايۋاتاتتى. ئىككىلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا قىسقا ۋاقىت داۋاملاشقان قىزغىن ئىشتىياقلىق غەيرىي مۇناسىۋەت دەماللىققا ئۇنتۇلۇپ كېتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. سادىر قەتئىي نىيەتكە كېلىپ كەنت مەركىزى تەرەپكە يول ئالدى. قەلبىدىكى ھاياجاننىڭ قالدۇق تەسىرى ئۇنى ھەرخىل مەزمۇندا پىكىر قىلىشقا ئۈندەيتتى.

ئادەم پۇرسەت نېسىپ ئەتكەن ئۆزىگە قولايلىق ئىشنى قىلىۋەرسە بولمايدۇ. مەن بۇ يەرگە خىزمەتكە چۈشمىگەن بولسام، ئىككىمىزنىڭ تونۇشۇشىمىز ناتايىن ئىدى، كۈتۈلمىگەندە شارائىت بىزنى يېقىنلاشتۇردى. بۇ بىر ۋاقىتلىق قىزغىنلىق، سوغۇق قانلىق بىلەن ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، بولمىسا مەڭگۈلۈك پۇشايمانغا قالىسەن. ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئايرىلىش مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىگە ئاپارساڭ، ھەرقانداق قىلىپمۇ قۇتۇلالمايسەن. ئۇ مەقسەتكە يېتىدۇ، سەن قىلتاققا چۈشىسەن، شۇڭا ئەقلىڭنى ئىشقا سېلىپ ئۆزۈڭنى تارت. ئاش بەرگەن قازاننى چاققاندەك، 30 كۈن روزا تۇتۇپ پوقتا ئېغىز ئاچقاندەك ئىشنى قىلىشتىن ھەزەر ئەيلە.

## 8

بەش يىل ئۆتۈپ كەتتى. سادىر رېئاللىق بىلەن ھېس - تۇيغۇ، ئەمەلىيەت بىلەن تەسەۋۋۇر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلىق مۇناسىۋەتلەرنى خېلىلا چۈشىنىپ يەتكەندەك قىلاتتى. تاتلىق تەسەۋۋۇرغا بېقىنمايدى-

غان ئاچچىق رېئاللىق ئۇنى سەۋر - تاقەتكە، چىدامىلىق بولۇشقا، جاپانى يېڭىشكە ئۈندەيتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، روھنى پاكلاشتۇرۇش-نىڭ ئۈنۈملۈك يولى جاپا تارتىش، بۇنىڭدىكى تۈپ مەقسەت ۋىسالغا ئېرىشىش ئىدى. سەۋر - تاقەت بىلەن جاپاغا چىدىغاندىلا، پۇشايمان-سىز ياشاشنىڭ ئاساسىنى ياراتقىلى بولاتتى. گەرچە ئۇنىڭ يېشى 25 تىن ھالقىغان بولسىمۇ، تېخىچە توي قىلىش قىزغىنلىقى ئېڭىدا باش كۆتۈرمىگەنىدى. شۇنداقتىمۇ «قېرى يىگىت» بولۇپ ئۆتۈۋېرەلمەي-دۇ- دە! ئاتا - ئانىسىنىڭ زورلىشى بىلەن «بىر مەھەللىدە چوڭ بولۇپ بىلمەپتىمەن قەدرىڭنى» دېگەندەك كىچىكىدىن تارتىپ ئۆزى ئوبدان بىلىدىغان 19 — 20 ياشلاردىكى بىر قىز بىلەن توي قىلدى. ئۇ ئۆي - ئوچاقلىق بولغانلىقىدىن رازى ئىدى، بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، ئەمدى ھېسسىيات قاناتلىرى بوغۇشلىنىپ، ئايالىغا ئاسىيلىق قىل-ماسلىق، بارلىق مەقسەت - نىشانىنى تۇرمۇش، خىزمەت ۋە ئۆگى-نىشكە قارىتىپ، ئەھدىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش ئۈچۈن رېئاللىققا يۈزلىنىپ خام خىيالنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىققا ئاگاھلاندۇراتتى. ئەقلىنى داۋالغۇتۇپ تۇرىدىغان ئايال زاتى ھەققىدە ئازدۇر - كۆپتۇر بىلىمگىمۇ ئېرىشكەنىدى. ئۇنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا بېرىپ ئو-قۇش قىزغىنلىقىمۇ ئاستا - ئاستا تۇرمۇشتىكى ھۇزۇر تەرىپىدىن تەسلىم قىلىنىپ، تۇنجۇقۇش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتاتتى. لېكىن، ئۇ يەنىلا قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن تەن بەرمەيۋاتاتتى. كۆڭلىگە پۈككەن گۈزەل غايىلىرىنى ۋۇجۇدىنىڭ نېرىسىدىن ئىزدەيتتى. ئۆزى-نىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشىدىكى ئورنىنى، مۇھەببەت ئاساسىنى، خىز-مەت پوزىتسىيىسىنى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت دائىرىسىنى دەڭسەپ كۆرەتتى. پات - پات روھىي دۇنياسىنى ئاختۇرۇپ تۇراتتى. بۇنىڭ-دىن مەقسىتى ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويماستىن مەنىۋىيىتىنى نۇرلاندۇرۇپ، روھنى پاكلاشتۇرۇپ تۇرۇش ئىدى. بەزى- بەزىدە ئۇھ تارتىپ جىمىپ كېتەتتى. تۇيغۇسىدا كۆڭلىنىڭ ئەڭ نازۇك بىر يەرلىرىدە يېتىلمىگەن بىر ئارمانىنىڭ داغلىرى بارلى-

قىنى ھېس قىلاتتى. بۇنى يېتىلمىگەنلىكتىن كۆرۈشنى ئەسلا خالى-
مايتتى. بۇنىڭ سەۋەب - نەتىجىلىك باغلىنىشى يەنە شۇ مارىيە بىلەن
مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئۇ بەزىدە ئۆزىمۇ سەزمەستىن مارىيە توغرۇلۇق
ئارمانلىق خىياللار قايىنىمىغا غەرق بولاتتى. بۇنداق چاغدا كۆڭۈل
تۇلپارى ئەقىل تىزگىنىگە بوي سۇنمايتتى. نىكاھ، ئەر- ئاياللىق
مۇناسىۋەتلەردە ئۆزىگىمۇ ئېنىق بولمىغان، نەتىجىسى مەۋھۇم مەلۇم
ئارىلىق، يوچۇن بىر چاللىق يوشۇرۇنغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭغا بۇ-
نىڭ سەۋەبى مارىيە بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك تۇيۇلۇپ، ئايالى بىلەن
مارىيەنىڭ ئورنىنى خىيالەن ئالماشتۇرۇپ باقاتتىيۇ، يەنە ئايالىغا
چىدىمايتتى. ئايالىنىڭ ئورنى قەلبىنىڭ نازۇك چوڭقۇرلۇقىغا سى-
ڭىپ كەتكەن تۇرۇقلۇق، نېمىشقىدۇر ئايالىدىن ھالقىپ مارىيەنى
ئويلاپ قالاتتى. مارىيەنىڭ بىرسىگە ياتلىق بولغانلىقىنى جەزملەشتۇ-
رۇپ، ئايالدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى قەدىرلەش نىيىتىگە كېلەتتى. ئە-
مەلىيەتتىمۇ «قېشىڭدا كىم ئولتۇرسا چىرايلىقىڭ شۇ» دېگەندەك،
ئايالى مارىيەدىن ھەر جەھەتتە ئۈستۈن تۇراتتى. سادىر بۇنى ئېتىراپ
قىلسىمۇ، لېكىن ياشلىقتىكى تۇنجى «ياخشى كۆرۈپ قېلىش» ياققان
ئوتلارنى ئۆچۈرمەك ئاسان چۈشمەيتتى. سادىر ئۆز- ئۆزىگە دائىم:
بىلىملىك ئادەم ھەرقانداق شارائىتتا ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.
بىلىمسىز، نادان، ماسلىشىشچان ئادەملەرنىڭ ئامىتى ئوڭدىن كې-
لىپ، ۋاقتىنچە كۆرەڭلىگەن بىلەن، ئامىتى قاچقاندا ئىگىسىز قال-
غان ئىتتەك ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان مەخلۇققا ئايلىنىپ قالىدۇ.
ھاياتنى، ۋاقىتنى قەدىرلەپ، ئۆزىمىزنى توغرا چۈشىنىشكە تىرى-
شىپ، جەمئىيەتتىن تېگىشلىك ئورۇن ئېلىشىمىز كېرەك. ئادەم
ئۈچۈن تەجرىبە- ساۋاق قوبۇل قىلىش، بىلىم ئىگىلەش ھەممىدىن
مۇھىم. قۇرۇق گەپ ساتقۇچىلار ئەسلىدىنلا دىلى ئەما، كالللىسى
قۇرۇق ئادەملەر، ئەمەلىي ئىش قىلغۇچىلار قەدىرلەشكە، ھۆرمەت-
لەشكە ئەرزىيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجىر تۆھپىسى، ئەقىدىسى
بىلەن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. ھە دېگەندە باشقىلارغا نەسىھەت قى-

لىش، باھا بېرىش ئوخشاشلا نادانلىقنىڭ ئىپادىسى. چۈنكى، نەسە-
ھەت قىلىنغۇچىمۇ نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئوب-
دان بىلىدۇ. ئىزدەنگۈچىلەر جەننەتنىڭ ئىشىكىنى چېكىۋاتقانلاردۇر
دەيتتى ھەمدە ۋاقىت تاپسىلا ئۆگىنەتتى. ۋەھالەنكى، كىتابنىڭ ھەر
بىر بەت، قۇرلىرىدىن مارىيە ماراپ تۇرغاندەك بىلىنىپ، دىققىتىنى
بۇزاتتى. سادىر مارىيەنى ئۇنتۇپ كېتىشكە، ئۇ توغرۇلۇق خىيال
قىلماسلىققا تىرىشاتتى. شۇنداق كۈنلەردە ئىككىسى بىر نەچچە قېتىم
دوقۇرۇشۇپ قېلىپ، ناتونۇشلاردەك ئۆتۈپ كېتىشتى، سادىر سەل
ھەسرەتلەنگەندەك ھاياجانلاندى. دە، كەينىگە قاراپ - قاراپ، ئۇلۇغ -
كىچىك تىندى. لېكىن، مارىيەدە سادىرغا نىسبەتەن ھېچقانداق ھېس-
سىيات ئىپادىلەنگەندەك قىلمايتتى. سادىرنى پەقەت سىرتتىن تو-
نۇيتتى، خالاس. چۈنكى، ئەينى چاغدا بالاغەتكە يەتكەن قىزلاردىن
سادىرغا كۆزى چۈشمىگىنى يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۇنىڭ بوي - بەستى
ۋە روھىي ھالىتىدىكى جەلپكارلىق مارىيەنىڭمۇ كۆزلىرىنى ئوينىتىد-
ۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن تۇزۇكرەك ئارىلىشىش، ئارىلىشىش نېمىپ
قىلىدىغان چۈشىنىش، چۈشىنىش رىشتە چاتقان يېقىنلىشىش مەۋ-
جۇت ئەمەس ئىدى. سادىر بولسا ئۆزىچە ھاياتىغا، روھىغا، ھەتتا
پۈتكۈل ياشاش پائالىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك نازۇك تەرەپلەرنىڭ ھەم-
مىسىگە مارىيەنىڭ ئوبرازىنى سىڭدۈرۈۋالغانىدى. گەرچە سادىرنىڭ
مارىيە بىلەن غەيرىي مۇناسىۋەتتە بولۇش مۇددىئاسى بولمىسىمۇ،
كۆڭلىنى داۋالغۇتقان سېيمانى ئۇزۇل - كېسىل ئۇنتۇپ كېتىشكە
ئاجىزلىق قىلىۋاتاتتى. ھەمىشە ئۆز- ئۆزىگە ئەقىل بىلەن ياشاشنى
جېكىلەپ، مارىيەنى ئويلاشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى ئاگاھلاندۇرسى-
مۇ، لېكىن كۆڭۈل قۇشى مارىيەنىڭ بېشىدا ئەگىيتتى. ئەمەلىيەتتە
كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىشنىڭ كاللىسى جايىدا بىر ئەقىل ئىگىسى-
نىڭ ئىشى ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. كۆڭۈل، ئەقىل، روھ،
ۋىجدان، تەن قاتارلىقلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرغان-
دا، كۆڭۈل خۇشلۇقىنىڭ ھەرقانداق لەززەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلى-

قىنى چۈشىنىپ يەتكەندە ئۆزىچە كۆلۈپ كېتەتتى، ئەقىل كۆرسەتكەن نىشان، بىلىمدىن ھاسىل بولغان تەجرىبە، ۋىجدان ياقىلىغان ياكى چەكلىگەن ھەق - ناھەق، بەدەن ئالغان ھۇزۇر پەقەت كۆڭۈل كۆلىدىلا ئۆزەتتى، روھ ئالىمىدە پەرۋاز قىلاتتى، ۋۇجۇد بېغىدا يايرايتتى. سادىر كۆڭۈلنىڭ ئىنسان ھاياتىدا تولىمۇ مۇھىملىقىنى چۈشىنىشكە باشلىغانىدى. ئۆز رىتىمدا، نورمال؛ سوقۇۋاتقان يۈرەك جاناننى كۆر- سە ياكى ئۇ خىلۋەتتە ئۇچرىشىشنى ئويلىسا، نېمىشقا، ھەم تېز، ھەم كۈچلۈك سوقىدۇ؟ يۈز قىزىرىپ، كۆزلەر چاقناپ، ۋۇجۇد تىترەي- دۇ؟ سادىر ئۆزىدىكى بۇ خىل روھىي ھالەتنى توگىتىشنى ئويلاپ، قەتئىي نىيەتكە كەلگەنىدى. ئۇ ئەمدى ئۆز ۋاقتىدا ياخشى كۆرگەن قىز ئالدىدا ئۆزى بىلەن ئۆزى ھاياجانلىنىپ يۈرۈشتىن تەشەببۇسكار- لىق بىلەن ئۇچرىشىپ ئوي - خىيالىدىكى گەپنى ئېيتىش قارارىغا كەلگەنىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئاشكارىلىنىش ئوتتۇرىدىكى سىر ئا- ياغلىشىشنىڭ ئاساسى ئىدى. سادىر مارىيەنى ھەرقانچە ياخشى كۆر- سىمۇ ئايالىغا ئاسىيلىق قىلالمايتتى. شۇنداقتىمۇ مارىيەنىڭ تولۇقى مەلۇم نۇقتىدىن قىزىقتۇرمايمۇ قالمايتتى. مارىيەنىڭ ئىشخانىسىنى، ئۆيىنى، ھەتتا ماڭىدىغان يوللىرىنىمۇ ئوبدان بىلگەچكە غەيرەتكە كەلدى - دە، ھاياجىنىنى بېسىشقا تىرىشىپ، مارىيەنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. سادىر ئۆزىنى ھەرخىل روھىي ھالەتتە سېزەتتى. مارىيە ئەدەپ يۈزىسىدىن ئوچۇق چىراي سالام قىلىپ، ئورنىدىن قوزغىلىپ قويدى. مارىيەنىڭ تەبەسسۇمى سۇنئىي بولۇپ، روھىي ھالىتىنى پەرۋاسىزلىق ئىگىلىگەنىدى. شۇنداقتىمۇ سادىرنىڭ كۆزىگە سەھەردە ئېچىلغان گۈلدەك، يېڭى ئۇچۇرما بولغان قۇش بالىسىدەك گۈزەل، پەرىزاتتەك جىلۋىدار كۆرۈندى. سادىرنىڭ ۋۇجۇدىنى چەكسىز ھايا- جان ئىگىلىۋالدى. ئىككىسىنىڭ بۈگۈنكىدەك يۈزتۇرانە ئۇچرىشىشى تۇنجى قېتىملىق ئىدى. سادىر نېمە دېيىشنى، نېمە قىلىشنى بىلمەيتتى. پەقەت قەلبىدىكى تەشۋىش بىئارام قىلاتتى. مارىيە سادىر- غا «مەندە بىرەر ئىشىڭىز بارمىتى» دېگەندەك سوئال نەزىرى بىلەن

قارىدى. مارىيەنىڭ بۇخىل مۇئامىلىدە بولۇشى كىشىلىك مۇناسىۋەت مىزانىدا تامامەن يوللۇق ئىدى. سادىر مارىيەنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ ئۈلگۈردى. مارىيەنىڭ سادىر بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىنىڭ يوقلۇقى مارىيەگە ئېنىق ئىدى. سادىر بۇ نۇقتىنى چۈشەنسىمۇ، ئىچىگە تىنىپ يۈرۈۋېرىشنى خالىمىدى بولغاي، تومتاقلا گەپ قىلىدى:

— ئالدىراشمۇ؟

— ئادەتتىكىدەك. مەن ياردەملىشىدىغان بىرەر ئىش بارمىدى؟

— ئىشقۇ يوق، ئىشخانىڭىزغا شۇنداقلا كىرىپ قالدىم.

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز، ئېزىپ قالمىغانسىز؟

— مەن ئۆمرۈمدە ئېزىپ باققان ئادەم ئەمەس، ئازسامۇ يەنە دەرھال يولۇمنى تېپىۋالىمەن.

— ئازغان دېگەن شۇ، دۇنيادا ئازمايدىغان ئادەم بولمايدۇ.

— سىزدىن بىر سوئال سورىسام بولارمۇ؟

— ھاجىتى بولسا سوراۋېرىڭ.

— كۆپ ئارىلاشماي، سۆزلىشىش، سىردىشىش پۇرسىتىمۇ بولماي، باشقىلاردىن تەرىپىنى ئاڭلاپ، بىر كۆرۈپلا كۆڭلى چۈشۈپ قالىدىغان ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەمسىز؟

مارىيە سوغۇقلا كۈلۈپ قويىدى، ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن سادىرنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك ئالامەتلەر ئەكس ئېتىپ تۇراتتى، شۇڭا پەرۋاسىزلا دېدى:

— بولىسىمۇ بولىدىغاندۇ. ئېتىكى شۇنچە كەڭ، پۇرسىتى كۆپ جاھاندا بىرىگە ئاشىق بولغان ئادەم گېپىنى دېيەلمىسە، ئۇنىڭ قارشى تەرەپ بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟

سادىرغا مارىيەنىڭ گېپى ئېغىر كەلدى. سادىرنىڭ «ئىشق» يولىدا تارتقان دەرد ـ ئەلەملىرىنى مارىيە توغرا چۈشىنىپ، ئىلمىي ئىنكاس قايتۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما، بۇنى سەۋەبسىز دېگىلى بولمايتتى. مارىيە سادىرنى سىرتىدىن بىلسىمۇ، تۇنجى كۆرۈشۈشتە

قىلغان گېپى مارىيەگە ياخشى تەسىر بەرمىگەندى. مارىيەنىڭ قارى-
شىچە، سادىر ئۇنىڭ كىشىلىك ھۆرمىتىنى قىلمىغاچقا، چىرايى
رەنجىش تۇسىنى ئالدى. سادىر نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ
قالدى. مارىيە بولسا قېشىدا ھېچ كىشى يوقتەك ئۆز ئىشلىرىغا بەند
ئىدى، سادىر ئوڭايسىز ئەھۋالدىن قۇتۇلماقچى بولغاندەك روھىي
ھالەتتە سىرتقا ماڭدى. مارىيە سادىرنىڭ بىرنەچچە قېتىم كەينىگە
قاراپ قويۇشلىرىغىمۇ پەرۋا قىلمىدى. ماھىيەتتە مارىيە پۈتۈنلەي
يوللۇق بولسىمۇ، بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتىن سادىر ئېغىر خورلۇق
ھېس قىلدى. سادىر بۇ كەمگىچە ھېچكىمنىڭ بۇنداق سوغۇق مۇئامى-
لىسىگە ئۇچرىمىغاچقا، ئىززەت - ھۆرمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش
مۇھىم بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭ ئۇچۇن يەنە مارىيە بىلەن كۆرۈشۈشكە
توغرا كېلەتتى. ئەقلى بۇنداق قىلىشنى توغرا تاپمىسا، زېدىلەنگە
كۆڭلى ھەممىنى قايرىپ قويۇشقا ئۇندەيتتى. يۈرىكى ئەلەملىك تىت-
رىسە ۋىجدان، غۇرۇرى غالىپلىق ئىستەيتتى. شۇنداقلا بولدى قى-
لىشقا كۆڭلى ئۇنىمايۋاتاتتى. سادىر قايتا - قايتا ئويلىنىپ، ئاخىر
مارىيە بىلەن يەنە بىر كۆرۈشۈش نىيىتىگە كەلدى.

تەبىئەت ئىللىق قۇياش نۇرىغا پۈركەنگەن ماي ئېيىنىڭ بىر
ئەتىگىنى ئىدى. سادىر مارىيەنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. سا-
دىرنىڭ قولىدا تولۇق ئېچىلىپ بولالمىغان بىر جۈپ گۈل تۇراتتى،
گۈل بىردىنلا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى تەشۋىشنى ئىپادىلەۋاتقاندەك تىترەپ
كەتتى، مارىيە قانداقتۇر بىر كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىغاندەك پەرىشان
كۆرۈنەتتى. قولاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن سادىر گۈلنى مارىيەگە
تەڭلىدى:

— گۈلنى ياخشى كۆرەمسىز؟

— رەھمەت، ئادەتتىكىدەك، — مارىيە پەرۋاسىزلا جاۋاب بەر-
دى.

— سىز گۈل بىلەن بۇلبۇل ھەققىدىكى رىۋايەت، داستانلارنى
ئاڭلىغانمۇ؟

— ئاڭلىغان، مېنىڭچە، بۇلبۇل بەكمۇ نادان قۇش، كىم ئۇنى كېچىچە سايراپ، سەھەردە ئۇخلاپ قالسۇن دەپتۇ.

— سىز بۇلبۇلنى كۆرگەنمۇ؟ ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلمايدىغان ئوخشىمامسىز؟

— كۆرمىگەن، ھەر نەرسىنىڭ بەخت - تەلىيى قىسمىتىگە باغلىق بولىدۇ، كىمگە كىم ھېسداشلىق قىلىدىغان جاھان بۇ؟! ساددىلار ئالدىنىپ قالىدۇ، قۇۋ، ساختىپەزلەر ئىشىنى پۈتكۈزۈپ كېتىۋېرىدۇ، خۇددى ياخشىلار خارلىقتا، رەزىللەر ھەرەمباغدا دېگەندەك.

— ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، مانا مەن سىزگە ھېسداشلىق قىلىمەن.

— نېمە ۋەجدىن؟ — مارىيە بېشىنى ئىتتىك بۇراپ، سادىرغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى.

— ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمەيمەن.

— بۇ بارلىق ئەرلەرگە ئورتاق بولغان ساختا مۇناسىۋەتنى بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ مۇغەممىرانە ئىپادىسى، ئەرلەر بۇخىل نەيرىڭنى ئىشلىتىپ پۈتكۈل جەمئىيەتكە ئەخلاقسىزلىق ئۇرۇقىنى چاچىدۇ. پەسكەشلىك بىلەن ئاياللارنى يولدىن چىقىرىپ بۇلغايدۇ، رەزىل مۇددىئاسى ئۇچۇن يالغاندىن ياخشىلىق قىلىدۇ. قىلىۋاتقىنى ياخشىلىق، ئاغزىدىن چىقىۋاتقىنى توغرا گەپ بولسىمۇ، مۇددىئاسى رەزىل، كۆڭلىگە پۈككىنى پەسكەشلىك، ئازدۇرۇش...

سادىرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قانلار ئۇرغۇپ يۈزىگە تەپتى، يۈرىكى دۈپۈلدىدى. ئۇنى ئىچىگە چۇشۇپ كەتتى. مارىيەنىڭ گەپلىرى سادىرنىڭ يۈرىكىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتاتتى، توغرىسىنى ئېيتقاندا بۇ گەپلەر ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تېگىۋاتاتتى. بىراۋنىڭ ئايالىنى ئازدۇرۇپ ئاشنا ئويناش، پەسكەشلىك بىلەن ساختا ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق بىراۋنىڭ لايىقىنى ئىگىلىۋېلىش كويىدا بولۇش ئۇنىڭ نەزىرىدە ئەڭ پەسكەش، ئەڭ نومۇسسىز، رەزىل ئادەملەرنىڭ قولىدىن كېلىدىغان

قەبىھ ئىشلار ئىدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئۆزىنىڭ ئىلمىي
قاراشلىرىغا، ئەر- ئاياللار مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى توغرا ۋە ئىلمىي
تەشەببۇسلىرىغا قارىمۇ قارشى بولۇپ، غۇرۇرىغا قاتتىق تەگكەنىدى.
سۆزمەن ناتىقنىڭ مۇھەببەت ئوتى ئۆرتىگەن قەلبىنى ئىزھارلاپ،
«مەشۇقى» بىلەن نورمال مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، جۇدالىق ئازابلىرى-
نى يەڭگىللىتىش قولىدىن كەلمەيۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ ھەرقان-
داق يېرىدە مارىيە بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىش نىيىتى يوق ئىدى.
ھالبۇكى، مارىيەنى كۆڭلىدىن (روھىي دۇنياسىدىن) پۈتۈنلەي چى-
قىرىۋېتىش ئاسانغا چۈشمەيۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇ ئەستايىدىللىق بىلەن
دېدى:

— مېنىڭ سىزدىن كۈتىدىغان چاكىنا تەلەپ ۋە تەكلىپلىرىمۇ
يوق. پاك قەلبىمگە ئاللا گۇۋاھ بولسۇنكى، پەقەت ئىشقىڭىزدا تارتى-
ۋاتقان ئەلەملىرىمنى يۈزتۇرانە دېگۈم كېلىپ قالدى. مۇددىئايىم سىز
بىلەن ئارىلىشىپ، ھۆرمەتلىشىپلا ئۆتۈشتىن ئىبارەت. مەڭگۈ ياتلار-
دەك ئۆتۈشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. گەرچە بىز بىرنەچچە يىلدىن بېرى
ئارىلاشمىغان، ھەتتا ياتلاردەك ئۆتكەن بولھاقمۇ، روھىم سىزگە
ھەمراھ بولۇپ ياشىدى.

مارىيەنىڭ چىرايى بىر تاتىرىپ، بىر ئاقىرىپ، ئارقىدىن لاپپىدە
قىزاردى. سادىر ئۇنىڭ نەزىرىدە ئىززەت - ھۆرمىتىگە، ئەخلاقىغا،
كىشىلىك ھوقۇقىغا، غۇرۇرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنۇ-
ۋاتقان ئىككىنچى ئادەم ئىدى.

مارىيە ئىشقىدا كۆيۈشكە، بىر ئۆمۈر سۆيۈشكە ئەرزىگۈدەك ئايال
ئىدى. ئۇ گەرچە مۇھەببەتلىشىپ توي قىلمىغان بولسىمۇ، تۇرمۇش
سەپىرىنى خاتىرجەم بىر ئائىلە قۇرۇش يولىغا سالغانىدى. توي قى-
لىپ بىر يىل بولا- بولماي بىر سايە ئۇنىڭغا ئەگىشىۋېلىپ، پۇرسەت
تاپسىلا ياخشىلىق قىلدى. تاتلىق گەپ بىلەن كۆڭۈل ئىزھارلىدى.
ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مارىيە ئۇنىڭ تورىغا ئىلىندى. دۇنيادا
مەڭگۈلۈك سىر، ئاشكارىلانمايدىغان مەخپىيەتلىك بولمىغىنىغا ئوخ-

شاش چاۋىسى چىتقا يېپىلىپ، بىر بالا بىلەن «تۇل خوتۇن»غا
ئايلىنىپ قالدى. ئېرى ئۇنىڭ ئىشلىرىنى سېزىپ قېلىپ قويۇۋەتكە-
نىدى. مارىيە مۇھەببىتىنىڭ، ئائىلىسىنىڭ ئۆتكۈنچى ھۇزۇر- ھالاۋىتى-
دىن گويا چۈشىدىكىدەكلا بەھرە ئېلىپ، گۇناھ كەبىر يولىغا ماڭغان-
لىقىغا پۇشايمان يەۋاتقان كۈنلەردە سادىر پەيدا بولدى. سادىر ئۇنىڭ
بۇخىل ئاچچىق كەچمىشلىرىدىن خەۋەرسىز ئىدى. مارىيە تولغان
كۆكسىنى تۇنجى قېتىم باغرىغا بېسىپ سۆيگەن، ئەر- ئاياللىق نازۇك
مۇناسىۋەتنىڭ تۇنجى قېتىم ھۇزۇرىنى كۆرسەتكەن ئېرىدىن، ھاياتىغا
رەڭدار مەنە، يېڭى مەزمۇن بەخش ئەتكەن يۈرەك پارىسى ئوغلىنىڭ
جۇدالىق ئەلەملىرىدىن ئۆرتىنىپ ئىچىدە يىغلاپ، ئاچچىق پۇشايمان
ياشلىرىنى سىڭىرىپ يۈرگەن كۈنلەردە سادىرنىڭ مۇھەببەت ئىزھار-
لىشى ئۇنىڭ ئۆيىنى بۇزغان، خاپىلىقتا تاشلاپ قويۇپ كۆزدىن يوقال-
غان شۇ شاللاق، ساختىپەز ئەرنى ئەسلەتكەنىدى. ئۇ غەزىپىنى باسال-
مايتتى، خىيالىغا نېمە كەلدى، نېمە دېيىشنى ئويلىدى، بىلمەيتتى.
نېپىز لەۋلىرى تىترەيتتى، كۆزلىرىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى.

— مەن ئازغان، ئەمدى ئازمايمەن، ئالدانغان،* ئەمدى ئالدانماي-
مەن. مەن باشقىلارنىڭ دامىغا چۈشكەن، ئەمدى چۈشمەيمەن. بىر
ئەرنى دېمىگەندىمۇ، ئۆزۈم ئۈچۈن، ئوغلۇم ئۈچۈن ۋىجدانىم بىلەن
ياشايمەن. ئويلاپ بېقىڭ، سىزنىڭ ئايالىڭىزغا بىر نامەرد ئەر ماڭا
قوللانغاندەك ساختا ئۇسۇل بىلەن تەلەپ قويسا، ئايالىڭىز ئۇنىڭ
رايىغا بېرىپ ئالدىنىپ، دامىغا چۈشسە بولارمۇ؟ سىلەردەك ئەرلەر-
نىڭ يولىغا قارايدىغان ئاياللارمۇ بۇ جاھاندا بەك كۆپ، شۇنداقلارنى
ئىزدەڭ.

سادىر ئۆزىنى، گۇناھسىز ھاياتىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇغان خاتا ھۆ-
كۈمنى ئاڭلاۋاتقاندەك گاڭگىراپلا قالدى.

جۇشقۇن ياشلىق ئاتا قىلغان ئىشتىياق، چىن مۇھەببەت قىز-
غىنلىقى دىلىغا ياققان ئۈمىد، ئىشەنچسىز ئۈمىدسىزلىك پاسىلىدا
ساقلانغان ساداقەت، ۋىسال ئارزۇسىغا يېتىش پۇرسىتى بولمىغان

ئارمان كۆيمەكتە، غايىلىك قەلبى كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدۋارلىققا تولغان سادىرغا قىلىنغان بۇخىل ھاقارەت ئۇنىڭ ئەخلاقىنى ھاياتىغا مىزان قىلغان ۋىجدانىنى گويا تاش تەگكەن ئەينەكتەك پارە - پارە قىلماقتا ئىدى. ھاياتىنىڭ غۇرۇر قۇياشى ئۇنىڭ ھەر بىر پارچىلىرىدا چاقناپ، ئەجەل گۈلخانىنى ھاسىل قىلغانىدى. ئەلەمدىن ئىبارەت ئازار يارىسى تۆھمەت ئوتىدا كۆيەتتى. سادىر ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇۋاتاتتى. تېنى بار، جېنى يوق، جېنى بولسىمۇ روھى،ئۆلگەن ئىدراكسىز بىر سايىغىلا ئايلانغانىدى، كۆزلىرى پارقىراپ تۇرسىمۇ، ھېچ نەرسىنى كۆرمەيتتى، مېڭىۋاتقان بىلەن نەگە كېتىپ بارغىنىنى بىلمەيتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

ناتونۇش بىر يىگىت سادىرغا سالام قىلدى. سادىر گويا بۇ سالامنى ئاڭلىمىغاندەك، ئاڭلىغان بولسىمۇ ئۆزى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقتەك كېتىۋەردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئاكا! — 20 ياشلاردىكى بىر يىگىت سادىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ قول تەڭلىدى، — سىزنى تونۇۋالدىم. بەش-ئالتە يىل بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن. سىز ئىككى دوستىڭىز بىلەن بىزنىڭ يۇرتقا بېرىپتىكەنسىز. مېنىڭ باش - كۆزلىرىمنى سىيلاپ، بىر نان بەرگەن. شۇ چاغدا سىز ماڭا خىزىردەك كۆرۈنۈپ كەتكەنتىڭىز.

سادىر گاڭگىراپلا قالدى، ئۇنىڭ كاللىسى مۇجمەللىشىپ كەتكەن بولۇپ، قۇلىقىغا بۇ ناتونۇش يىگىتنىڭ گەپلىرى زادىلا كىرمەيۋاتاتتى.

— مەن باچاڭلىق، شۇ چاغدا سىز ماڭا بەكمۇ ھېسداشلىق قىلغان. مەن چۈشەنمەيدىغان نۇرغۇن گەپلەرنى قىلىپ، بېشىمنى سىيلىغان، ياشلىرىمنى ئالىقىنىڭىز بىلەن سۈرتكەن.

سادىرنىڭ قەلبىگە ئەلەملىك سۆيگۈ ئوتىنى ياققان، ھالا بۇگۈنگە كەلگەندە ئۆزىنى پەسلەشتۇرۇپ، شۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىغا سەۋەب

بولغان تۇگمەن بېشى كۆز ئالدىغا كەلگەندەك بولدىيۇ، ئەقلى غۇۋالى-
شىپ كەتكەنلىكتىن ئېسىنى يىغالمىدى.

— ئەسلىيەلمىدىڭىز- ھە؟ مەن مۇراد.

سادىر قېرى ئۇجمە دەرىخى ئاستىدىكى سايىدا ئەھۋاللاشقان كى-
چىككىنە مۇرادنى، ئۇنىڭ غەيرەت - جاسارىتىنى، ناتونۇش بوۋاينىڭ
زامان توغرىسىدىكى شىكايەتلىرىنى ئەسكە ئالدى.

— ھوي، سەن مۇرادمۇ؟ چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ كېتىپسەنغۇ؟
نېمىش قىلىۋاتىسەن؟

— مەكتەپتە ئىشلەۋاتىمەن. دادامنىڭ ناھەق دېلوسى ئاقلىنىپ،
ئورنىغا مېنى ئورۇنلاشتۇردى. ئوقۇغان بولسام ئەپەندى بولۇپ قالى-
دىكەنمەن دەڭە! مەكتەپنىڭ ئىشچىسى بولۇپ قالدىم. مەنمۇ ھازىر
ئايلىقچى.

مۇراد ئالەمچە خۇشاللىقتا چۆمگەن بولۇپ، توغرا سىياسەتنىڭ
نۇرىدا بەختكە ئېرىشكەنىدى. سادىر چىرايىغا زورلاپ كۈلكە يۈگۈر-
تۈپ سورىدى:

— ئانىڭىز ياخشى بولۇپ قالغاندۇ؟

— ھۆكۈمەت دادامنى ئاقلاپ 3 مىڭ يۈەن بەرگەن، ئانامنى
داۋالاتتىم. ھازىر ياشىرىپ، چوكان بولۇپ كەتتى، چوكان.

مۇراد ئىچ - ئىچىدىن خەندە قىلىپ، كۈلۈپ كەتتى. ئۇ ھەقىقە-
تەن كىشىنىڭ زوقى كەلگۈدەك شوخ، ئوچۇق، چاقچاقچى يىگىت
بولغانىدى. ئۇنىڭ كۈلكىسىدە ھازىرقى تۇرمۇشىدىن رازىمەنلىك
ئەكس ئېتىپ، بەخت - تەلىيىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ئىپادىلىنىپ
تۇراتتى.

سادىرنىڭ چېھرىگە كۈلكە يۈگۈردى. ئۇنى مۇرادنىڭ شوخ،
قىزغىن چاقچاقلىرى ئۆزىگە تارتىۋاتىمۇ، لېكىن روھى ھازىدار
بولغاچقا، يۈرىكى پارتلاش ئالدىدىكى ۋولقاندەك سىقىلاتتى. تەپەككۇ-
رى قالايمىقانلىشىپ، ۋۇجۇدى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىناتتى.
يۈزلىرى كۆيۈۋاتقاندەك قىزىپ، ئىسسىلىپ كەتكەنىدى. ئەدەپ يۈزى-

سىدىن مۇرادقا ماسلىشىپ، بەختىگە ئورتاقلىشىۋاتقاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. پەقەت زورىغا كۈلەتتى. لېكىن، بۇ كۈلكە نادان قەھرىمانىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى كۈلكىسىگە ئوخشاش ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك ئارىلاشقاچقا سۈنئىي ئىدى.

سادىر كۈلكىدىن ئىبارەت ئىنسانغا ئورتاق پىسخىك ھالەتتىن رازىدەك قىلاتتى. چۈنكى، كۈلكە بىلەن دەرد - ئەلەمنى، غەزەپ-نەپرەتنى يوشۇرغىلى بولاتتى. ئەگەر ھازىرقىدەك كۆڭلى ئازار يېگەن كۆڭۈلسىز شارائىتتا مۇرادنىڭ كەيپىياتىغا ماسلاشمىسا، مۇراد رەنجىپ قالغان، ئۆزىنىڭ مۇرادنىڭ قەلبىدىكى ئوبرازىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكەن بولاتتى. شۇڭا، ئۇ زورىغا كۈلۈشكە تىرىشاتتى. ئەمما، كۆز ئالمىسى ھازىرلا ياش تامچىلايدىغاندەك پارقىراپ تۇراتتى. يۈرىكى كۆكرەك قەپىسىگە پاتماي، چۇقان سېلىش تەييارلىقىدا ئىدى. مۇراد سادىرنى چايغا تەكلىپ قىلدى. سادىر مارىيە بىلەن كۆرۈشۈش قىزغىنلىقىدا ئەتىگەنلىك ناشتا قىلمىغانلىقىغا قارىماي تۇزۇت بىلەن ئۆزرە ئېيتتى:

— رەھمەت ئۇكام، يەنە بىر پۇرسەت بولا، چايمۇ ئىچكۈم يوق.

— سىزنىڭ ئىچكۈڭىز بولمىسا، مېنىڭ سىز بىلەن ئىچكۈم بار. ئۇنىمىسىڭىز مەنمۇ ئۇنىمايمەن.

مۇراد سادىرنىڭ ھەرقانچە تۇزۇت قىلىشلىرىغا ئۇنىماي قولىدىن تۇتۇۋېلىپ، چايخانىغا باشلىدى. مۇرادنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسىدىن سادىرنىڭ كۆڭلى تەسەللى تاپقاندەكمۇ بولدى، ئۇنىڭ مەنىلىك، قاراتمىلىقى كۈچلۈك پاراڭلىرىدىن ئىلھاملىنىپ، زوقى كەلدى. بۇرۇنقى تارتىنچاق مۇراد مانا كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بالاغەتكە يېتىپ، ئوڭلۇق، چاقماقتەك يىگىت بولغانىدى. مۇراد سادىرغا پۇچۇق گىردە بىلەن بىر چىنە قايماق چاينى زورلاپ ئىچۈردى، سادىر تەسىرلەندى بولغاي، كۆڭلى بۇزۇلۇپ، ئىچ - ئىچىدىن يىغا ئۆرلىدى. مارىيەدىن رەنجىپ مۇزدەك قاتقان كۆڭلى مۇرادنىڭ مېھىر- شەپقىتىدىن شامدەك

ئېرىمەكتە ئىدى. ئەينى چاغدا مۇرادقا قىلغان كىچىككىنە ھېسداشلىقى مانا ئەمدى ئۇنىڭ خاتىرجەملىكىنى يوقاتقان روھىي دۇنياسىغا زور تەسەللى بەرمەكتە ئىدى. سادىر قىستاپ كەلگەن يېشىنى سىڭدۈرۈۋېتىپ دېدى:

— بىر زامان ئېلىپ كەتكەننى يەنە بىر زامان بېرىدىكەن. بىر دەۋر يىغلاتسا يەنە بىر دەۋر كۈلدۈرىدىكەن. بىر ئادەمدىن رەنجىسەڭ، يەنە بىرسى خۇشال قىلىدىكەن، بىر كۈن يىغلىساڭ، يەنە بىر كۈنى كۈلىدىكەنسەن. ھايات ئۇستىدە چوڭقۇرلاپ مۇلاھىزە يۈرگۈزسەڭ كۈلۈشمۇ، يىغلاشمۇ ئوخشاشلا نادانلىقنىڭ ئالامەتلىرى ئىكەن. ئۆمۈر زامانىنىڭ قۇيۇنلىرىدا ئېتىبارسىز ئۆتۈپ كېتىدىكەن. نادانلىقتا كۈلىدىكەنسەن، ئەقىل ئويغانسا كۈلگۈدەك ئىش يوق، — سادىر بىردەم تۇرۇۋېلىپ، مۇرادقا دېمەكچى بولغانلىرىدىن چەتنەپ كەتكەندەك ھېس قىلدى بولغاي، گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئادەم ئۈمىدۋار ياشىغان ياخشى، ئۈمىدسىزلىك ئادەمنى چۈشكۈنلۈك يولىغا باشلايدۇ، ئون گۈلۈڭنىڭ بىرى تېخى ئەمدى غۇنچىلىدى. بۇنىڭلىق بىلەن قانائەتلىنىپ قالساڭ بولمايدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ ئېتىبار سىياسەتلىرى كۆپ، مۇمكىن بولسا ئوقۇ، ھېچبولمىغاندا ئىشچىلىقىڭنى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا ئۆزگەرتكۈدەك بىلىم ئال، ئوقۇساڭ، بىرىنچىدىن، ئۆزۈڭنىڭ ئىنسانلىق سۈپىتىڭ ئۆسىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، مەيلى تۇرمۇش جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى خىزمەت جەھەتتىن بولسۇن ئىشلىرىڭ ئىلمىيلىشىدۇ. تەربىيىلىنىش ئىنسان قىسمىتىنى ياخشىلاشنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى، ئۆزىنى بىلىشنىڭ ئاچقۇچى.

— گېپىڭىزنى ئېسىمدە تۇتىمەن. سىز ئەينى چاغدا بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ: ئۈمىدۋار بول، بەختىڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىككى قولىدا، سەن چوقۇم بەختىڭنى تاپالايسەن. قورقمىساڭ سېنى ھېچ كىشى بوزەك قىلالمايدۇ. مەردانە ياشا، نامەردلەر سەندىن قاچىدۇ، دېگەنتىڭىز، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مەن ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان بولدۇم،

مېنى بوزەك قىلىدىغانلارمۇ قارىسىنى كۆرسەتمىدى. ئەمدى ھاياتىمدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئوقۇيمەن، ھويلا سۈپۈرۈپ، باشلىقنىڭ ئىشخانىسىنى تازىلاپ ئۆتۈۋەرمەي، ياراملىق ئوقۇتقۇچى بولۇپ دادامنىڭ ئىزىنى باسىمەن.

مۇراد سادىردىن رازى بولغاندەك روھىي ھالەتتە كۈلدى. ئۇنىڭ غۇبارسىز كۆڭۈل ئاسمىنىدا يېڭى ئۈمىد يۇلتۇزلىرى چاقناشقا باشلىغانىدى. سادىرمۇ ھەقىقىي رازىمەنلىك تۇيغۇسىدا كۈلدى. ئۇنىڭ كۆڭلى خېلى ئېچىلىپ قالغاندەك قىلاتتى.

## 9

سادىر تاڭ ئاتقۇچە كۆز يۇممىدى. بۇ ئۇنىڭ شۇ ياشقا كىرگۈچە كېچىنى تۇنجى قېتىم ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈشى ئىدى. ئۇ خىيال قۇچىقىدىن ئۆزىنى تارتىپ، بىردەم بولسىمۇ ئۇخلىۋېلىشقا تىرىشاتتى. ئەمما، زىل بىر ئاۋاز ئۇنى ئۆزىگە رام قىلىۋېلىپ، خىياللىرى مۇجمەللىشەتتى، ئۇيقۇسى قاچاتتى. بۇ مارىيەنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇ ئاخىر مىڭ تەستە سۆيگۈ، مېھرىبانلىق، پۈتمەس-تۈگىمەس كۆيۈمچانلىق، ئەبەدىيلىك ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا ئىگە ئاتا-ئانىسىغا خىيالىنى مەركەزلەشتۈردى.

سادىرنىڭ دادىسى كەم سۆز، ئىشچان، ئېتىقادى مۇستەھكەم، كۈچىنى خار قىلسىمۇ ئۆزىنى خار قىلمايدىغان ئادەم ئىدى، كۆپ گەپ قىلمايتتى، قاچان قارىسا ئويلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بالىلىرىغىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇپ نەسىھەت قىلمايتتى. ئەگەر بىراۋ بىرسىنىڭ ياخشى سۈپىتىنى قىلىپ تەرىپلىسە، ئەھلى مۇسۇلمان، ئەخلاقى كامىل ئادەم شۇنداق بولىدۇ، دەيتتى، يامان گېپىنى قىلسا، بەندە ئەمەسمۇ دەپلا قوياتتى. مەيلى كىمنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىگە يامان كۆزدە قارىمايتتى. بۈگۈن خىيالىغا بىر نەرسە كىرىۋالغاندەك سادىرغا سەپسالغىنىچە تۇرۇپ قالدى. قار-

غاندا ئوغلىغا مەستلىكى كېلىۋاتسا كېرەك، نېمىدۇر دېگۈسى باردەك
ئاغزىنى ئۆمەللەيتتى. هويلىدا سادىر ئانىسى بىلەن بىللە ئىدى.

— بەندە بۇ ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە گويا ئۆلمەيدىغاندەك قىلىپ
كېتىدۇ، بەزىلەر ئاچ كۆزلۈكىدىن ئادىمىيلىكىنى يوقىتىدۇ، ئەقلى-
نى ئوغرىلاۋاتقان، تالىشىۋاتقان نەرسىسى ئەمەلىيەتتە هېچ نەرسىگە
ئەرزىمەيدۇ. پايدىنى كۆزلەپ، ئىناۋەتكە سەل قارايدۇ، نەتىجىدە
يۈزى تۆكۈلىدۇ. ئەلنىڭ لەنىتىگە قالىدۇ. بىلىمسىز، غۇرۇر -
ۋىجدانسىز، ئېتىقادسىز ئادەملەر قورقۇنچاق، توخۇ يۈرەك كېلىدۇ.
ئۇلارنى قانداقتۇر بىر ئوخشىمىسىزلىق كۈتۈپ تۇرغاندەك پەسكەشلىك
بىلەن ئالدىنى ئېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئادەم ئۆزىگە ئىشىنىپ، جاپادىن
قورقماي، هالال - پاكلىق بىلەن ياشىغىنى ياخشى. كۆرمىگەندە
ئېلىۋالدىم، كۆرمەس يەرگە تىقىۋالدىم، ئاغزىمغا كەلگەننى دېۋال-
دىم، ئالدىمغا ئۇچرىغاننى يېۋالدىم دېگەن بىلەن، ئاخىرقى هېسابتا
ئالغان پايدىسىدىن كۆرە، تارتقان زىيىنى كۆپ بولىدۇ. كىملەردىن-
دۇر بىر نېمىلەرنى تەلەپ قىلىشنىڭ هاجىتى يوق. هەر كىم ئۆزى-
نىڭ يارىلىشىغا لايىق ياشايدۇ. خوراز شۇنچە قامەتلىك، چىرايلىق
بولغان بىلەن، مىڭ يىل بېقىپمۇ بۈركۈت قىلغىلى بولمايدۇ. تەبى-
ئەتتىكى شەيئىلەرنى هەممە ئادەم كۆرىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ماهىيى-
تىنى كۆرگەنلا ئادەم بىلەلمەيدۇ. بىر تۈپ قاغا جىگدىنى هەرقانچە
پەرۋىش قىلىپمۇ نانجىگدىگە ئايلاندۇرالامسەن؟ تېرەك بىلەن سۆگەت
ئالما - ئانار بولمايدۇ. نەسەب ناهايىتى مۇهىم ئامىل. ئەگەر نەسەبى
ناچار بىر ئادەم مەلۇم ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپ قالسا، هەر تەرەپتىن
چاندۇرۇپ كىبىر پەيدا قىلىدۇ. ئەۋلىيالاردەك گەپ قىلىپ، قاراق-
چىلارنىڭ ئىشىنى قىلىدۇ. نەسەبى ياخشى ئادەملەر ئەقلى بىلەن ئىش
يۈرگۈزىدۇ، ئەخلاقتا ئېتىبار بېرىدۇ. كەمتەر، كىچىك پېئىل،
يېقىشلىق بولىدۇ. تەكەببۇرلۇق نادانلىقنىڭ قارا بايرىقى، ئادەمنىڭ
ياخشىسى ئۆزىنى سوراشنى بىلىدۇ، غەيۋەت قىلمايدۇ. مۆرىتى كەلسە
كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، مەسىلىلەرنى هەل قىلالايدۇ.

بەزىلەر كۈن بويى چوڭ گەپ قىلىپ پاقىلدىغان بىلەن، مۆرىتى كەلگەندە بىر ئېغىز لىللا گەپ قىلىپ قويۇشقىمۇ يارىمايدۇ. ۋاقتى كېلىپ جايىدا قىلىنغان بىر ئېغىز لىللا گەپ نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقلارنىڭ، كېلىشمەسلىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ. قىلىدىغان ئىشى يوق توپلىشىۋېلىپ، قۇرۇق گەپ ساتىدىغانلارنىڭ قېشىغا بارمىغان، توپىغا قوشۇلمىغان تۈزۈك. ئالتە ۥنادان مەقسەتسىز توپلاشقان يەردە دوزاخ ئوتى يالقۇنجايدۇ.

سادىرنىڭ دادىسى بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك باغ تەرەپكە ماڭدى ۋە قوشۇمچە قىلىپ جېكىلىدى:

— ئاڭلىدىڭمۇ، ئېسىڭدە بولسۇن! ئادەم بىلىمسىز بىلەرمەنلەردىن بولۇپ قالمىغۇلۇق، چېپىلغاق ئادەمدىن كىشىلەر بىزار بولىدۇ. بىلىمسىز سۈكۈت قىلسا، بىلىمسىزلىكى چانمايدۇ. سۈكۈت گۈزەل ئەخلاق جۈملىسىگە كىرىدۇ. دۇنيادا مىجەز- خاراكتېرى ئوپمۇئوخشاش ئىككى ئادەمنى تاپقىلى بولمايدۇ، ئادەملەرنىڭ مىجەز- خاراكتېرى خىلمۇخىل بولغاچقا، ئوخشىمىغان ئىشلارغا قىزىقىدۇ. ئوخشاش ئىشقا ئوخشاشمىغان كۆز قاراشلاردا بولىدۇ. «جاھاندا كۆپتۇر كۆرگەندىن كۆرمىگىنىڭ، كۆرمىگەننى كۆرسەڭ ئۆلمىگىنىڭ» دېگەندەك، كۆرمىگەننى كۆرىدىغان، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلايدىغان گەپ. كۆرگەنلىكى ئىشقا قىزىقىپ، ئاڭلىغانلىكى گەپكە ئارىلىشىپ ئۆتكىلى بولمايدۇ. ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلاشمىغان ياخشى. ئادەم ئەپۇچان، كەڭ قورساق بولسا ئابرۇيى ئۆسىدۇ. ئاداۋەتخورلۇق ئادەمنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكىدۇ. بۇنداقلاردىن ياخشىلىق كۈتۈش ئەخمىقانىلىك. تىرىكچىلىكتە بىرسى بىلەن بىر نېمە دېيىشىپ قالمايدىغان ئادەم يوق دېيەرلىك بولىدۇ. ئاداۋەت ساقلاش ئەڭ چوڭ كۆڭلى قارىلىق. دۇنيادا ئەيىبسىز ئادەم يوق، باشقىلارنىڭ ئەيىبىدىن رەنجىپ ئاداۋەتلىشىپ يۈرمەي، ئۆزىنىڭ تايىقىدا ھەيدىگۈلۈك. تايىنى يوق ئىشقا كىملەر بىلەندۇر دۈشمەنلىشىپ يۈرۈش ئادەمگەرچىلىك ئەمەس. ھېچبىر ئورتاقلىق بولماي تۇرۇپ دوست تارتىشىپ يۈرۈش-

نىڭ تېخىمۇ زۆرۈرىيىتى يوق.
ئاتا- ئانىسىنىڭ نەسىھەتلىرى سادىرغا ئەللەيلىگەندەك تۇيغۇ بې-
غىشلىدى. ئۇنىڭ ئەلەمدە ئۆرتىنىۋاتقان روھىي دۇنياسى زىددىيەت-
لىك، كۆڭۈلسىز خىياللاردىن ھالقىپ، نۇرلۇق بىر مەنزىلگە ئېلىپ
بارىدىغان داغدام يولغا چىققاندەك بولدى- دە، ئۇلۇغ- كىچىك تىنىپ،
ئۇھ تارتقىنىچە كۆزىنى يۇمدى.
دېرىزىدىن شۇڭغۇپ كىرگەن كۈچلۈك قۇياش نۇرى، سادىرنى
ئويغىتىۋەتتى. ئۇنىڭ چىرايى سولغۇن كۆرۈنەتتى. ئۇ ئەقلىگە كەل-
گەندىن بېرى، بۈگۈنكىدەك قۇياش كۆتۈرۈلگۈچە ئۇخلاپ قالغىنىنى
بىلمەيتتى. ئانىسىنىڭ ئۇنى ئويغاتمىغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئىدى.
ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ مۇقەددىمىسى دەيدىغان گەپ بار. سەھەردە تۇرمىغان
ئادەمنىڭ ئۆلۈكتىن پەرقى يوق، ئاز ئۇخلىغان ئادەم ساغلام بولىدۇ،
ئۇزاق ئۆمۈر كۆرىدۇ. ئىشلىرىنى بالدۇر تۈگىتىدۇ، دەيتتى ئانىسى
ئۇنىڭ سەھەردە تۇرغانلىقىنى كۆرگەندە.
سادىر قوپۇشقا تەرەددۇتلىنىپ ئەسنىدى، ئەمما پۇت- قوللىرىدا
جان يوق ئىدى. ئۇ ئادەتتە ئاز ئۇخلىسىمۇ قېنىپ ئۇخلايتتى. كۆپ
ۋاقتىنى ھاياتلىق پائالىيەتلىرىگە قارىتاتتى. بارلىق مەنە پائالىيەتتىلا
دەپ بىلگەچكە، ھاياتنىڭ مەنىسىنى كۆپىنچە ھاللاردا باسقان ئىزىدىن
ئىزدەيتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ھاياتتا قالدۇرغان مەنىلىك ئىزلارنىڭ
ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆرگەنلىرى كۆر-
مىگىنىنىڭ مىڭدىن بىرىگىمۇ يەتمەيتتى، ھەدېسە تەبىئەتكە، جەمئى-
يەتكە قىزىقىشى ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئىدى. ئۇ ئانىسىغا كۆرسەتمەي
ناشتا قىلدى. ئانىسى ئۇنى سەھەر تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى دەپ
بىلەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم، بېشى گاراڭ، كۆزلىرى بەقەمدەك
قىزىل، پۇت - قوللىرى ماغدۇرسىز ئىدى. ئۇ بازار ئايلىنىپ روھىي
ھالىتىنى تەڭشەشنى ئويلىدى بولغاي، دېھقانلار بازىرىنى كۆڭلى
تارتىپ شۇ تەرەپكە يول ئالدى.
سادىر شەيئىلەرگىلا ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتكىمۇ قىزىقاتتى،

جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەر بىلەن ئارىلىشاتتى. بۇنىڭدىكى مۇددىئاسى شۇ ساھەنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئىدى. ھەپتىدە بىر كېلىدىغان دېھقان بازىرىنى كۆزىتىش ئارقىلىق خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى، ئىستېمال سەۋى-يىسىنى، ئېلىم- سېتىم ۋە خەلقنىڭ روھى قاتارلىقلارنى بىلگىلى بولاتتى، سادىر ھەممىگە تەكشى زەن سېلىپ مال بازىرى تەرەپكە كېتىۋاتقاندا، قادىر ئۇچراپ قالدى. قادىر شەھەرلىك ھۆكۈمەتتە ئىشلەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ماسلىشىشچانلىقى، گەپ - سۆزىنىڭ تاتلىق-لىقى، چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىپ، «كۆتۈرۈش» كە ئەپچىللىكى، قىتىغۇرلۇقى بىلەن يامان ئەمەس خىزمەت ئورنىغا ئېرىشكەنىدى. ئۇنىڭ ئالىغاي كۆزلىرى باشلىقلارغا ياكى بىر قەدەر ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئارىلىشىدىغان كىشىلەرگە چۈشسە، پارقىراپ كېتەتتى. بەزىدە باشلىققا كۈچۈكلىنىپ، خۇشامەت قىلىپ، ياخشچاق بولۇش ئىشتىياقىدا پارقىرىسا، بەزىدە يېقىنلىرىغا ئاڭلىغانلىرىنى دەپ بې-رىش قىزغىنلىقىدا پارقىرايتتى. ئۇ مۆرىتىدە باشقىلارنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن، ئەتەي قىزىق گەپلەرنى گويا ئايەت يادلىغاندەك ئىش-تىياق بىلەن يادلايتتى، بۈگۈنكى كۆرۈشۈشتە سادىر بىلەن ئىككىسى ئانچە قىزغىن بولۇپ كېتىشمىدى. قادىردىكى قىزغىنلىق ئادەمگە قاراپ ئوخشىمايتتى، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى ئوبدان بىلەتتى، ئەمە-لىيەتتىمۇ مىجەزىدىكى بۇنداق ئۆزگىرىش بارا - بارا گەۋدىلىنىپ، دوستلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىمۇ ئاستا - ئاستا يىراقلىشىۋاتات-تى، ئۇ ھەرقانداق ئادەمگە ئىمتىياز، ئورنىغا قاراپ مۇئامىلە قىلات-تى، كۆرگەنلا ئادەم بىلەن باردى - كەلدى قىلىشمايتتى، ھەتتا سالام-سەھەتتىمۇ ھار ئالاتتى. بۇ ئۇنىڭ شەھەرلىك ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدىغان-لىقىنىڭ سۈرى ئىدى. سۈنئىيلىك، ياسالمىلىق، يۇقىرىدىكىلەرگە ياخشى كۆرۈنۈش، سۇخەنچىلىك ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئىگىلىگە-نىدى، سادىر ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى، گەرچە قادىر بىلەن ئىككىسىنىڭ تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان مۇھىتى، ئىچكەن سۈيى، سۇ-

مۇرگەن ھاۋاسى، ئالغان تەلىمى ئوخشاش بولسىمۇ، بىرسىدىكى مەنپەئەتپەرەسلىك بىلەن پەسكەشلىك، يەنە بىرسىدىكى ئۆزىگە ئىشەنىش بىلەن ئالىيجانابلىق ئۇلارنى ئاللىبۇرۇن ئىككى خىل دۇنيا قاراشقا ئىگە قىلىپ، ئىككى خىل ياشاش يولىغا سالغانىدى. سادىر قادىر بىلەن ئادەتتىكىچە ئەھۋال سورىشىپلا مال بازىرى تەرەپكە بۇرۇلدى.

— باقمىچىلىق قىلمايۋاتقانسەن؟ — چاقچاق قىلدى قادىر.

— ئۇنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ، — سادىر تۇزلا ئىنكاس قايتۇردى.

— ئەخمەق، جاننى قىيناپ نېمە قىلىسەن؟ ئەپلەپ- سەپلەپ، ناھىيە دەرىجىلىك كادىر بولۇۋالساڭ، ھەممە ئىشىڭ پۈتىدۇ، ئۆمۈرلۈك غەم - قايغۇدىن خالاس بولىسەن، توققۇزۇڭ تەل، باياشات ياشايسەن.

سادىر بۇرادىرىگە تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ئەجەبلىنىپ قارىدى.

— بۇ بازاردىكى ئادەملەرنى كۆرۈۋاتامسەن؟ — سادىر قولى بىلەن بازارنى كۆرسەتتى، — بىزدە مۇشۇنداق بازاردىن نەچچە يۈزى باردۇ؟ كىشىلەر ئۆزىنىڭ كۈچىگە، ئەقىل - پاراستىگە تايانمىسا، ھەممىسى ھۆكۈمەتكە، ئاتا- ئانىسىغا، قول ئىلكىدە بار تۇغقانلىرىغا يۆلىنىۋېلىپ، بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن دەپ ياتسا بۇ جاھان نېمە بولۇپ كېتەر؟ ھاكىم دەرىجىلىك كادىردىن بىر شەھەردە نەچچىسى بولىدۇ، سەن ھازىر نېمە دەرىجىلىك بولدۇڭ؟

— يېزا دەرىجىلىك.

— ئۆرلىشىڭ بەكمۇ ئاستا بولۇپ قاپتۇ، مەن تېخى سېنى ئاللىبۇرۇن نىشانىغا يەتتى دەپ قاپتىمەن.

— بۇدورقى تەگشەشتە بىر گەپ بولىدۇ.

— ئامىتىڭ كەلگەي، نۇسرىتىڭ كۈلگەي، — سادىرنىڭ كۆزى بوي- بەستى قاملاشقان، بۇرۇتى ئۆزىگە شۇنداق ياراشقان، كۆزلىرى

ئويناق، قوللىرىنى شىلتىپ گەپ قىلىشلىرىدىن سۆزمەنلىكى چىقىپ
تۇرىدىغان بىر كىشىگە چۈشتى،— ئاۋۇ ئادەمنى تونۇمسەن؟
— ياق، بىلمەيدىكەنمەن.
— روزى داۋۇت دېگەن شۇ، ئاغزىدىن ھېكمەت مارجاندەك
تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ، قولى ئىشتىن توختىمايدۇ. ئاجىزغا ياخشىلىق
قىلىدۇ، نامراتنى يۆلەيدۇ، يولسىز ئەسكىدىن قورقمايدۇ، ئۇنىڭ
مەغرۇر قىياپىتىنى كۆرۈۋاتامسەن، ئۇ ھېچ كىشىنىڭ ئالدىدا قورۇن-
مايدۇ، بويۇن قىسمايدۇ، تەمە قىلمايدۇ، ئامىتى كەلگەنگە ئىچى
تارلىق قىلمايدۇ. بەخت - تەلەي ئاشۇنداق كۆڭلى - كۆكسى كەڭ،
قولى ئوچۇق، جەسۇر، قورقماس ئادەملەرگە نېسىپ بولىدۇ. خۇشا-
مەتچى، تەمەخور، ئېتىقاد، ئىخلاسى يوق نامەردلەر مەرتىۋىسى ئاس-
مانغا يەتسىمۇ، بەختىيار بولالمايدۇ، چۈنكى ئۇنداقلار ئۆزىگە تەئەل-
لۇق ئەمەس. باشقىلارغا يېلىنماي، كۆزىگە تەلمۈرمەي، بۇ كەڭرى
جاھاندا مۇستەقىل تىرىكچىلىك قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ. جېنى-
نى بېقىش ئۈچۈن ۋاستە تاللىمايدۇ. رەزىل قىلمىشلاردىن باش
تارتمايدۇ. ئاقىللار، مەردانىلەر ياشاش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى بۇ
دۇنيادا ياشىيالايدىغانلىقى ئۈچۈنلا ياشايدۇ.
— توۋا، كۆرلىما، بۈگۈنكى بازاردىن بىر قوي ئالغۇچە بەش
خوتۇن ئالغىلى بولىدۇ جۇما، سەھەرنىڭزى بىرسى نېسىپ بولماپتۇ.
روزى داۋۇت كوچا دوقمۇشىدا تۇرغان قويلارنى كۆرگەچ پاراڭ
سالاتتى، ئۇنىڭ يۇقىرىقى گېپى بىر توپ ئادەمنى پاراقىدە كۈلدۈرۈ-
ۋەتتى.
قادىر سادىرنى نوقىدى:
— سەن ئۇ ئادەم بىلەن تونۇشامسەن؟
— تونۇشىمەن.
— ئەجەب قىزىق گەپ قىلىدىكەن، ئارىلىشامسىلەر؟
— مۆرىتىدە.
— ئۇنداقتا قىزىق گەپلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىدىكەنسەن- دە؟ ئې-

سىڭدە قالغانلىرىنى ماڭا ئېيتىپ بەرسەڭ بوپتىكەن.

— سەن ئاڭلىغانمۇ؟

— ئانچە-مۇنچە ئاڭلىغان، ئۆزىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشىم.

— ئۇنداق بولسا ئاڭلىغانلىرىڭنى دەپ باقە!

قادىرنىڭ ئەڭ قىزىقىدىغىنى ئاڭلاشلا ئەمەس، بەلكى ئاڭلىغانلىرىنى قايتا ئېيتىش ئىدى. ئۇ ناھايىتى زوق بىلەن سۆزلىدى، كۆزلىرى ئويناپ كەتتى.

— بۇ ئادەم ئاشپەزكەنغۇ، بىر كۇنى دۇكىنىغا بىر سودىگەر ئايال تاماق يېگىلى كىرىپ، پۇتلىرىنى ئورۇندۇقنىڭ ئۇستىگە ئېلىپ ئولتۇرۇپتىكەن، بۇ قىلىق روزى داۋۇتنىڭ كۆزىگە سىغماپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، نېمە يەيلا خېنىم؟ دەپ سوراپتۇ، ئايال: چارەك ئاش دەپتىكەن، روزى داۋۇت كۇلگىنىچە، دوپپىسىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ كېتىپ، ئوبدان، ئوبدان، مانا ھازىر كېلىدۇ. چارەك ئاش يەپ ئولتۇرۇشلىرى شۇ، يېرىم ئاش يېسىلە پۇتلىرىنى دولامغا ئالامتىلە؟ دەپتۇ.

قادىر ئۆزى گەپ قىلىپ ئۆزى كۇلۇپ كەتتى. سادىر بۇ گەپنى بۇرۇن ئاڭلىغاچقا كۆڭلى قىچىقلانمىدى، ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۆز خىيالىنى سۈرۈۋەردى.

— مەن ماڭاي، ماشىنام ساقلاپ قالغان، — دېدى قادىر سادىرنى خىيال قۇچىقىدىن تارتىپ.

ئەگەر سادىرنىڭ ئاڭلاشقا زوقى بولغىنىدا، ئۇنىڭ گەپلىرى تۈگىمەيتتى. سادىر ئۇنىڭغا ئېچىنغاندەك قاراپ قويغاندىن كېيىن، روزى داۋۇتنىڭ ئۆزىگە قىلىپ بەرگەن گەپلىرىنى ئەسلىدى:

— كۆرسىلە، ھازىرقى ئەركىشىلەر خوتۇن خەق تاماق ئېلىپ بەرسە يەپ، قىزارماي دېۋاندەك رەھمەت دەپ، كەينىدىن ماڭىدىكەن.

سادىرنىڭ نەزىرىدە قادىرمۇ روزى داۋۇت ئېيتقان ئەرلەرگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ قادىرنىڭ ھاياتىغا ئېچىندى. چۈنكى، ئەمەل-

ـدارلار چىرىكلەشكەندە ئوتتۇرا قاتلامدىكى رەھبەر بولۇش بەڭگە خوتۇن بولۇشتىنمۇ قىيىن ئىش ئىدى.

سادىر كىملەر ئۈستىدىندۇر كۆلەتتى. بۇ كۈلكىنىڭ ئىچىگە ئاچچىق كىنايە - مەسخىرە يوشۇرۇنغانىدى. ئادەم ئۈمىد بىلەن بەختـ كە، ئىشەنچ بىلەن غايىگە، جاپا - مۇشەققەتنى يېڭىش بىلەن مەقسەتكە يېتىدىغانلىقىنى چۈشەنسىمۇ، يەنىلا: شېرىن قۇرۇق خىياللاردىن خاـ لىي بولالمايتتى. سادىر ئازراق ۋاقتى بولسىلا كىتاب كۆرەتتى، كۆرگەندىمۇ ئاجايىپ قىزغىنلىق بىلەن كۆرەتتى. كىتاب كۆرۈشتىكى مەقسىتىنىڭ تۇرمۇشنى گۈزەل ۋە مەنىلىك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىـ كەنلىكىنى چۈشەنگەندە، بىلىم ئىگىلەش ئىشتىياقى ھەسسىلەپ ئاـ شاتتى. تۇرمۇش ئادەملەر بىلەن باغلىنىشلىق ئىدى. كىشىلىك مۇناـ سىۋەتتە ياخشى- يامان مۇئامىلىلەرگە ئۇچراپ، ئادەملەر توغرۇلۇق خىيال قىلغاندا، ئادەملەرنىڭ دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇشنى تۈپ نۇقتىـ دىن مەسئۇلىيەت، ئەستايىدىللىق، چىن مۇھەببەتنىڭ مەھسۇلى دېـ گەندىن كۆرە، شەھۋانىيلىق بىلەن شاللاقلىقنىڭ مەھسۇلى دېگەن تۇزۇك. شۇڭا، ئادەم ئاز، نوپۇس كۆپ دەيتتى. مۇھەببەتنىڭ مەھـ سۇلى بولغىنىدا قەلبى گۈزەل، يارقىن، سۇباتلىق، مەردانە، ھەققاـ نىيەتچىل، ھاياتقا قىزغىن ئەۋلادلار بارلىققا كېلەتتى. سادىر ئوقۇـ مۇشلۇق زاتلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشنى ئادىتىگە ئايلاندۇرغان بولۇپ، گەپ - سۆزدە ئەستايىدىل ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بىر ئادەمنىڭ ئاغزىدىن چىققان گەپ يەنە بىر يەردە چوقۇم تەكرارلىناتتى. بۇ خىل ناچار پىسخىك ھالەت مەدەنىيەتسىز، تەربىيىلىنىش پۇرسىتى يېتەرلىك بولمىغان ئادەملەردە كۆپرەك ئۇچرايتتى. شۇڭا، ئۇ كۆرـ گەنلا ئادەمگە گەپ قىلمايتتى، گەپلىرىنى ئاڭلايتتىيۇ، ئالدىراپ ئىنكاس قايتۇرمايتتى. ئوقۇمۇشلۇقلارنى سېغىناتتى، بۇنى ئۆز ۋۇـ جۇدىدىكى كەمتۈكلۈكنى تولۇقلايدۇ دەپ قارايتتى. كېچىلەرنى ئاساـ سەن ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزەتتى، ئۇخلاشقا ئورۇنۇپمۇ ئۇخلىيالمايتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى تۇرلۇك مەزمۇنلاردا تۇرلۇك شەكىلدە كۆيەتتى. ئۇخـ

لاشتىكى مەقسەت يېڭى هاياتلىق كۆرەشلىرى، يېڭى زىددىيەتلەرنى
هەل قىلىش ئۈچۈن جىسمانىي ۋە روھىي كۈچ توپلاش ئىدى. ئۇنىڭ
ئويلايدىغانلىرى، پىكىر يۈرگۈزىدىغان مەسىلىلىرى كۈندىن - كۈنگە
كۆپىيىۋاتاتتى، نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ، ئەلەملىك قەلبىنى ئاستا.
ئاستا خۇشاللىق ھېسلىرى ئىگىلىمەكتە ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ
مەنىۋى ئەمگەكلىرىدىن ھۇزۇر ئېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ خىيالى روھىيەت
كۆكىدە پەرۋاز قىلىپ، ئۆزىنىڭ مۇناسىۋەت دائىرىسىدىن، تۇرمۇش
مۇھىتىدىن ھالقىپ كېتىۋاتاتتى، ئەقلى بولسا زىددىيەتلەر قايىنىمى.
دىن مەنە ئىزدەيتتى. قەلبىدە پانىي ئالەمگە بولغان ئىشتىياق ئوتى
يالقۇنجاپ كۆيەتتى. ۋۇجۇدى لاۋادەك ياناتتى. روھىدىكى بۇ ئوتنى
كىملەرگىدۇر ياققۇسى كېلەتتى‌يۇ، ئاقىۋىتىدىن ۋەھىمىگە چۈشەتتى.
يېتىمسىرىگەن روھى دىلكەش ئۇلپەت ئىزدەيتتى، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ
بىلەن ھېچقانداق مەنپەئەت مۇناسىۋىتى يوقتەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭغا
ھېچ كىشى ئەگەشمەيدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنى ئەگەشتۈرمەكچى بولغان.
لارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كاززاپ، چەككە يەتكەن شەخسىيەتچى،
ئىككى يۈزلىمچى، ۋىجدانسىز جان باقارلار ئىدى.* گەرچە ئۇلارنىڭ
ئېتى ئۇلۇغ، ئىمتىيازى ئۈستۈن بولسىمۇ، ئۇ ئەگەشسىلا تۇيۇق
يولغا كىرىپ قالىدىغاندەك تۇيۇلۇپ، ئادەملەردىن ئەقىدە، سەممىي.
لىك كۈتەتتى، ئادەملەر بولسا پەقەت جان بېقىش ئۈچۈنلا، يەنە
كېلىپ باشقىلاردىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپ، ياخشىراق جان بېقىش
ئۈچۈنلا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ساختا ئەقىل ئىشلىتەتتى. ئۇنىڭ
ۋۇجۇدى ئوي - خىيالنىڭ ئەسىرىگە ئايلانغان بولۇپ، ئويلىرى ئۆزد.
نى ئالدايدىغان خام خىيال ئەمەس، بەلكى مەسىلىلەر ھەققىدە ئىلمىي
يەكۈنگە ئېرىشىش، مەنتىقىلىق خۇلاسە چىقىرىش، شەيئىلەر قانۇن.
يەتلىرىنى بىلىشنى توپ مەقسەت قىلاتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، كىشى.
لىك ھاياتنىڭ بىھۇدە ئۆتمەيدىغان چاغلىرى بولماي قالمايتتى؛ جاھان.
نى چۈشەنگەن، ئۆزىنى سۆيگەن، بەختىۋاشلىقتا بىھۇدە ئۆتكەن چاغلار
ھاياتنىڭ گۈللەپ ياشنىغان ئالتۇن دەۋرى سانىلاتتى. لېكىن، ئۇ

بۇنداق قاراشتىن دەرھال يېنىپ، ھاياتقا نىسبەتەن يۈكسەك مەسئۇلـ-
يەتچانلىق، تەۋرەنمەس ئىرادە بولغاندىلا مەڭگۈلۈك خاتىرجەملىك
كاپالىتىگە، ئىناۋەت شەرىپىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى، ئەكسىـ-
چە ئەھۋالدا مەڭگۈ روھىي سەرسانلىق، خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە
ماددىي ۋە مەنىۋى نامراتچىلىقنىڭ قەلەندەرى بولۇپ ئۆتىدىغانلىقىنى
چۈشەنگەندە، روھى ئويغىنىپ، ۋۇجۇدى كۈچ - قۇۋۋەتكە تولاتتىيۇ،
نېمىگە ئىشەنچ قىلىپ، نېمىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش مەسىلىسىدە قاي-
مۇقۇپ، ئۈمىد، ئارزۇلىرى خىيالىي چاڭ- توزانلار ئىچىگە سىڭىپ
كېتەتتى. ئادەم پارلاق كېلەچەك نىشانىنى يوقاتقاندا، بۈگۈنىدىن
لەززەت ئالالمىغاندا، كىشىلىك قەدىر- قىممىتىنى تاپالمىغاندا ئىنى-
سانلىق ئورنىنى، ئادىمىيلىك ئوبرازىنى دەخلىگە ئۇچراتقان بولاتتى.
كونا ئەخلاق دەستۇرلىرىنى، مەلۇم مەسىلىنىڭ قېلىپلاشقان ئىلمىي
شەرتىنى ئىزچىل ھالدا نەقىل كەلتۈرۈشمۇ كىشىلەردىكى مەنىۋى
ئەبگارلىق، روھىي غېرىبلىق ھېسابلىنىدۇ، بۈگۈنگە بۈگۈنچە تەبىر
بېرىش ئىزدەنگۈچىلەرگە مەنسۇپ، بۈگۈننى چۈشەنمىگەن ئادەم ئۆز
ھاياتىنىڭ خوجايىنى بولالمايدۇ، بۈگۈننىڭ تەلەپلىرىگە ئۆزىنى ماس-
لاشتۇرالمايدۇ، دەيتتى ئۇ دائىم ئۆزىگە ئۆزى.

سادىر ئىزدىنىشلىرى چوڭقۇرلاشقانسېرى ھاكىمىيەت يەر شارى-
دىكى ئەڭ قۇدرەتلىك، ئەڭ كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە تۈزۈلمە
ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ پەقەت ھۆكۈمەتلا خەلقنى
ئەڭ بەختلىك ھەم ئەڭ بەختسىز قىلالاتتى. ھۆكۈمەتنىڭ ئەۋزەل
سىياسىتى بولمىسا، سەنئەتكارلار قەلەندەرچىلىك قىلاتتى. ئوقۇتقۇ-
چىلار تام تۈۋىدىكى ئاپتاپتا بالا ئوقۇتۇپ «پەيشەنبىلىك» يەيتتى.
دېھقانلارنىڭ كۈن كەچۈرۈشى تېخىمۇ قىيىن بولاتتى. ئىنسانىيەت
جەمئىيىتىدە ھاكىمىيەتكە ۋەكىللىك قىلغۇچىلار چاكىنىلاشسا، پەس-
كەشلەشسە، كاززاپلىقنى خىزمەت نىزامى قىلىپ چىرىكلەشسە،
خەلققە كۈن قىزىرىپ چىققان ئەتىگەندىلا قىيامەت بولغانغا باراۋەر
ئىدى. سادىر تەپەككۇرى چوڭقۇرلاشقانسېرى ئۆز ئەقلىدىن سۆيۈنۈپ

كۆلۈپ كېتەتتى.

سادىرنىڭ ئەخلاق بىلەن ئەخلاقسىزلىق ھەققىدىكى ئوي - خىيال-
لىرىمۇ ئۆزگىچە ئىدى. بەخت - سائادەت كەيپ - ساپا ۋە ئەخلاقسىز-
لىقتىلا ئۆز مەنىسىنى تاپىدىغاندەك قىلاتتى. سادىر بۇرۇن ئەخلاق-
سىزلىق مەدەنىيەتسىز ئادەملەرنىڭ يوشۇرۇن ياكى ئاشكارە مەنۋى
پائالىيىتى دەيتتى. ۋاپا، ساداقەت، لەۋزىدە تۇرۇش، مەسئۇلىيەتچان-
لىق، جاپانى يېگىش ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك بۇرچ، تۇيغۇسى دەپ
قارىغان بولسا، ئەمەلىيەتتە بۇ خىل جاپالىق جەريانىنى بەخت ھېسابلى-
غىلى بولمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇنىڭ كۆزىتىشىچە، شارائىتى
بارلىكى ئادەم ئۆز تۇرمۇشىدا، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئىككى خىل
رول ئېلىۋاتاتتى. ئاغزىدا ئەۋلىيادەك سۆزلەپ، ئەمەلىيەتتە ئوغرى،
قاراقچىلارنىڭ ئىشىنى قىلماقتا ئىدى، بىر- بىرىنى ئالداپ بەخت
ئىزدەيتتى، ئىبادەتنى پەقەت ئادەت كۆچىدىن قورقۇپ قىلاتتى، شۆھ-
رەت ئۈچۈنلا ياخشىلىق قىلغان قىياپەتكە كىرىۋالاتتى. ئادەملەر خۇ-
دادىن پايدا ئالالمايۋاتقاندەك، ئۇنىڭ يولىنى تۇتۇپ، ئىرادىسى بويىچە
ئىش قىلسا زىيانغا ئۇچرايدىغاندەك، ئەكسىچە بولغاندا ئىشلىرى ئو-
ڭۇشلۇق، ئاسان بولىدىغاندەك قىلاتتى، خەقتىن قورقاتتىيۇ، خۇدا-
دىن قورقمايتتى.

سادىر مارىيەنىڭ زىل ۋە دەھشەتلىك ئاۋازى قۇلاق تۈۋىدە قايتا
ئەكس ئەتكەندە، ئاياللار توغرۇلۇق ئويغا پاتتى. ئۆزىدە بىر خىل
غەيرىي كۆچىنىڭ يېتىلىۋاتقانلىقىنى، بۇ كۆچىنىڭ ئاياللار بىلەن بول-
غان غەيرىي ئالاقىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەندەك بول-
دى. ئۇنىڭ كۆڭلى تالادىن جورا ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى. كۆڭلىنى
ئەقلى، ۋىجدان، غۇرۇرى سوتلايتتى. ھەممە نەرسىنىڭ جۈپ - جۈپى
بىلەن يارىلىشى ئۇنىڭ زوقىنى قوزغايتتى، ئادەملەرنىڭ ۋە نەرسىلەر-
نىڭ نەپسى پەقەت ھەقىقىي جۈپلۈكتىلا قانائەت تاپاتتى. قانائەت،
ساداقەت، ۋاپا، مۇھەببەت، روھىي توقلۇق، جىنسىي قىزغىنلىق ۋە
نىكاھلىق بولۇش — ھاياتلىقتىن بەھرە ئېلىش بىلەن بىرگە ھاياتلىق-

نى ئۇزۇلدۇرمەي داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ئاساسى ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى
كىملەرنىدۇر تارتىسمۇ، بىر ئايال بىلەن مەڭگۈ ئەڭ يېقىن ھەم ئەڭ
دوستانە ئۆتۈشنى ئويلايتتى، ئۆز نىكاھىدىكى ھالال جۈپتى شۇنىڭغا
تالىق ئىدى. ئۇنىڭ كۆزىتىشىچە، كىشىلەرگە كېلىدىغان كۆڭۈل-
سىزلىك، دەرد - ئەلەم، بارلىق ئاھۇزارلارنىڭ مەنبەسى پەقەت ئەڭ
يېقىن ئۆتكەن ئادەملەر ئىدى. شۇڭا، ئەڭ ئېھتىياتتا ئۆتۈشكە تېگىش-
لىكلەر دوست - بۇرادەر، كۆڭلى يېقىنلار ئىدى. كىشىلىك مۇناسى-
ۋەتتە ئەستايىدىل، ھەققانىي بولمىغاندا تارتىدىغان خاپىلىق ناھايىتى
ئېغىر بولاتتى. يېقىنىم دەپ، ھۆرمەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىپ،
ھەممە ئىشتا ئىشىنىپ، يول قويۇۋېرىشكە بولمايتتى. ئۆزىنىڭ يول-
لۇق مەنپەئىتىگە، ئەخلاق قارىشىغا مۇناسىپ كەلمىسە، كىم بولۇشى-
دىن قەتئىينەزەر، چىرايلىقچە رەت قىلىش ئاقىلانىلىك ئىدى. ھەقى-
قەتەن ئېتىراپ قىلغۇدەك ئارتۇقچىلىقى بولسا، تىرىشىپ ئۇنىڭدىن
ئۆتۈپ كېتىش، ھەرقانداق ئادەمگە بىلىپ - بىلمەي قارشى تۇرماسلىق
كېرەك دەيتتى.

سادىرنىڭ ئەقلى ئەتراپتىكىلەر سەزمىگەننى سېزەلەيدىغان، كۆ-
زى بولسا كۆرگەنلا ئادەملەر كۆرەلمىگەننى كۆرەلەيدىغان دەرىجىدە
ئۆتكۈر ئىدى. ئۆزى بىلەن ئۆزى سىردىشىش، ئىزچىل تۇردە ئىزدى-
نىش ئۇنىڭغا شۇ خىل مەنىۋى بايقاش ئارتۇقچىلىقىنى ئاتا قىلغانى-
دى. ئۇ ئىنچىكە كۆزىتىش، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، سېلىشتۇرۇپ
كۆرۈش نەتىجىسىدە ئىنسانلارنىڭ ھالال، پاكلىقى بىلەن ناپاكلىقى
ئۆز ئارا گىرەلىشىپ كەتكەندەك تۇيغۇغا كەلدى. كۆپلىگەن ئادەملەر-
نىڭ ھاياتىنىڭ قىممىتى ۋە مەنىسىنى تېپىش يولىدىكى ئىزدىنىشلىرى
ھەققانىي تىرىشچانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى مەنپەئەت قوغلىشىپ پەس-
لەرچە قاتراشلىرىدىن كەلگەندەك كۆرۈنەتتى. چاچلىرىنى چىرايلىق
ياسىتىپ، ئالىي كىيىملەرنى كىيىپ، لاياقەتسىز بويىنىغا گالستۇك
تاقاپ، ئالدىراش ماڭغانلارمۇ ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان مۇھىم بىر
ئىش ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزىنىڭ قامىتىگە لايىق ئىززەت - ھۆرمىتىنى

ئاشۇرىدىغان ئالىيجانابلىق ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى قاتناشىمۇ. قات-
ناشمىسىمۇ بولىدىغان مەنىسىز پائالىيەت ئۇچۇن، ھەتتا بىر-ەر پەس-
كەشلىك ئۇچۇن كېتىۋاتاتتى. سادىر ئاچچىق كۈلەتتى، كىملەر ئۇ-
چۇندۇر ئېچىنىپ ئۆرتىنەتتى. چىرىگەن بەختىدىن كېرىلىپ، ھارام
ئامەتلىرىدىن سۆيۈنۈپ، مەيدىسىنى كېرىپ يۈرگەنلەرنىڭ كۆپىنچى-
سى مەسئۇلىيەتسىز، ئىككى يۈزلىمچى، ساختىپەز، كۆز بويامچىلار
ئىدى. ئادالەتنى ياقىلاپ، ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلەپ، ساپ تەر،
يۈرەك قانلىرىنى ئاققۇزۇۋاتقان سەرخىللار ھەر جەھەتتىن ناچار شارا-
ئىتتا ئىدى، ئۇنىڭچە پەسكەش مەنپەئەتپەرەسلەر ئالىيجاناب گەپلەرنى
ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. ئاقىللار بولسا سۈكۈتتە ئىدى. ئوچۇق گەپ
قىلىدىغانلاردىن ئۆزىنى تارتاتتى، ئۇنداقلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ قولى-
دىن ئىش كەلمەيدۇ، دەپ قارايتتى. بۇ ئۇنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى-
دىن ئەمەس، بەلكى نازۇك سەزگۈسى ئارقىلىق چىقارغان يەكۈن
ئىدى. ئۇ يېقىنلىرىدىن سىر ساقلىمايتتى. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا
«سىر» دەپ قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان ئىشلارنى قىلمايتتى. ئۇ-
نىڭ نەزىرىدە ئاشكارىلانمايدىغان مەخپىيەتلىك مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.
ئىنسان ئۇچۇن روھ ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. روھى ئۆل-
گەن ياكى ئۆلۈشكە يۈزلەنگەن ئادەم ئالدى بىلەن ئېتىقادىتىن، ئۇنىڭ-
دىن قالسا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ بىلەن ئۈمىدىتىن ئايرىلاتتى. ئىزدى-
نىش روھى ئويغانغانلار ئىنسانىيەت مەنىۋى دۇنياسىنىڭ مەشئىلى،
ئاۋام خەلق قېتىرقىنىپ تېرىسا كۆكلىدىكىدەك ھوسۇل ئالغىلى
بولىدىغان مۇنبەت زېمىن، زىيالىيلار بولسا دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ،
دەۋرنىڭ بايلىقى ئىدى. ماددىي بايلىق كىشىلەرنىڭ جىسمانىيىتىنى
پارقىراتسىمۇ، روھىي جەھەتتىن بىخۇدلاشتۇراتتى، روھىي جەھەتتى-
كى چىرىكلىك شەكلەن پارقىراشنى نامايان قىلسىمۇ، مەدەنىيەت،
مەنىۋى تىرەك جەھەتلەردىكى مۇھىم تەرەپلەرنى سۇسلاشتۇرۇپ، رو-
ھىيەتنى زاۋاللىققا يۈزلەندۈرەتتى. سادىرنىڭ تەقەززالىقى مەنىۋىيەت-
نى يۈكسەلدۈرۈشنى تۈپ مەقسەت قىلاتتى. ئۇنىڭ ئەقلى نادانلارنىڭ

كۆزىگە كۆرۈنمەيدىغان بىر يۈكسەك نىشاننى تاللىغان بولسىمۇ، سەمىمىيلىكىدىن رەنج - ئەلەم تارتقان كۆڭلى تەشۋىشتە ئىدى. تەپەككۇرى قايمۇقۇش ئىچىدە ھاياتتىن مەنە ئىزدەيتتى. نادانلىق نېسىپ قىلغان خۇشاللىق، ئەخلاقسىزلىق بەخش ئەتكەن بەخت، قانۇنسىز يول بىلەن كەلگەن ئامەت كەلگۈسىدىكى بەختسىزلىكنىڭ ئىسپاتى ئىدى.

سادىرنىڭ قارىشىچە، مۇھەببەت، غەمخورلۇق، كۆيۈنۈش، سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ يۈكسەك مەسئۇلىيىتى ۋە بەخت - سائادىتى ئىدى. قەلبىدىكى ئىزدىنىشكە تالىق بولۇش سۈپىتىدە تەقەززالىق بىلەن كۆيۈۋاتقان ئىشتىياق ئوتىنى ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ تۇرغان نۇرلۇق كۆزلىرىدىن كۆرگىلى بولاتتى. ئۇ ھەرقانچە كۆڭۈلسىز شارائىتتا قالغاندىمۇ چۈشكۈنلەشمەيتتى. كىمدە كىم چۈشكۈنلەشسە زاۋاللىققا يۈز تۇتاتتى، خاتالاشقان، يولدىن چىققانلارغا ھېسداشلىق قىلىش ئەخمىقانىلىك ئىدى. گۇناھقا پاتقانلارنى پەقەت ھەققانىي جازا تاۋلايتتى، ئېغىر ئەمگەك روھنى پاكلاشتۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قولىدىن بىر ئىش كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ روھى ئويغاق، غۇرۇرى ئۈستۈن ئىدى. ئىنساندىكى روھنىڭ ئۆلۈشى، مەنىۋى ئامىللارنىڭ سۇسلاپ كېتىشى مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە بولغان بىلىشنىڭ يۈزەكى بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ئۇنى چوڭقۇر ئويغا سالاتتى. ئويخىيال ئۇنىڭغا ھۇزۇر بەخش ئېتەتتى. ئەقىل بۇلىقىدىن چاچرىغان ھېكمەت ئۇنچىلىرى روھلاندۇرغاندا ئۇ قاقاقلاپ كۈلەتتى. بۇ كۈلكە ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان دەرىجىدە راھەتلىك ئىدى. قىسمەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى مەنبە ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆزى يولۇققان مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمىغانلىقىدىن تۇغۇلاتتى. ئادەم ئۆزى تاللىغان توغرا يولدا رىيازەت چېكىشتىن قورقماي ماڭسىلا ئارمان قىلغان شان - شەرەپكە ئېرىشەلەيتتى.

سادىر ئائىلىدىكى ئوڭۇشسىزلىقلار توغرۇلۇقمۇ ئۇزاق- ئۇزاق

خىياللارغا پاتاتتى. خاپىلىقى يوق ئائىلە مەۋجۇت ئەمەس، بەلكى يۈز
بەرگەن خاپىلىقنى ئۆز ۋاقتىدا ئاشكارىلاپ، چۈشىنىش ھاسىل قىلال-
مايدىغان ئەھۋاللار خېلى بار. بۇنىڭدا، ئەر- ئايال ئىككى تەرەپتىكى
روھىي ئاجىزلىق، ئەخلاقى بۇزۇلۇش زىددىيەتلەرنى ئاشكارىلاشتىن
ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. بۇ خىل ئائىلىلەر گەرچە مەدەنىيەتلىك، ئىلمىي
ئائىلىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە چاك - چېكىدىن دەز كەتكەن
بولىدۇ. توختام تۈسىنى ئالغان بۇنداق ئائىلىلەردە ئائىلە باشلىقى
دەردىنى ئۆزى بىلىدۇ. تۇرمۇشتا ناھەقچىلىككە يولۇققاندا، مۇۋاپىق
بولمىغان ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىگە ئۇچرىغاندا ھەققانىي قارىشىنى ئىپا-
دىلىيەلمىگەن، ئوڭۇشسىزلىق، چۈشىنىشمەسلىكلەرگە ئاقىلانە چۈ-
شەنچە بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىغان، كەتكۈزۈپ قويغان سەۋەنلىكلە-
رىنى تۈزىتىش پوزىتسىيىسىدە بولمىغان ئادەم بارلىق بىلەن يوقلۇق
پاسىلىدىكى كۆلەڭگىدىنلا ئىبارەت. خاپىلىق يوق ئائىلە دەپ قارالغان
ئائىلە ئەمەلىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان خاپىلىقنى ھېس قىلالمىغان ئائىلە-
دۇر. بۇنداق ئائىلىدىكى ئائىلە ئەزالىرى ئائىلە ھەققىدىكى بىلىم-
سىزلىكىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر، كۆرۈنۈشتە
خاپىلىقى يوق دەپ قارىلىۋاتقان ئائىلىگە ئەمەلىيەتتە ھەل قىلىش تەس
كەسكىن زىددىيەتلەر يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

سادىر تەپەككۇر جەريانىدا ھەر بىر مەسىلىگە يولۇققاندا ئاتىسى-
نىڭ ھاياتلىق ھەققىدىكى تەبىرلىرىنى ئۆزىنىڭ كۆزقاراشلىرىغا بىر-
لەشتۈرۈپ مۇلاھىزە قىلاتتى. «باشقىلارغا پەند - نەسىھەت قىلىشتىن
ساقلان، — دەيتتى ئاتىسى، — ئەمەلىيەتتە ئۇ ساڭا قارىغاندا كۆپنى
كۆرگەن، جىق ئىشلارنى بىلىدىغان ئادەم بولۇشى مۇمكىن، ئۆزىدىن
ئوقۇمۇشلۇق ئادەمگە نەسىھەت قىلىشتىن ئارتۇق نادانلىق بولمايدۇ.
جاھاندا بىلەرمەن بىلىمسىزلەر ناھايىتى كۆپ، كىشىلەرگە يەڭگىل-
لىك بىلەن باھا بېرىشتىن ساقلانماق كېرەك. ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ
توغرا باھا بېرەلىشىڭ ناتايىن، خاتا سۆزلەپ قويۇشتىن ساقلانغىلى
بولمايدۇ. ئاغزىڭدىن چىققان گەپنى ئۇنتۇپ كېتىسەن، خەۋىرىڭدە

يوق بىر دۈشمىنىڭ كۆپىيىدۇ. بالاغەتكە يەتكەن، ئەقىل - ھوشى جايىدا بولغانلىكى ئادەم نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى، نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۆز- ئۆزىنى چەكلەپ تۇرۇشقا كەلسەك، بۇ كىشىلەرنىڭ ئەخلاق قارىشىنىڭ ئويـ- غىنىشىغا باغلىق. ئادەملەرنىڭ ساپاسى ئۆسكەندە كۆز ئالدىدىكى پايدىغىلا ئەمەس، بەلكى ئىناۋەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولىدۇ. ئىناۋەتنى ساقلاش جاننى بېقىشتىن قىيىن. جەمئىيەتتە ھەرخىل دۇنيا قاراش، ھەرخىل كىشىلىك قاراش ۋە ھەرخىل تۇرمۇش قارىشىدىكى كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋەت سورۇنى، بەزى كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى ياخشى بولسىمۇ، يەنىلا ئاچ كۆز، پەس بولىدۇ. بۇ خىل ئادەملەرنىڭ قەلەندەردىن پەرقى بولمايدۇ. ئادەم ئۆمرىدە نېمىنى چوڭ بىلسە شۇنىڭغا ئېرىشەلمەي قالمايدۇ. لېكىن، ئاقىۋەتتە ئۆزى چوڭ بىلگەن نەرسىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇنداق ئادەملەر كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئىلمىي، توغرا، يوللۇق بولۇشنى چوڭ بىلـ- مەيدۇ. پەقەت پايدا- مەنپەئەت ھېسابىنىلا قىلىدۇ. ئاخىرىدا ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ، يېتىم بالىدەك يالغۇز قالىدۇ. ئۇلاردىكى ۋاقىتـ- لىق ئىمتىياز، سۇنئىي ھۆرمەتلەر ئۆزىنى قەدىرلىگەنلىكىدىن، قەـ- دىرلەشكە تېگىشلىك بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئامما بىلەن مەلۇم ئارىلىق ساقلاپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى يوشۇرغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، ئۇلارغا بولغان ھۆرمەت ھەم ساختا، ھەم ۋاقىتلىق بولىدۇ.»

ئادەملەر مىجەز - خاراكتېر، تەقى - تۇرقى جەھەتتىن ئوخشىـ- مايتتى. بەزىلىرى كەمتەر، كىچىك پېئىل، ئوچۇق - يورۇق بولسا، بەزىلىرى ھاكاۋۇر، مەن - مەنچى كىبىرلەتتى، ئۆزاق ئۆتمەي بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. بۇنداقلار يۇقىـ- رى تۆۋەندە چوڭ - كىچىك مەنسىپى بارلار ياكى تۇرمۇش ئەھۋالى يامان ئەمەسلەر ئىدى. سادىر بۇ خىل تىپتىكىلەرنى ھەرگىز ياقتۇرـ- مايتتى. ئۇنىڭ خالايدىغىنى تەبىئىيلىك، قانداق يارالغان بولسا شۇنـ-

داق ياشاش ئىدى. سۇنئىيلىك ناچارلىقنىڭ چەككە يەتكەنلىكىنى
كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ كۆزىتىشىچە، خۇدادىن قورقىدىغان، گۇناھلىق
ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىدىغان، ئېتىقادلىق ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى
تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر ئىدى.

كەچكى شەپەق تارقاپ، قاش قارىيىشقا باشلىغان چاغ ئىدى.
سادىر ئۆزى بىلەن ئۆزى سىردىشىپ ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئوتتۇن يۇدۇپ
كېتىۋاتقان بىر ئادەم مۇرىسىدىكى ئوتتۇننى جايىغا تاشلاپلا، ناماز
شامغا ئەزان ئېيتتى. شۇ ئەسنادا بىر «سانتانا» ماشىنا سەل نېرىدا
توختاپ، رەتلىك كىيىنگەن ئىككى يىگىت چۈشتى- دە، يانمۇيان ئۆرە
تۇرۇپلا ناماز ئوقۇۋاتقان كىشى تەرەپكە قاراپ سىيىشكە باشلىدى.
ئۇلار شۇنچە مەغرۇر، شۇنچە ئازادە ئىكەنكى ئۆزلىرىنىڭ نەدە تۇرۇ-
ۋاتقانلىقلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغاندەك كۆرۈنەتتى.

سادىر كۈلۈپ كەتتى. ئوخشىمىغان كەيپىياتتىكى ئوخشىمىغان
مۇناسىۋەتلەر ئۇنى ئەجەبلەندۈرگەنىدى. يوقسۇزلار ئاللادىن پانىي
دۇنيادا ياخشىلىق، ئاخىرەتلىكى ئۇچۇن جەننەت تىلەۋاتاتتى. بايلار-
نىڭ ئەركە بالىلىرى، نادان ياشلار بۇ دۇنيادىكى جەننەتتەك كۈنلىرى-
دىن كېرىلىپ تېرىسىگە سىغمايۋاتاتتى. ھېلىقىلار چالا مەست بولمى-
سا ئۇ دەرىجىدە ئۆزىنى يوقاتماس ئىدى.

ئېتىقاد توغرۇلۇق چوڭقۇر ئويغا پاتقان سادىرنىڭ نەزىرىدە، نېمە
ئىكەنلىكىنى بىلمەي قارىسىغا ئەگىشىشلا ئېتىقاد ئەمەس، بەلكى
يۈكسەك غايىگە يېتىشكە تۈرتكە بولىدىغان روھىي ئىلھاملا ئېتىقاد
ئىدى. كىشىلەر تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆسكەنسېرى كەيپ- ساپا يولىغا
مېڭىپ، ئەخلاقسىزلىشامدۇ؟ «ياق!— دەيتتى ئۇ ئۆز- ئۆزىگە، —
تەربىيە كۆرمىگەن، بىلىمسىز، ساپاسى تۆۋەن مەنىۋى ئەبگارلار شۇن-
داق بولۇشى مۇمكىن. ئادەملەر مەدەنىيلەشكەن، روھىي دۇنياسى
ئىلھامغا تولغان، ئىدىيىسى ئىلغارلاشقان چاغدا قارىغۇلارچە ئەگىشى-
ۋەرمەيدۇ. باشقىلارنىڭ تەھدىتىدىن، تاپا- تەنىسىدىن قورقمايدىغان
بولىدۇ. ئۆزىگە ئىشىنىدۇ. مەسىلىلەرگە مۇستەقىللىق نەزىرى بى-

لەن قاراپ، ئەقلىگە تايىنىپ يەكۈن چىقىرىدۇ. ئىلمىي دەلىللەشتە چىڭ تۇرىدۇ، ھەققانىيەت يولىغا ئۆزىنى بېغىشلىيالايدۇ. كىشىلەر نادانلىقتىن، نامراتلىقتىن قۇتۇلمىغۇچە روھىي جەھەتتىن ھەقىقىي ئازادلىققا ئېرىشەلمەيدۇ. ھەمىشە تەشۋىش ئىچىدە ياشاپ، تەقدىرىنى ئۆزى ماھىيىتىنى چۈشەنمىگەن نەرسىلەرگە باغلايدۇ.

سادىر باشقىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشنى خالىمايتتى، شۇڭا ئادەملەرگە كۆپ ئارىلاشمايتتى. بازار ئايلانغاندىمۇ يالغۇزلۇقنى ياخشى كۆرەتتى. چۈنكى، پەقەت يالغۇزلۇقتىلا ئۆزىگە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلغىلى بولاتتى. ئۇ بۈگۈنمۇ ئادىتى بويىچە دۇكان ئارىلاپ يۈرەتتى، كۆز ئالدىدا مارىيە پەيدا بولۇپ قالدى. سادىر ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ كەتتى، ئىككىنچى قەۋەت «ئائىلە سايمانلىرى شەھەرچىسى» بولغاچقا، ئادەملەر كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۇنى- بۇنى كۆرۈپ، چۈشۈپ كېتىشكە تەرەددۇتلىنىۋاتقان سادىر پەلەمپەي يېنىدا مارىيە بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

— كەچۈرۈڭ،— ئاۋۋال ئېغىز ئاچتى مارىيە،— مەن سىزنى چۈشەنمەپتىمەن. كۆزىتىش، سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق بىلدىم، سىز مەن ئويلىغاندەك يىگىت ئەمەسكەنسىز. كۆپ پۇشايمان قىلدىم، سىزگە قوپاللىق قىپتىمەن.

— ۋاقتى ئۆتتى، مەنمۇ ۋاقتى ئۆتكەندە قايتا - قايتا ئويلىنىپ ئاندىن سىز بىلەن كۆرۈشكەن، مەقسىتىم سىز بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈش ئىدى.

— مەن بىر ئەرگە ئالدانغان، ئالدانغانلىقىمغا پۇشايمان يەپ يۈرگەن كۈنلىرىم بولغاچقا، سىزگە ئۇرۇنسىز قوپال تېگىپ قويۇپتىمەن. يولىڭىزغا قارىغىلى بىر يىلدىن ئاشتى، مېنى كەچۈرۈڭ.

— ئەمدى ئۇ گەپلەرنى تەگەشمەيلى، ھەممىسى ئۆتمۈش، ئۇنتۇپ كېتىشكە تېگىشلىك ئۆتمۈش.

سادىرغا مارىيە كۆڭلىدىكى مارىيەگە ئوخشىمايۋاتاتتى. مارىيەنىڭ ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن كۆز ياش قىلىپ، كۆڭلىنى ئىزھارلى-

شى كۆڭلىدىكى كۆيۈۋاتقان يەرگە تەگمەيۋاتاتتى.
— بىزنىڭ ئۆتمۈشىمىزدە ئەسلىمە بولالىغۇدەك كەچمىش يوق، مەن سىزنى قەدىرلەيمەن، ئۆيگە بېرىڭ، سىزنى كۈتىمەن. مەن سىزنى تولۇق چۈشەندىم.
— ئەمدى كېچىكتۇق.
سادىر يەنە تۇرۇۋېرىشنى مۇۋاپىق كۆرمىدى بولغاي، كېتىشكە ئالدىراۋاتقاندەك كەيپىياتنى ئىپادىلىدى. ئۇنىڭ ياش بىر تۇل ئايال بىلەن تۇرغانلىقىنى بىرسى كۆرسە ياخشى تەسىر بەرمەيدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.
— ھېچبولمىغاندا ئارىلىشىپ ئۆتسەكمۇ بولىدىغۇ! ئاياللار ئۆزىنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان ئەرلەر ئۈچۈن باغرىنى يېرىپ بېرىشكىمۇ تەييار.
— بۇ يەر سۆزلىشىشكە مۇۋاپىق ئەمەس، بىر كۈنى سىزنى ئىزدەپ بارىمەن.
سادىر پەسكە چۈشۈپ كەتتى، مارىيەنىڭ يۈرىكىمۇ پەسكە چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك، كۆڭلى بىر قىسىملا بولدى. سادىرغا ئۇنىڭ تولغان جۈپ كۆكسى كىچىك چاغلىرىدا ئانىسى دوپپىدا تېڭىپ قويۇپ ساغىدىغان سېرىق ساغلىقنىڭ يېلىنىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى.
سادىر بۈگۈن زادىلا ئارام تاپالمىدى. تەقدىرنىڭ ئويۇنلىرى ئۇنى ھەيران قالدۇرماقتا ئىدى. تەلەپ قىلغان نەرسە ئاسان قولغا كەلمەيتتى، قولغا كەلسە ئېتىبارى بولمايتتى. ئادەم ھەۋەس قىلاتتى، ھەۋەسلىرى قانغاندا سەسكىنەتتى؛ ئىنتىلەتتى، ئىنتىلىشلىرى ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇراتتى. مارىيە سادىرغا كېچىكىپ نېسىپ بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا تىترەپ تۇرۇپ كۆڭلىنى ئىزھارلىغان مارىيە كۆڭلىدىكى مارىيەگە ئوخشىمايۋاتاتتى.
سادىر ئادەملەرگە ھەيران قالاتتى. بەزى ئاياللار ئەرلىرىنى بىر چىرايلىق باھانە - سەۋەب بىلەن ئالداپ، نەلەرگىدۇر كەتسە، بەزى ئەرلەر كۆز بويامچىلىق قىلىپ، كىملەرنىدۇر ئىزدەپ ماڭاتتى.

بالىلىرىنىڭ مۇھىم ھاجەتلىرىگە دەماللىقتا چىقمايدىغان پۇل پىنھان جايلاردا سىخىيلىق بىلەن خەجلىنەتتى، ئەمەلىيەتتە ئايالىنى ئىزدەپ ماڭغان ئەر ئۆزىنىڭ ئايالىغا تەڭ كەلمەيدىغان بىر ئايالنى، ئەرنى ئىزدەپ ماڭغان ئايال ئۆزىنىڭ ئېرىگە ھەر جەھەتتىن تەڭ كەلمەيدىغان بىر ئەرنى سېغىناتتى. بىرسىنى ئالداپ، بىرسىگە ئالدىنىپ ئېرىشىدىغان نەرسە زادى نېمە؟ كۆڭۈل نېمىشقا گۇناھقا يېقىن؟ سادىرغا شەھەر ئائىلىلىرىدە پاكلىقنى ساقلاپ قېلىش ناھايىتى تەسكە چۈشىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۆڭلى خۇشلۇق ئىزدەيتتى، كۆپ قىسمىنىڭ تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە ئىدى.

سادىر ئادىتى بويىچە كوچا ئايلانماقتا ئىدى. بەزمىخانا ئالدىغا پەۋەس تىزىلىپ كەتكەن قىممەت باھالىق ئالىي ماشىنىلار كۆزگە تاشلىناتتى. روھىدىن ھالقىپ سۇنئىي خاراكتېر پەيدا قىلغان مەيدىسى ئۆرە ئادەملەر كۆڭۈلنىڭ كەينىدىن ھەر تەرەپكە قاترىماقتا ئىدى. يول بويىدىكى قاۋاقخانىلارنى ھەر خىل ئادەملەر كىرىپ - چىقىپ ئاۋاتلاشتۇراتتى. خېرىدارلارنىڭ بەزىلىرى مەيدىسىگە قۇسۇپ بىئارام بولسا، بەزىلىرى خەندە قىلىپ كۈلۈشەتتى. بەزىلىرىنى خۇشامەتچىلىرى يۆلىۋالغان بولسا، بەزى كونا خۇشامەتچىلەر يېڭىدىن جان كىرىپ قالغاندەك مەغرۇر ئىدى. دېمەك، ھەر كىم ھەرخىل ئىشلارغا بەند ئىدى. سادىر شەھەرنىڭ قايسى بىر دوقمۇشىدىدۇر كىنو كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولاتتى. ئۇنىڭغا بۇنداق «كىنو» كۆرۈش پۇرسىتى ئايدا بىر ياكى ئىككى قېتىم كېلەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئائىلىسى يېزىدا بولۇپ، بۈگۈن شۇنداق پۇرسەت كەلگەن كۈن ئىدى. ئۇ ھەرقانچە كۆرمەسلىككە سالسىمۇ ھەممىسى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

— ھەي خىيال بەندىسى!

ئەركىن سادىرنىڭ دولىسىغا ئۇردى. ئەركىنمۇ كەچلىك تاماقتىن كېيىن كوچا ئايلىناتتى. سادىرنى كۆرۈش بىلەن كۆڭلى يايراپ كەتتى. ئۇ بىردەم سادىرنىڭ سەل كەينىدىرەك ماڭدى. سادىر چوڭ-

قۇر پىكىر يۇرگۈزۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— ئاسماندىن چۈشتىڭمۇ، يەردىن ئۈندۈڭمۇ؟

— يېنىڭدا بىردەم ماڭدىم، گەپ قىلمىسام كېتىۋەرگۈدەكسەن.

ئىككىسى تەڭلا كۈلۈشتى. ئۇلار شەھەرنىڭ ئاۋات مەركىزىي كوچىلىرىنى ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئەركىن ئۆيى تەرەپكە بۇ-رۇلدى، سادىرمۇ مەقسەتسىزلا كەينىدىن ئەگەشتى. ئۇلار ئۇچراشسا گېپى تۈگىمەيتتى. ئىككىسىنىڭ ئۇچرىشىشىمۇ ئاسانغا چۈشمەيتتى. چۈنكى، ھەر ئىككىسى ئالدىراش ئۆتەتتى.

— قارا! — دېدى ئەركىن شەرق تەرەپنى شەرەتلەپ.

قادىر خۇشامەتگۈيلۈق بىلەن ئېگىلىپ بېرىپ ماشىنىنىڭ ئىشى-كىنى ئاچتى. ئاندىن بادام قاپاق، تۇرقىدىن ماسلىشىشچانلىقى چى-قىپ تۇرغان، ئوتتۇرا بوي، بوينى ئۇزۇنراق بىر ئادەمنى ماشىنىغا يۆلەپ چىقىرىپ، ئۆزى ئارقا ئىشىكتىن ماشىنىغا چىقتى.

— قادىر شۇنداق قىلىپ نېمىگە ئېرىشتى؟ — سادىر ئەركىندىن سورىدى.

— شەھەر باشلىقى ياردەمچىسى بولدى.

— شۇنداقمۇ مەنسەپ بارمىكەن؟

— باركەن.

— دەرىجىسى نېمە ئۇنىڭ؟

— يېزا دەرىجىلىك.

— ئۇ بىچارە ناھىيە دەرىجىلىك كادىر بولۇۋالساڭ ھەممە چالاڭ پۈتىدۇ، دەۋاتقىنى نەۋاق، تېخىچە مەقسىتىگە يېتەلمەپتۇ- دە!

— ئۇنىڭدا ئۈمىد يوق، ياخشى ئىشلەشنى ئويلىماي، ئۆسۈش-نىڭلا كويىدا بولسا ئۆسەلەمدۇ؟ ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرىمۇ تازا ياخشى بولماۋاتىدۇ.

— بۇنداق بىچارە ئادەملەر ئەتراپىمىزدا بەك تولا، باشلىقنى كۆرسە ئۆزىنى سۈۋاپ ئاجىز ئاسلانغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۆزى تۆۋەنگە

چۈشسە گىدىيىپ، مەنچە ئادەم يوق دەيدۇ. ئاۋامغا ھەيۋە كۆرسىتىدۇ.

— دەرۋەقە خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان ئادەملەر ئۆزىچە ئاكتىپ بولۇۋالىدىكەن.

— قادىر ماشىنىغا يۆلەپ چىقارغان جاناب كىم؟

— شەھەر باشلىقى.

— ھېلىقى شەھەر باشلىقى شۇمۇ؟

— ھەئە.

— قادىر باشلىقىدىن كىچىسىمۇ ئايرىلالماسمىش.

— قادىر توغرۇلۇق ئېقىپ يۈرگەن گەپ- سۆز بەك تولا، ئاڭلاشلاردىن قارىغاندا ئۇ يۇمۇر ئۆگىنىپ، ئولتۇرۇشلاردا باشلىقلارنى كۈلدۈرىدىكەن، چوكان تېپىپ كۆڭلىنى ئالىدىكەن.

— شەھەر باشلىقى بولغان ئادەم تولا چاپىنىلىپ مەززىسى قالمىغان، تېتىقسىز گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرامدىكەن؟

— ئەگەر سورۇندا قادىر يوق بولۇپ قالسا نەدىن بولسا تېپىپ كېلەرمىش، ئۇ بولمىسا شەھەر باشلىقى ئولتۇرمايمىش.

— ئۇلار بۇ تارچۇقتا نېمىش قىلىدۇ؟

— بۇ يەردە ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى بار. ئۇلار چىققان يەر يېڭىدىن ئېچىلغان «يېڭى ئالتۇن كۆڭۈل ئېچىش شەھەرچىسى.»

سادىرنىڭ كۆزى ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىلغان ۋىۋىسكىغا چۈشتى. رەڭمۇرەڭ بايراقلار گويا ۋىۋىسكىنى يەلپۈپ تۇرغاندەك لەپىلدەيتتى. سادىر چۈشەنمىگەن تەلەپپۇزدا سورىدى:

— بۇ يەر نېمىش قىلىدىغان يەر؟

— سەن تېخى شۇ گەپتىما؟ ئۇ يەردە خېنىم قىزلار تۆت كۆز بىلەن خېرىدار كۈتۈپ تۇرىدۇ. شۇلار بىلەن نېمىش قىلسا بولۇۋېرىدۇ.

— ئۇلار ھەقىقەتەن ئەخلاقسىز ئادەملەر ئىكەن.
— ئەقىللىق، ئەخلاقلىق ئادەم ھەربىر قەدەمنى بىلىپ باسىدۇ. جەمئىيەت بىلەن ئۆزىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالايدۇ. تەشكىل بىلەن خىزمەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىلمىي ئاساستا يۈرۈشتۈرەلەيدۇ.
— قادىر خېلى ئەقىللىق يىگىت ئىدى. ئەخلاقى ياخشى بولمىغاچقا ئۇمۇ ئۆزىنى بىلەلمەي قاپتۇ.
ئەركىن سادىرنىڭ قادىر ھەققىدىكى گېپىگە قوشۇلمىغاندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئۇلار ئەركىننىڭ مەھەللىسىگە كېلىپ قېلىشقانىدى، ئىككىسى خوشلاشتى.
سادىر يېزىدا ئانىسى بىلەن بىللە تۇراتتى، چوڭ يولدىن قايرىلىپ، كەڭرى سايدىكى تونۇش چىغىر يولغا چۈشتى. ئەتراپ قاراڭغۇ بولۇپ، چىغىر يول ئاقۇش ھالەتتە كۆزگە تاشلىناتتى. كۆكتە يۇلتۇزلار سۇس چاقنايتتى، سادىر چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىگە سىڭىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنى ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك، ئىشەنچ بىلەن گۇمان، بەخت بىلەن بەختسىزلىكنىڭ خىيالىي تۇمانلىرى قويۇنىغا ئالماقتا ئىدى.
سادىر بۇ چىغىر يول بىلەن تالاي - تالاي قېتىم ماڭغان. چىغىر يول بىلەن يالغۇزلۇق ئۇنىڭغا كۆپلىگەن تۇرمۇش ھەقىقەتلىرىنى، يېڭى - يېڭى مەسىلىلەرنى ۋە شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بەرگەن، بۇ جەرياندا يېڭى ھېكمەتلەر، يالقۇنلۇق مىسرالار ئۇنىڭ روھىي ئالىمىدىن فونتاندەك ئېتىلىپ چىققان. شۇ تاپتا ئەقلى بەخت ئۈستىدە چوڭقۇرلاپ پىكىر يۈرگۈزۈشنى ئىستىسىمۇ دىققىتىنى يىغالمايۋاتاتتى. چۈنكى، قادىر ئۆز نەزىرىدە ئۆزىنى بەختلىك، سادىرنى بەختسىز ھېسابلايتتى. ئەمەلىيەتتە سادىر قادىرغا نىسبەتەن ھەر جەھەتتىن خاتىرجەم ۋە بەختىيار ئىدى. تەپەككۇر قاينىمىغا چۆكۈپ - لەيلەۋېرىپ، خىيالىي بىر دۇنياغا كىرىپ قالغان

سادىر ئالدىدىن بىر نەرسىنىڭ لوكۇلداپ ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن چۆ-
چۈپ ئېسىنى يىغدى. ئۇ بىر لالما ئىت ئىدى. ئاسماندا يۇلتۇزلا
سۇس چاقنايتتى. سامانيولى ئاسماننى ئىككىگە ئايرىپ شىمالدىن
جەنۇبقا سوزۇلۇپ ياتاتتى. سادىرنىڭ ئېسىگە تۇرۇپلا تولىمۇ مۇھىم
بىر نەرسە كېلىشۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېنىق
بىلمەيتتى. سادىر قوشۇمىسىنى قاتتىق تۈرۈۋىدى، شېئىر ئىكەنلىكى
مەلۇم بولدى. ئۇ تەبىئىتىدىن ھەم ئەمەلىي ئىقتىدارىدىن ئۆزىنى
شائىر سانايتتى، ھەۋەس، ئىشتىياق، قىزغىنلىقنىڭ تۈرتكىسىدە
نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغانىدى. ئۇنىڭ تەبىئىتىدىكى مەردانىلىك،
ئۆزىگە ئىشىنىپ ياشاش خاراكتېرى باشقىلارغىمۇ شائىر دېگەن تۇيغۇ-
نى بەرگەنىدى. ئۇ يازغان شېئىرلىرىنى بىرسىگە كۆرسەتمەيتتى ياكى
مەتبۇئات ئورۇنلىرىغا ئەۋەتمەيتتى. ئۇنىڭدىكى ئالاھىدە بىر ئارتۇق-
چىلىق ئۆز شېئىرلىرىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك يادقا ئوقۇيالايتتى. تېلېۋ-
ۋىزورلاردا مەيدىسىنى كېرىپ، ئۆزى يازغان شېئىرلارنى قەغەزگە
قاراپ ئىنجىقلاپ ئوقۇغان شائىرلارغا ئېچىناتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدىكى
شائىر بىرنەچچە يۈز كۇپلېت شېئىرنى يادقا بىلىشى كېرەك ئىدى.
ئۇ شېئىرغا كۆيەتتى، شېئىرنى سۆيەتتى. شېئىرلاردىكى تەپەككۇر
سىغىمچانلىقى، پىكىر قاراتمىلىقى، يوشۇرۇن شېئىرىي مەنىلەرنىڭ
كۆپلۈكى، ئاددىي ھەم چوڭقۇرلۇقى ئۇنى قاتتىق مەپتۇن قىلىۋالغانى-
دى. ئۇ ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ، قاچان يازغانلىقىنى ئۆزىمۇ ئۇنتۇپ
كەتكەن مۇنۇ شېئىرىنى ئۈنلۈك ئوقۇدى:

جۇدالىقتا چىدىماي پىغان چەكتىم سەن ئۈچۈن،
ئەپسۇس، ئەلدىن يوشۇرۇپ كۆز يېشىمنى يۇتىمەن.
باغلىرىڭنىڭ تاملىرى كۆرۈنىدۇ سۆيۈملۈك،
كۆيۈشلەردە ئۆرتىنىپ پەقەت سېنى كۈتىمەن.

مىنىڭ دوزاخنىڭ ئوتىدا قاقشال كەبى كۆيمەن،
ئارمانلىرىم غۇنچىسى چەيلەنگەچكە بوراندا.
گەرچە ئەسىر قىلسىمۇ سېنى تۇرمۇش زىندانى،
كېچە - كۈندۈز خىيالەن هازىر بولدۇڭ يېنىمدا.

تالاي - تالاي كېچىلەر كۆز ياش قىلىپ تىلىدىم،
ياراتقۇچى ئاللادىن بىرلا سېنى بەرگىن دەپ.
ئاچچىق - ئاچچىق شارابقا تولۇپ تۇردى پىيالەم،
ياشلىرىمغا چىلىدىم ئارمانلارنى ئېسەدەپ.

مىنىڭ كۆز بىلەن يولۇڭغا تەشنالىقتا باقىمەن،
يالقۇن بولساڭ پەرۋانىدەك ساڭا باغرىم ياقىمەن،
ۋىسالىڭدىن ئەنسىرەپ پاتما دەيمەن قۇياشقا،
ئىستەكلەردە هىجراننىڭ سائىتىنى چاقىمەن.

يانار تاغنىڭ تەپتى بار يارغا كۆيگەن ۋۇجۇدتا،
دوزاخ بىلەن بېھىشنىڭ پاسىلىدا تۇرىمەن.
تۇيغۇم قۇشى پەر قېقىپ، ئارمانلىرىم كۆلگەندە،
چىمەنلىكتە ۋەسلىنىڭ بەزمىسىنى قۇرىمەن.


ئۆزۈڭ ياققان ئوت بىلەن قەلبىم بولۇپ چۇچىلا،
تولغىنىمەن، هەر نەپەس ئۇلۇغ - كىچىك تىنىمەن.
جەننەتلىرىڭ تاقاقلىق، چۈشتۇم دوزاخ ئوتىغا،
چېكى يوقمۇ كۈتۈشنىڭ كۆرمەسمەنمۇ سېنى مەن؟

سادىر ئىلهامىلىنىپ قالغانىدى. شېئىر ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن رەنج، ئەلەم چەككەن شېرىن ۋىسال ئۈمىدىنى بەخش ئەتكەندەك

روھلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يەنە نېمىلەرنىدۇر ئوقۇغۇسى، كۆ-
ڭۈل ئارزۇلىرىنى دېگۈسى بولسىمۇ، لېكىن نەدىن باشلاپ، قەيەردە
ئاخىرلاشتۇرۇشنى بىلمەيتتى. يۇلتۇزلار غۇۋا يورۇتقان كەڭ دالا
ئۇنىڭغا ئىللىق قۇچىقىدا تەۋرىتىپ بەزلەۋاتقاندەك تۇيغۇ بەرمەكتە
ئىدى. ئۇ يالغۇزلۇقنىڭ، ئەقلىنىڭ شۇ يالغۇزلۇقتا جانغا بەخش
ئەتكەن ھۇزۇرى، روھقا بەرگەن ئىلھامىنىڭ غايىۋى لەززىتىنى سۇ-
رۇۋاتاتتى. ئىنسان بالىسى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئۆسۈپ
بالاغەتكە يەتكەندىلا ئۆزى بىلەن ئۆزى سىردىشىش، ئۆزىنى ئۆزى
قوللاش، ئۆزىنى ئۆزى چەكلەش، ئۆزىگە ئىشىنىشتىن ئىبارەت مەنى-
ۋى قۇدرەتكە ئېرىشەلەيتتى. ئۇنىڭ روھىدا شۇ كۈچ يېتىلگەچكە
ئادەملەرنىڭ ئاغزىدىن ھېكمەت ئاڭلاپ باقمايتتى، مەلۇم بىر شەيئى-
نىڭ قانۇنىيەتلىك بايانىنى تاسادىپىي ئىشىتىپمۇ قالمىغانىدى، ئاڭ-
لايدىغىنى پەقەت غەيۋەتلا ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئادەتتىكى كىشىلەر-
نىڭ كەينىدىن ئۆزىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان پاراڭلارنى ئىشتىياق
بىلەن قىلىش بىچارىلىك سانىلاتتى. ئۇ غەيۋەتچىلەرگە گۇپپاڭچى
بولۇپ قېلىشنى خالىمايتتى، ئاڭلىغان - كۆرگەن ئۇششاق - چۈش-
شەك زىددىيەتلەرنى زوق - شوق بىلەن تەكرارلىغۇچىلارغا مۇرەسسە-
سىز ھالدا قارشى تۇراتتى. پىنھاندىكى تەنھالىق ئۇنىڭغا ئەڭ زور
ھۇزۇر بېغىشلايتتى. چۈنكى، خىلۋەتتە نازۇك مەسىلىلەر ھەققىدە
چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزگىلى بولاتتى. ھەر بىر ئادەمدە بار بولغان،
لېكىن ئوخشىمايدىغان شەكىل ۋە مەزمۇندا ئىپادىلىنىدىغان تەن،
جان، روھ، ئىدىيە مۇناسىۋەتلىرىنى چۈشىنىشكە تىرىشاتتى. ھەر
دەقىقىلىق مەۋجۇتلۇقنىڭ خاسىيىتىنى قەدىرلەيتتى. ئەسىرلەردىن
بۇيان كىشىلەرنى ھەر خىل ۋاستە، ئۇسۇللار بىلەن كونترول قىلىپ
كېلىۋاتقان ھاكىمىيەت ۋە دىنلار ھەققىدە، ئوخشىمايدىغان دىنلارنى
ئوخشىمايدىغان تىل، ئوخشىمايدىغان ئۇسۇل بىلەن بەندىلەر ئارىسىغا
چۈشۈرگەن بۈيۈك قۇدرەت ئىگىسى ئاللا ھەققىدە تۈنلەرنى تاڭلارغا

ئۇلاپ خىيال قىلاتتى. بۇ ئەنسىز قاراڭغۇلۇقتىكى گۈزەل روھىي ئارامىلىقمۇ ئۇنىڭغا تاتلىق خىياللىرى ئاتا قىلغان مەنىۋى لەززەت ئىدى.

1996- يىلى يېزىلدى.
2000- يىلى تۈزىتىلدى.



Document generated by Anna's Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAxOTI0NDQuemlw",
"filename_decoded": "40192444.zip",
"filesize": 12445007,
"md5": "c3a94485c9d7f40d127ec99783779f41",
"header_md5": "249cd14363f7901d729f8b7a8675311b",
"sha1": "fdefd51b7aaed650124c697fd31fa805a6337ceb",
"sha256": "61fa2173dd696b271fbd80f61593f547049ca801b9351fe6e9fc4181613e8757",
"crc32": 3392991282,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 12709737,
"pdg_dir_name": "\u2591\u2510\u2567\u03a6\u2561\u2500\u2534\u0398\u2557\u03a9
\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40192444",
"pdg_main_pages_found": 183,
"pdg_main_pages_max": 183,
"total_pages": 191,
"total_pixels": 799690624,
"pdf_generation_missing_pages": false
}